# تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

# 吐鲁番学研究

# Turpanological Research

2005

1







شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نەشر ئەپكارى

# ئۆزاق دەۋرلىك تارىخي مەدەنىيەتنىڭ شاھىدى

جوغراپىيىلىك موھىت



1993- يىلي شىنجاڭ پىچان ناھىيىسىنىڭ يېرىز ئىستانسىسى ئەتراپىدىن غايەت زور بىر كەركىداننىڭ تاشقا ئايلانغان تاشقاتمىسى بايقالدى. بۇ تاشقاتما قوڭغۇر رەڭلىك لاي - لاتقا ئىچىدە بولۇپ، گېئولوگىيىلىك دەۋرى يېڭى ئېرا (تەخمىنەن 300 مىليون يىل ئىلگىرىكى) دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. تاشقا ئايلانغان كەركىداننىڭ پۇتىنىڭ ئېگىزلىكى بىلەن ئومۇرتقىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ھايۋاننىڭ ئالدى گەۋدىسى 4 مېتىردىن ئېگىز، ئۇزۇنلۇقى 8-9 مېتىر بولۇپ، ھازىرغىچە دۇنيا بويىچە ئەڭ تولۇق كەركىدان سۆڭىكىنىڭ تاشقاتمىسى ھېسابلىنىدۇ. كەركىداننىڭ پۈتۈن ئەۋرىشكىسى بىرلا ئورۇندىن قېزىۋېلىنغان. ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈشنى ئۆتكەن بولۇپ، بۇ تۇرپان رايونىنىڭ ئەينى چاغدىكى ئوسۇملۇكلەر تۈرى، ھايۋانلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە موھىتى، ھاۋا كېلىماتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.



قېدىرىش نەق مەيدانى



تاشقاتمىنى تازىلاش

吐鲁番学研究
(维吾尔文)
(2005年第1期 总第十一期)

编 委 会
主 任：阿不拉·卡斯木
副主任：阿不力木·克尤木
艾尔肯·伊明尼牙孜

主 编：
阿不力木·克尤木
特邀编审：
艾尔肯·伊明尼牙孜

编 辑：
阿不都古力·阿不利米提，艾尔肯·伊明尼牙孜，祖力菲亚，买买提，吾买尔，阿不都哈地尔

封 一：
伏羲女娲绢画，唐代。出土于阿斯塔那古墓168、宽82—117厘米，以红、白、黑、黄等颜 色采用线条和平涂法绘制。女娲右手执规，伏羲左手持矩，人首蛇身，是我国传说中人类的始祖。古有天圆地方说，规矩以成方圆，象征开天辟地。
封 四：
粟特文摩尼教书信，约为分元9—10世纪初的遗物。长268、高26厘米，存墨书粟特文134行，中间是一幅彩色插图，有一行金字标题。是摩尼教传教士夏夫鲁亚尔。扎达古写给东方教区的主教马尔。阿鲁亚曼。普夫耳的信。

# 目录

●吐鲁番学研究●

●吐鲁番盆地的形成 ........ 尤里瓦斯·拉西丁（1）
●论吐鲁番维吾尔人婚礼上的跃火习俗 ........... 艾合买提·伊明·伊力纳扎尔（10）
●高昌回鹘汗国的商业 .......... Peter Zieme[德]（15）

●古籍文献研究●

●论回鹘文契约 .................. S·Mollavotov（25）
●论高昌 —— Idikut 文书的种类和内容特点 ...... 阿什热甫·阿布杜拉·库特扎特等（30）
●关于回鹘文戏剧作品《弥勒会见记》之研究 ...... 艾克帕尔·霍加艾合买提 阿吉（40）
●论维吾尔文字在维吾尔文化史上的地位 ........ 艾比布拉·霍加（47）

●考古与文物研究●

●论吐鲁番果种植业 ......... 阿布里木·克尤木（58）
●关于吐峪沟千佛洞2号洞之清理情况 .......... 阿布杜古丽·阿布里米提（66）
●论在吐鲁番出土的伏羲与女娲 ............... (日)冈内三真（73）
●关于史学和考古学的关系 ..... 艾山江·居马洪（77）

●高昌文化研究●

●试论托克逊县境内的岸画 .................. 夏扎达·艾尔西丁（82）
●和田岸画研究 ........... 买买吐尔逊·司地克（86）
●维吾尔人首次使用的布币——高昌回鹘人的布币 阿迪力·穆罕默德·土兰（89）
●论“太平奴木”之名 ..............................（92）

●历史人物●

●著名维吾尔学家——James Hamilton 先生 ....... 艾尔肯·伊明尼亚孜·库特勒克（95）
●塔塔统阿 ............. M·Kebiror, M·Bakiyov（98）

شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نەشر ئەپكارى

2005 ـ يىل 1 ـ سان
تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى
(ئومۇمىي 11 ـ سان)

تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى:
ئابلا قاسىم

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:
ئابلىم قېيۇم
ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

باش مۇھەررىر:
ئابلىم قېيۇم

ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان
ئالىي مۇھەررىر:
ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

تەھرىرلىرى:
ئابدۇگۈل ئابلىمىت، ئەركىن ئىـ
مىننىياز قۇتلۇق، زۇلپىيە مۇھەمـ
مەت، ئۆمەر ئابدۇقادىر

## بۇ ساندا

### تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

تورپان ئويمانلىقىنىڭ پەيدا بولۇشى. . . . . . . . . بولۇاس راشىدىن ( 1 )
تورپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ نىكاھ ـ تويىدىكى ئوت ئاتلاش ئادىتى. . . . . . .
. . . . . . . . . . . . . . ئەھمەد ئىمىن ئەلنەرەز ( 10 )
قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سودا ئىشلىرى. . . . . . . . . . . . . . . .
. . . . . . . . . . . . . Peter Zieme (گېرمانىيە) ( 15 )

### يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتى

ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇنىي ھۆججەتلىرى. . . . . . . . . . . . . . . . .
. . . . . . . . . . . . S. Mollovotov, R. Sulätmanov ( 25 )
قوچو ـ Idiķut ھۆججەتلىرىنىڭ تۈرى ۋە مەزمۇن ئالاھىدىلىكى. . .
. . . . . . . . . . . . ئەشرەپ ئابدۇللا قۇتزات، رازىيە يۇنۇس ( 30 )
قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى دراما ئەسىرى «مايترى سىمىت» ئۇسـ
تىدە مۇلاھىزە. . . . . . . ئەكبەر غوجا ئەھمەد ھاجى (ئەلئوغلانى) ( 40 )
ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنى توغرىـ
سىدا. . . . . . . . . . . . ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى ( 47 )

### ئارخېئولوگىيە ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى

ئەجدادلىرىمىزنىڭ مېۋىچىلىكى توغرىسىدا. . . . . . . . . . . . . .
. . . . . . . . . . . . . . . ئابلىم قېيۇم ( 58 )
تويۇق مىڭ ئۆيىنىڭ 2 ـ نومۇرلۇق غارىنى رەتلەش ئەھۋالى. . . . . . .
. . . . . . . . . . . . . . ئابدۇگۈل ئابلىمىت ( 66 )
تورپاندىن قېزىۋېلىنغان ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانا توغرىسىدا . . . . . . . .
. . . . . . . . . . . . . . گاڭ نىيسەن جىن ( 73 )
تارىخشۇناسلىق بىلەن ئارخېئولوگىيىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا
. . . . . . . . . . . . . . ھەسەنجان جۇمەخۇن ( 77 )

### قوچو مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

توقسۇندىكى قىياتاش رەسىملىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش. . . . . . . . .
. . . . . . . . . . . . . . . . شازادەم ئەرشىدىن ( 82 )
خوتەن رايونىدىكى قىياتاش رەسىملىرى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىـ
نىش. . . . . . . . . . . . . . مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق ( 86 )
ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن تۇنجى رەخت پۇل — قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۆز
پۇلى. . . . . . . . . . . . . . . . . . . ئادىل تۇران ( 89 )
«تەيپۇنەم» نامى توغرىسىدا ئىزدىنىش. . . . . . . . قادىر غوپۇر ( 92 )

### مەشھۇر شەخسلەر

مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس — جامېس خامىلتون. . . . . . . . . . . . ( 95 )
تاتا تۇڭغا . . . . . . . . . . . . . . . . . M. Kebirov, M. Bak̡ iyov ( 98 )

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: ئىنسانلارنىڭ تۇنجى ئەجدادى دەپ قارىلىدىغان ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا رەسىمى (تۇرپاننىڭ ئاستانا قەدىمكى قەۋرىستانلىقىدىن تېپىلغان، ئېگىزلىكى 168cm، كەڭلىكى 117cm – 82 )

مۇقاۋىنىڭ 4 ـ بېتىدە: سوغدى يېزىقىدىكى مانى دىنى مەكتۇپى (مىلادىيىنىڭ 9 ـ 10 ـ ئەسىرگە تەۋە، ئۇزۇنلۇقى 268cm، ئېگىزلىكى 26cm، 134 سوغدىچە خەت بار، ئوتتۇرىسىدا بىر پارچە رەڭلىك رەسىم قىستۇرۇلغان، رەسىم ئوتتۇرىسىدا بىر قۇر ئالتۇن ھەللىك بېغىشلىما بار.

# تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ پەيدا بولۇشى

يولۋاس راشىدىن

«دۇنيادىكى ئەڭ پەس ئويمانلىقلارنىڭ بىرى» ، «دۇنيادا ئەڭ مول ئوچۇق ئارخېئو مۇزېي» دەپ تەرىپلىنىدىغان تۇرپان ئويمانلىقى تۇرپان، توقسۇن، پىچان ئۈچ شەھەر — ناھىيىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ 67 مىڭ 280 كۋادرات كىلومېتىر زېمىنىنىڭ 75%تىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ غەربتىن شەرققە ئۇزۇنلۇقى ئالغۇيدىن يەتتە قۇدۇقچە 245 كىلومېتىر، شىمالدىن جەنۇبقىچە كەڭلىكى بۇغدا تېغىدىن چۆلتاغقىچە 75 كىلومېتىر بولۇپ، يەر مەيدانى 50 مىڭ 147 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. تۇرپان ئويمانلىقى شىمالىي شىنجاڭدىكى جۇڭغار ئويمانلىقىدەك ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تارىم ئويمانلىقىدەك تەكشى ۋە چوڭ ئەمەس — جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربتىن شەرققە ئۇزۇنلۇقى 1120 كىلومېتىر، شىمالدىن جەنۇبقا كەڭلىكى 800 كىلومېتىر، يەر مەيدانى 380 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شىنجاڭنىڭ 1 مىليون 650 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىنىنىڭ 23% تىنى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربتىن شەرققە ئۇزۇنلۇقى 1400 كىلومېتىر، شىمالدىن جەنۇبقا كەڭلىكى 550 كىلومېتىر، يەر مەيدانى 530 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شىنجاڭ زېمىنىنىڭ 32% تىنى ئىگىلىسە، تۇرپان ئويمانلىقى شىنجاڭ زېمىنىنىڭ ئاران 0.3% تىنى ئىگىلەيدۇ؛ شۇنىڭدەك تۇرپان ئويمانلىقى جۇڭغار ۋە تارىم ئويمانلىقىدەك ئېگىز ئەمەس — جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دېڭىز يۈزىدىن 1000 مېتىر ئېگىز، پەس جايلىرىمۇ دېڭىز يۈزىدىن 500 مېتىردىن يۇقىرى، ئەڭ پەس جاي بولغان ئېبىنۇر كۆلىمۇ دېڭىز يۈزىدىن 190 مېتىر ئېگىز، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلار 4000 ـ 6000 مېتىر كېلىدۇ، ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسى دېڭىز يۈزىدىن 800 ـ 1300 مېتىر ئېگىز، ئويمانلىق بويىچە ئەڭ پەس ھېسابلىنىدىغان لوپنۇر كۆلى بولسا دېڭىز يۈزىدىن 760 مېتىر يۇقىرى، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى نىسبىي تەكشى بولمىغاننىڭ ئۈستىگە، دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەن جايلارمۇ بار. ئويمانلىقنىڭ دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەن بولغان قىسمى 4050 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن ئويمانلىقنىڭ 8.1% تىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ 4050 كۋادرات كىلومېتىر ئىچىدە دېڭىز يۈزىدىن 100 مېتىرغىچە تۆۋەن بولغان قىسمى 1965 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن ئويمانلىقنىڭ 4%تىنى، دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەن قىسمىنىڭ 48.5%تىنى؛ دېڭىز يۈزىدىن 100 مېتىردىن تۆۋەن بولغان قىسمى 2085 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن ئويمانلىقنىڭ 4.1%تىنى، دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەن قىسمىنىڭ 51.5%تىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئايدىڭكۆلنىڭ سۇ يۈزى ھەتتا دېڭىز يۈزىدىن 164 مېتىر تۆۋەن.

تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ھازىرقى قىياپىتى ئۈستىدە تېخىمۇ تەپسىلىي توختىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىش مۇمكىن.

تۇرپان ئويمانلىقى ئايدىڭكۆلنى ئۈچ قات ئوراپ تۇرغان ئۈچ بەلباغقا بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى بەلباغ — تاغلىق. تۇرپان ئويمانلىقىنى سىرتتىن ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ. شىمالدا تەڭرىتاغنىڭ بىر قىسمى بولغان بۇغدا تاغلىرى بار، ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 255 كىلومېتىر، كەڭلىكى 70 ـ 80 كىلومېتىر، چوققىسى بۇلۇتقا تاقىشىپ تۇرىدۇ. بۇغدا

2005.1

تاغلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن ئاشىدۇ، بوغدا چوققىسى تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرى بولۇپ، ئېگىزلىكى 6500 مېتىرغا بارىدۇ (بەزى ماتېرىياللاردا 5445 مېتىر دېيىلىدۇ). قار سىزىقى ئادەتتە 4500 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئۈستىدىكى 2000 مېتىردەك قىسمىنى قىش - ياز قار - مۇز قاپلاپ تۇرىدۇ. تاغ چوققىسىدا مەشھۇر سەيلىگاھ — تەڭرى كۆلى بار. كۆلنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1980 مېتىر (بەزى ماتېرىياللاردا 1910 مېتىر دېيىلىدۇ)، كۆلنىڭ تېرەنلىكى 100 مېتىر ئەتراپىدا. بوغدا تېغىنىڭ ئۈرۈمچىدىن تۇرپانغىچە بولغان ئىككى يېنى چوكۇك بەلباغلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئېگىزلىكى 1400 مېتىردىن ئاشمايدۇ. بوغدا تاغلىرى غەربىي شىمالدىن سۈرۈلۈپ كەلگەن نەم ھاۋانى ئاساسەن توسۇپ قالىدىغىنى ئۈچۈن، جەنۇبىي يانباغرىنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلىنىشى شىمالىي يانباغرىغا قارىغاندا كۆپ شالاڭ، تۇتاش كەتكەن ئورمانلىقلارمۇ بار، ھۆل - يېغىن كەم. تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ غەربىي تەرىپىدە قارائۇچىن تاغلىرى بار، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 4000 مېتىر ئەتراپىدا. ئويمانلىقنىڭ جەنۇبىدا چۆلتاغ بار. بۇ تاغ ئانچە ئېگىز ئەمەس، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 600 ـ 1500 مېتىر ئەتراپىدا، ئۈستىدە يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر يوق ھېسابىدا، نۇرغۇن يەرلىرى ھەتتا بىر تالمۇ گىياھ ئۈنمىگەن تاقىر.

چۆلتاغ يەر تۈزۈلۈشى پەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە، غەربىي شىمالدىن كېلىدىغان نەم ھاۋانى شىمالدىكى بوغدا تاغلىرى ئاساسىي جەھەتتىن جەنۇبقا ئۆتكۈزمەي تۇرۇۋالىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھاۋاسى قۇرغاق، يامغۇر تولىمۇ ئاز ياغىدۇ، ئۈستىدە ئۇ يىل - بۇ يىل قار توختىمايدۇ، يىل بويى تاقىر تۇرىدۇ، شىمالىي تاغ باغرىدىكى يېشىلچىلىققا سېلىشتۇرغاندا، چۆلتاغنىڭ «چۆل» لۇكى تېخىمۇ ئېنىق نامايان بولىدۇ. ئويمانلىقنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، پىچان ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدا قۇمتاغ بار، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 600 ـ 1500 مېتىر ئارىلىقىدا، كۆلىمى 2500 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ ھەر خىل يۆنىلىشتىكى بورانلار ئۇچۇرۇپ كەلگەن قۇملارنىڭ توپلىنىشىدىن ۋە ئۆزىدىكى جىنىسلارنىڭ يىمىرىلىشىدىن شەكىللەنگەن. بۇ تاغدا بىر تالمۇ گىياھ يوق، ئۇ ئۆلۈك قۇم دېڭىزىدىن ئىبارەت.

تاغلىق بەلباغنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 31 مىڭ 666 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتكۈل تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ 63% تىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئىككىنچى بەلباغ — شېغىللىق. تاغلىق رايوندىن ئويمانلىقنىڭ ئىچىگە قاراپ ماڭسا، شېغىللىق باشلىنىدۇ. ئويمانلىقنى ئوراپ تۇرغان شېغىللىقنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى ئېگىزلىكى ۋە كەڭلىكى ئوخشىمايدۇ. شىمال تەرەپتىكى شېغىللىق دېڭىز يۈزىدىن 1014 مېتىردىن 388 مېتىر ئېگىزلىككىچە سوزۇلغان بولۇپ، كەڭلىكى 8 ـ 10 كىلومېتىر كېلىدۇ. غەرب تەرەپتىكى شېغىللىق دېڭىز يۈزىدىن 1000 مېتىردىن 400 مېتىر ئېگىزلىككىچە يېيىلىپ ياتىدۇ، كەڭلىكى 10 ـ 20 كىلومېتىر كېلىدۇ. لېكىن، جەنۇب تەرەپ چۆلتاغدىكى شېغىللىق ھەم پەس، ھەم تار بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 200 مېتىر ئېگىزلىكتىن 140 مېتىر ئېگىزلىككىچە داۋاملىشىدۇ، كەڭلىكى ئاران بىر نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شىمالدىكى بوغدا ۋە غەربتىكى قارائۇچىن تاغلىرى ئېگىز، جەنۇبتىكى چۆلتاغ پاكار، تاغ قانچە ئېگىز بولسا، تاغ باغرىدىكى شېغىللىق شۇنچە ئېگىز بولۇپ، شۇنچە كەڭلىكتە يېيىلىپ ياتىدۇ. تاغ قانچە پاكار بولسا، يانباغرىدىكى شېغىللىق شۇنچە پەس ۋە تار دائىرىدە يېيىلىدۇ. چۈنكى شېغىللىق بەلباغدىكى شېغىللار ئەتراپىدىكى تاغلاردىن كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، شىمالدىكى ۋە غەربتىكى شېغىللىق بەلباغ ھەم ئېگىز، ھەم كەڭ، جەنۇبتىكىسى ھەم پەس، ھەم تار. شېغىللىق بەلباغدا قاتتىق يامغۇر ياغقاندا ئاققان قىيان ئىزلىرىدىن باشقا، ئاقىدىغان سۇ تاپقىلى بولمايدۇ. شىمالدىكى قارلىق تاغدىن ئېرىگەن سۇلار شېغىللىققا كەلگەندە تامامەن سىڭىپ

2005.1

كېتىپ، يەر ئاستى سۈيىگە ئايلىنىدۇ. شۇڭا، شېغىللىقتا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر تولىمۇ ئاز بولۇپ، ئاندا ـ ساندا بىرەر يېرىم تۈپ چۆل ئۆسۈملۈكلىرى ئۇچرايدۇ، هايۋان ۋە قۇشلارمۇ شالاڭ. بوران چىققاندا ئېرىق ـ ئۆستەڭ ۋە كارىزلارنى تىندۇرۇپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى كۆمۈپ، بوستانلىققا ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان قۇملار مۇشۇ شېغىللىق بەلباغدىن كېلىدۇ، ياغىدىغان توپىمۇ مۇشۇ شېغىللىقتىن كېلىدۇ. تومۇز ئىسسىقلاردا يەرلەرنى قاغجىرىتىپ، زىرائەتلەرنى قۇرۇتۇپ، هاياتلىققا تەهدىت سالىدىغان كۆيدۈرگۈ ئىسسىق شامالLARنىڭ مەنبەسىمۇ مۇشۇ شېغىللىقلاردۇر.

شېغىللىق بەلباغنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 14 مىڭ 191 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن ئويمانلىقنىڭ 28% تىنى ئىگىلەيدۇ.

ئۈچىنچى بەلباغ — بوستانلىق. شېغىللىقتىن ئويمانلىقنىڭ مەركىزىگە قاراپ داۋاملىق ئىچكىرىلەپ ماڭسا، ياپيېشىل بوستانلىقلارغا بارغىلى بولىدۇ. بوستانلىقلار مەدەنىي ئۆسۈملۈكلەر ئۆستۈرۈلىدىغان، ئۆي هايۋانلىرى بېقىلىدىغان، كىشىلەر تىرىكچىلىك قىلىدىغان، هەم هاياتنى ساقلايدىغان ۋە ئاۋۇيدىغان يەرلەردۇر. بۇ يەرلەر تۇرپان خەلقىنىڭ نەچچە ئون مىڭ يىللاپ قان ـ تەر تۆكۈپ، جاپالىق ئەمگەك قىلىپ ئېچىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن ئېزىز دىياردۇر. تارىخىي شاهىد ئىزنالار ۋە تارىخىي مەدەنىيەت سەمەرەلىرىمۇ ئەنە شۇ بوستانلىقلاردا ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپلىرىدا بولىدۇ. بوستانلىقنىڭ غەربتىن شەرققە ئۇزۇنلۇقى 110 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 39 كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 4 مىڭ 290 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن ئويمانلىقنىڭ 9%تىگە يېقىن قىسمىنى ئىگىلەيدۇ.

هازىرقى كۈندە تۇرپان ئويمانلىقى ئىسسىق ۋە قۇرغاق دېگەن ئىككى سۆز بىلەن سۈپەتلىنىدۇ. ئىسسىقلىقى جەھەتتە، ياز ئايلىرىدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 37℃ تىن يۇقىرى بولىدۇ، يەر يۈزى تېمپېراتۇرىسى 70℃ تىن ئېشىپ كېتىدۇ، هەتتا 80℃ قا يېتىدۇ، هەقىقەتەن قۇمغا تۇخۇم كۆمسە، تاشقا نان ياقسا پىشىدۇ دېگۈچىلىكى بار؛ قۇرغاقلىقى جەھەتتە، يىللىق ئوتتۇرىچە هۆل ـ يېغىن مىقدارى 16.6 مىللىمېتىر بولسا، يىللىق هورغا ئايلىنىش مىقدارى 3000 مىللىمېتىردىن ئارتىپ، هورغا ئايلىنىپ كەتكىنى يېغىپ كەلگىنىدىن 180 هەسسىدىن كۆپرەك ئېشىپ كېتىدۇ (پەقەت تۇرپان شەهىرىنىڭ هۆل ـ يېغىن ۋە هورلىنىش مىقدارى ئېلىندى).

تۇرپان خەلقى ئەنە شۇ يېلىنجاپ تۇرغان ئىسسىق، چاڭقاق قۇرغاق ئويمانلىقتا ياشاپ، دۇنيا خەلقى ئوقۇپ تۈگەتكۈسىز تارىخىي مەدەنىيەت سەهىپىلىرىنى يازغان، دۇنيا خەلقى تاڭ قالغۇدەك تارىخ ياراتقان، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان قەدىمىي «يىپەك يولى» نىڭ ئوتتۇرا بەلبېغىدا تۇرۇپ، ياۋروپا ـ ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۆزئارا باردى ـ كەلدى قىلىپ، دادى مۇئامىلىدە بولۇپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ئۈچۈن، بۇ يولنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش، راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش يولىدا ئىچكى ـ تاشقى بۇزغۇنچى كۈچلەر بىلەن قان كېچىپ جەڭلەر قىلىپ، كىشىنىڭ يۈرەك تارىسىنى چېكىپ، قەلبىنى تىترەتكۈزگىدەك سانسىز قەهرىمانلىق داستانلىرىنى ياراتقان، بۇ يولدا هېسابسىز خالىس قۇربانلارنى بەرگەن.

ئەمىسە، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ هازىرقى قازانسىمان قىياپىتى هەم «ئىسسىق» ۋە «قۇرغاق» دېگەن سۈپىتى «تۇغۇلۇشىدىنلا پېشانىسىگە پۈتۈلگەن» ئاتا مىراس «تەۋەرۈك» مۇ؟

تۇرپان بۇرۇن پۈتۈن شىنجاڭ زېمىنى بىلەن بىرلىكتە تاكى ئوتتۇرا دېڭىزغىچە سوزۇلغان پايانسىز ئوكياننىڭ بىر قىسمى ئىدى، ئارخېئولوگلار تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى شاپتۇللۇق كەنتىنىڭ يېنىدىكى تاقىر تاغ بېشىدىكى قەدىمكى هايات ئىراسى① نىڭ ئاخىرقى دەۋرى بولغان پېرم دەۋرى② گە تەئەللۇق بولغان يەر قاتلىمىدىن قەدىمكى تېرىسكا بېلىقلىرىنىڭ ئورغۇن تاشقاتمىلىرىنى تاپقان. بۇ بېلىقلار

نۇرغۇن جەھەتلەردە ھازىرقى ترىپسكا بىلىقلىرىدىن پەرقلىق بولغان. شۇڭا، ئالىملار ئۇلارغا «تۇرپان ترىپسكا بىلىقى» دەپ قولاقتا يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان چىرايلىق ئات قويغان. تۇرپان ترىپسكا بىلىقلىرى يېتەرلىك دەرىجىدىكى چوڭقۇر تاتلىق سۇدا ياشايدىغان بېلىق تۈرى بولغان. تۇرپان ترىپسكا بىلىقىنىڭ تاشقاتما ئەۋرىشكىلىرى تېپىلغان يەر قاتلىمىدا دېڭىزدا (تۇزلۇق سۇدا) ياشايدىغان ئۇمۇرتقىسىز ھايۋانلارنىڭ تاشقاتمىلىرى بايقالمىغان، بۇ ئەھۋال تۇرپان ترىپسكا بىلىقلىرى تۇزلۇق سۇدا ياشاشقا كۆنمىگەن بېلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. كېيىنچە، سۇنىڭ تېيىزلىشىشى ۋە سۇ تەركىبىدە تۇز مىقدارىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن، بۇ بىلىقلار ئۆزى ئادەتلەنگەن ياشاش مۇھىتىدىن ئايرىلىپ، جىنىدىن جۇدا بولۇپ، دېڭىز تەكتىگە چۆكۈپ، تاشقاتمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ تۇرپان ۋادىسى بۇنىڭدىن 230 مىليون يىللاردىن ئىلگىرى تىرەن تاتلىق سۇ ئاستىدا ئىكەنلىكىنى، ئۇ چاغلاردا بۇ ۋادا دائىرىسىدە قۇرۇقلۇقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

شاپتۇللۇقتىكى تۇرپان ترىپسكا بېلىقى تېپىلغان يەر قاتلىمىنىڭ بىر قەۋەت ئۈستىدىكى قاتلامدىن ئىككى چىشلىق ھايۋانلارنىڭ تاشقاتمىسى تېپىلدى. بۇ ئىككى چىشلىق ھايۋانلار ئىچىدە ئارخېئولوگلار «تۇرپان ھايۋىنى» ۋە «جىمسار ھايۋىنى» دەپ ئات قويغان ھايۋانلارمۇ بار. ئەگەر تۇرپان ترىپسكا بىلىقىنىڭ تاشقاتمىسى تېپىلغان يەر قاتلىمى تۇرپان ئارخېئولوگىيىسى بۈيۈك ئەسىرىنىڭ بىرىنچى بېتى دېيىلسە، تۇرپان ھايۋىنىنىڭ تاشقاتمىسى تېپىلغان يەر قاتلىمىنى بۇ كاتتا ئەسەرنىڭ ئىككىنچى بېتى دېيىشكە بولىدۇ. تۇرپان ھايۋىنى دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ مەخلۇق ئۆمىلىگۈچى ھايۋان بولۇپ، تېنى ئىخچام ۋە قىسقا، بېشى يوغان، بوينى يوق ھېسابىدا، قۇيرۇقى كالتا (بۇلارنىڭ سۈرىتىنى تۇرپان ۋىلايەتلىك موزېيدىن كۆرۈشكە بولىدۇ)، ئەركەكلىرىنىڭ ئۈستۈنكى ئېڭىكىدىكى يوغان ئىككى تال چىش ئۇلارنىڭ «ئىككى چىشلىق ھايۋانلار» دەپ ئاتىلىشىغا ئاساس بولغان. ئىككى چىشلىق ھايۋانلار تېيىززاق ساسلىقلاردا ياشايدۇ، ئوت-چۆپ بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئۇلار پېرم دەۋرىنىڭ ئاخىرىقى باسقۇچلىرىدا ياشىغان ۋە ئاۋۇغان ئوتخور ئۆمىلىگۈچى ھايۋان بولۇپ، ئوتتۇرا ھايات ئېراسىنىڭ ③ دەسلەپكى دەۋرى بولغان ترىئاس دەۋرىگە ④ كەلگەندە تۈركۈملەپ قىرىلىپ تۈگىگەن.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پېرم دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىغا (مۇندىن 230 مىليون يىل بۇرۇنقى ۋاقىتلارغا) كەلگەندە، تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى بەزى جايلاردا سۇ يۈزى تۆۋەنلەپ، ئانچە تىرەن بولمىغان سازلىقلار ھاسىل بولغان، ھاۋا نەمخۇش ۋە ئىللىق بولغاچقا، ئوت-چۆپلەر بۇلۇق ئۆسۈپ، ئوتخور ھايۋانلارنى ئوزۇق بىلەن يېتەرلىك تەمىنلىگەن. ئىككى چىشلىق ھايۋانلار سۇ تېگىدىكى قۇرۇقلۇقتا پۇتى يەتمەيدىغان يەرلەردە ئۈزۈپ، پۇتى يېتىدىغان يەرلەردە ئۆمىلەپ مېڭىپ، مول ئوت-چۆپلەرنى بولۇشىغا يەپ بەھوزۇر ياشىغان ۋە نەسىل قالدۇرۇپ كۆپەيگەن. بىراق ھايات شارائىتى ئۆزگىرىپ، ئاقىۋەت تۈركۈملەپ ئۆلۈپ تۈگەش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمىغان. بۇنىڭغا سۇ يۈزى تېخىمۇ تۆۋەنلەپ، ئۇلار ھاياتىنى داۋاملاشتۇرغىدەك ۋە نەسىل قالدۇرۇپ ئاۋۇغىدەك دەرىجىدە يېتەرلىك سۇ قالمىغانلىقى سەۋەب بولغان.

ئەمدى تۇرپان ئارخېئولوگىيىسى بۈيۈك ئەسىرىنىڭ ئۈچىنچى بېتىنى ۋاراقلاپ باقايلى:

تۇرپان ھايۋىنى تاشقاتمىسىنىڭ ئەۋرىشكىسى جايلاشقان يەر قاتلىمىنىڭ يەنە بىر قەۋەت ئۈستىدىكى قاتلامدىن لىستروساۋرۇسلارنىڭ تاشقاتمىسى بايقالغان. بۇ ھايۋاننىڭمۇ ئۈستۈنكى ئېڭىكىدە ئىككى تال ئۇزۇن چىشى بولۇپ، ئىككى چىشلىق ھايۋانلار قاتارىغا كىرىدۇ. لىستروساۋرۇسلار ئوتتۇرا ھايات ئېراسىنىڭ ترىئاس دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ياشىغان قوش ماكانلىق ھايۋان بولۇپ، سۇدىمۇ، قۇرۇقلۇقتىمۇ ياشايدۇ. قىسقا تۆت پۇتى سۇغا كىرگەندە ئۈزۈشكە، قۇرۇقلۇققا چىققاندا گەۋدىسىنى كۆتۈرۈش ۋە يول يۈرۈشكە ئەسقاتىدۇ،

قۇيرۇقىمۇ كالتا، چوققىسى بىلەن تۇمشۇقىنىڭ ئوتتۇرىسى بۇلۇڭلۇق ئېگىلگەن، بۇرۇن تۆشۈكىنىڭ ئورنى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ، ئادەتتە كۆللەردە ۋە كۆل ياقىسىدا توپ ـ توپ بولۇپ ياشايدۇ، ئوت ـ چۆپ بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

ترىئاس دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىغا (مۇندىن 200 مىليون يىللار بۇرۇنقى ۋاقىتلارغا) كەلگەندە تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا كانىبمېيىردلار ۋە پسېۋدوسۇسلار بارلىققا كېلىپ بۇ زېمىننىڭ خوجايىنىغا ئايلانغان. كانىبمېيىردلار قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان ئۆمىلىگۈچى ھايۋان. ئۇلارنىڭ ئۈستۈنكى ئېڭىكىدە ئىككى تال يوغان چىشى بولۇپ، بۇرۇنقى ئىككى چىشلىق ھايۋانلارنىڭ (ئەڭ دەسلەپكى تۇرپان ھايۋىنىنىڭ) كېيىنكى نەسلى ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئوت ـ چۆپنى ئوزۇق قىلىدىغان ھايۋان. كانىبمېيىردلار تۇرپان زېمىنىدا پەيدا بولغان تۇنجى قۇرۇقلۇق ھايۋىنى ھېسابلىنىدۇ.

پسېۋدوسۇسلار (تىمساقسىمان كەسلەنچۈكلەر) مۇ قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان ئۆمىلىگۈچى ھايۋان. ئۇ تۇرپان دىيارىدا پەيدا بولغان تۇنجى ئېزىق چىشلىق ھايۋان بولۇپ، ئاغزىدا ئون نەچچە تال ئۆتكۈر چىشى بار. ئۇ بېلىق، ئۆمىلىگۈچى ھايۋان ۋە ئومۇرتقىسىز ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەپ جېنىنى ساقلايدۇ ۋە ئاۋۇيدۇ. بۇ ھايۋان گەرچە تۆت پۇتلۇق بولسىمۇ، ئىككى پۇتى ئۇزۇن، ئىككى پۇتى قىسقا بولۇپ، قارىغاندا ئىككى پۇتلۇق مېڭىشقا يۈزلەنگەن تۇنجى ھايۋان بولۇشى مۇمكىن. ئالىملار پسېۋدوسۇسلارنى كېيىنكى دىنوزاۋىرلارنىڭ ئەجدادلىرى بىلەن توغقانلىق مۇناسىۋىتى بولۇشى مۇمكىن دەپ قىياس قىلىشىدۇ.

ترىئاس دەۋرىدە ئاۋال سۇدىمۇ، قۇرۇقلۇقتىمۇ ياشايدىغان لىستروساۋرۇسلارنىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان كانىبمېيىردلار ۋە پسېۋدوسۇسلارنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى بۇنىڭدىن 225 مىليون يىللار بۇرۇنقى ۋاقىتلارغا كەلگەندە، تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى بەزى جايلاردا ئاللىبۇرۇن سۇ يۈزى تۆۋەنلەپ، بەزى قۇرۇقلۇقلار بارلىققا كېلىپ، سۇنى سازلىقلارغا ۋە چوڭ ـ كىچىك كۆللەرگە بۆلۈۋەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇ يىللىرى سۇدىن بورتۇپ چىققان ئەنە شۇ قۇرۇقلۇقلار ھازىرقى تۇرپان ۋادىسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى قۇرۇقلۇق قىسمى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋرنىڭ ئاخىرلىرىغا (بۇنىڭدىن 200 مىليون يىللار بۇرۇنقى ۋاقىتلارغا) كەلگەندە، سۇ يۈزى داۋاملىق تۆۋەنلەپ قۇرۇقلۇق يۈزى كېڭەيگەن، بۇنىڭ بىلەن مەخسۇس قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرى بىمالال ياشىغۇدەك كەڭتاشا زېمىن بارلىققا كەلگەن.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، گەرچە 220 ـ 225 مىليون يىللار ئىلگىرى شاپتۇللۇق ئەتراپلىرىدا تۇرپان ۋادىسىنىڭ زېمىنىگە ئاساس بولغان تۇنجى قۇرۇقلۇق بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، بۇ قۇرۇقلۇق چەكسىز دېڭىزنىڭ ئىچىدىكى كىچىككىنە قولۋاقتەكلا بولۇپ، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇنىڭ قۇرۇقلۇق دېگۈچىلىكىمۇ يوق ئىدى. ئۇ چاغلاردا ھازىرقى جۇڭغارىيە چۆللۈكلىرى بىلەن تارىم ئويمانلىقلىرى دېڭىز تەكتىدە ئىدى. تەڭرىتاغ بىلەن ئاسمانغا بوي تارتقان قاراقۇرۇم تاغلىرىمۇ سۇ ئاستىدا ئىدى. تۆت ئەتراپىغا قارىسا ئۆركەشلەپ تۇرغان پايانى يوق كۆپكۆك سۇدىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيتتى. شۇنداقتىمۇ، شاپتۇللۇقتىكى بۇ كىچىككىنە قۇرۇقلۇقنىڭ دائىرىسى سۇ يۈزىنىڭ ئاستا ـ ئاستا تۆۋەنلىشى بىلەن داۋاملىق كېڭىيىپ باردى، سۇ ئۆسۈملۈكلىرىدىن باشقا قۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلىرى پەيدا بولدى. سۇ ھايۋانلىرىدىن باشقا قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىمۇ بارلىققا كەلدى. ئۇلار ئاۋۇپ ـ كۆپىيىپ باردى، يىللارمۇ مىليونلار ھېسابىدا ئۆتۈۋەردى.

مۇندىن 70 مىليون يىللار بۇرۇنقى ۋاقىتلارغا كەلگەندە، تۇرپان تەۋەسىدىكى شاپتۇللۇقتىن باشقا، سىڭگىم، سۇ بېشى، لەمجىن، كۆكيار، چىقتىملارمۇ قۇرۇقلۇققا ئايلىنىپ، قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار

تۇركۇملەپ بارلىققا كەلگەن. ئارخېئولوگلار بۇ
يەرلەردىن يېڭى ھايات ئېراسىنىڭ⑤ ئۈچىنچى
دەۋرىنىڭ ⑥ پالېئوتسېن باسقۇچىدا ⑦ (ئېپو-
خاسىدا) ياشىغان سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ
ئون نەچچە تۈرىنىڭ تاشقاتما ئەۋرىشكىلىرىنى
بايقىدى، بۇ باسقۇچ سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ
تەرەققىياتىدىكى مۇھىم باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ.
دىنوزاۋىرلارنىڭ ئەمدىلا نەسلى قۇرۇپ تۈرۈ-
شىغا ⑧، سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار ئۇنىڭ ئور-
نىنى بېسىپ كۆپەيگەن، تۇرپاندىن تېپىلغان
مۇشۇ سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلاردىن دىنوسېرات
ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈش ئارتۇقلۇق
قىلمايدۇ.

دىنوسېراتلار تۇياقلىقلار ئەترىتىگە كى-
رىدىغان سۈت ئەمگۈچى ھايۋان بولۇپ، تېنى
يوغان ۋە كېلەڭسىز، بېشىدا ھەمىشە كۆپ
بولغاندا ئۈچ جۈپ مۈڭگۈز سۆڭەكلىرى چىقىپ
تۇرىدۇ، كۆپلىرىنىڭ بىر جۈپ ئۇزۇن خەنجەر-
سىمان چىشى بولىدۇ. شۇڭا، بۇ مەخلۇق قارى-
ماققا تولىمۇ قورقۇنۇچلۇق كۆرۈنىدۇ، ئېزىق
چىشىنىڭ ئۈچى بىر-بىرىگە تۇتۇشۇپ V شە-
كىللىك يالغۇز خوردا ھاسىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ
تاشقاتمىلىرى دەسلەپتە ياۋرو-ئاسىيا چوڭ قۇ-
رۇقلۇقى ۋە شىمالىي ئامېرىكىدىن تېپىلغان.
بۇ تاشقاتمىلار پالېئوتسېن دەۋرىنىڭ ئاخىرى ۋە
ئېئوتسېن باسقۇچىغا ⑨ تەۋە يەر قاتلاملىرىغا
ماكانلاشقان. بۇ ھايۋاننىڭ تاشقاتمىلىرى ئامې-
رىكا قۇرۇقلۇقىدىن تېپىلغان چاغدا، جۇڭگودا
ئۇنىڭ ئىزى تېپىلمىغان بولۇپ، بۇ بىر بوش-
لۇق ھېسابلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر
دىنوسېراتلارنىڭ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا بالدۇر پەيدا
بولۇش مۇمكىنچىلىكىنى چەتكە قېقىپ، ئۇنى
ئەڭ دەسلەپ ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىدا پەيدا بولغان،
شۇ يەردىن ياۋروپا ۋە ئاسىيا قۇرۇقلۇقىغا تارال-
غان دەپ ھېسابلاشقان ئىدى. 20-ئەسىرنىڭ
60-يىللىرىغا كەلگەندە، جۇڭگو ئارخېئولوگ-
لىرى نۇرغۇن يىللار جاپالىق ئىزدىنىپ ئىشلەپ
، ئاخىرى تۇرپان دىيارىنىڭ يالقۇنتاغ بەلبېغى-
دىن دىنوسېراتلارنىڭ تاشقاتما ئەۋرىشكىلىرىنى
تاپتى. تاپقانلىرىمۇ تۈرى كۆپ، سانى ھەرقانداق
جايدىن تېپىلغىنىدىن نۇرغۇن تاپتى. ئالىملار
بۇ تاشقاتما ئەۋرىشكىلىرىنى قېتىرقىنىپ ئىن-
چىكە تەھلىل-تەتقىق قىلغاندىن كېيىن،
دۇنيادا دىنوسېراتلارنىڭ ئەڭ دەسلەپ پەيدا بولغان
ماكانى شىمالىي ئامېرىكا دېگەن يەكۈننى ئاغ-
دۇرۇپ تاشلىدى ۋە دىنوسېراتلار ئەڭ باشتا ئا-
سىيا قۇرۇقلۇقىدا، تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا
تۇرپاندا پەيدا بولغان، بۇ مەخلۇقلار غەربتە ياۋ-
روپاغا، شەرقتە بېرىنگوۋ بوغۇزى ئارقىلىق (ئۇ
چاغلاردا بېرىنگوۋ بوغۇزىدا تار قۇرۇقلۇق بولۇپ
، ئاسىيا بىلەن شىمالىي ئامېرىكىنى تۇتاشتۇ-
رۇپ تۇرغان) شىمالىي ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىغا
تۇرپاندىن تارالغان دەپ يەكۈن چىقاردى، ئالىم-
لارنىڭ بۇنداق يەكۈنگە كېلىشىگە يالغۇز تۇر-
پاندىن تېپىلغان دىنوسېراتلارنىڭ تاشقاتما ئەۋ-
رىشكىلىرىنىڭ سانى مول، تۈرى كۆپ ئىكەن-
لىكىلا سەۋەب بولغان ئەمەس، بەلكى ئۇلار تۇر-
پان رايونىدىن تېپىلغان دىنوسېرات تاشقاتمى-
لىرىنىڭ تېخىمۇ قەدىمىي ئىكەنلىكىنىمۇ نە-
زەردە تۇتقان. يەنى، شىمالىي ئامېرىكا دىنو-
سېراتلىرىنىڭ تاشقاتمىلىرى تېپىلغان يەر
قاتلىمى ئۈچىنچى دەۋرنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى
——ئېئوتسېن باسقۇچىغا مەنسۇپ بولسا، تۇر-
پاندىن تېپىلغانلىرىنىڭ يەر قاتلىمى ئۈچىنچى
دەۋرنىڭ بىرىنچى باسقۇچى —— پالېئوتسېن
باسقۇچىغا مەنسۇپ ئىدى. بۇ تۇرپان دىنوسې-
راتلىرى ئامېرىكا دىنوسېراتلىرىدىن بالدۇر پەيدا
بولغانلىقىنى، شىمالىي ئامېرىكىدىكى دىنو-
سېراتلار تۇرپاندىن سەيلى-ساياھەتكە بېرىپ،
شۇ يەردە ماكانلىشىپ قالغانلىقىنى، تۇرپان
رايونى دىنوسېراتلار پەيدا بولغان، كۆپەيگەن ۋە
باشقا جايلارغا تارالغان مەركەز ئىكەنلىكىنى
چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن يېتەرلىك ۋە قايىل قىلار-
لىق پاكىت بولالايتتى.

مۇندىن 70 مىليون يىللار ئىلگىرى، ئا-
سىيادا ھىمالايا يەر ھەرىكىتى يۈز بەرگەندە،

ياۋروپادا ئالىپ تاغلىرىنى پەيدا قىلغان يېڭى ئالىپ ھەرىكىتى يۈز بەرگەن. بۇ ھەرىكەتنىڭ تەسىرىدە ئوتتۇرا دېڭىزدا كۈچلۈك يەر پوستى ھەرىكىتى يۈز بېرىپ، دېڭىز سۈيى ئەتراپقا يامرىغان، نەتىجىدە غەربتە غەربىي ياۋروپا ۋە جەنۇبىي ياۋروپانىڭ كۆپ قىسمىنى سۇ بېسىپ كەتكەن. شەرقتە جەنۇبىي ئاسىياغا سوزۇلغان، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى قەشقەر ۋە ئاقسۇلارغىمۇ تەسىرى يېتىپ، بۇ يەرلەر تىرەن سۇ ئاستىدا قالغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرلەردە سۇ سوغۇلۇپ قۇرۇقلۇق پەيدا بولۇشنىڭ ۋاقتىنى كېچىكتۈرگەن. قەشقەر ۋە ئاقسۇلار ئۇ چاغلاردا ئەنە شۇ ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ تەكتىدە ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئاقسۇدىن بىرمىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تۇرپان دىيارىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ نەمخۇش ۋە ئىللىق ئىقلىمىنىڭ تەسىرىدە بولۇشى تەبىئىي ئىدى. مۇشۇنداق نەم ۋە ئىللىق، ھۆل-يېغىن يېتەرلىك كىلىمات دەرەخ-ئورمانلارنىڭ بولۇق ئۆسۈشى، ئوت-چۆپلەرنىڭ قويۇق ئۈنۈشى، سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە كۆپىيىشى ئۈچۈن كام تېپىلىدىغان پۇرسەت بولۇپ ھېسابلىناتتى. شۇڭا، سۈت ئەمگۈچى ھايۋان بولمىش دىنوسېراتلارنىڭ ئەڭ بۇرۇن تۇرپاندا پەيدا بولغانلىقى ۋە دۇنياغا تۇرپاندىن تارالغانلىقىغا ئەجەبلەنمىسىمۇ بولاتتى.

تۇرپان تەۋەسىدە مۇندىن 200 مىليون يىللار بۇرۇنقى قەدىمكى ھايات ئېراسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ قۇرۇقلۇق كۆرۈنۈشكە باشلىغان ھەم كېيىنكى پېرم دەۋرى، ئوتتۇرا ھايات ئېراسى ۋە يېڭى ھايات ئېراسى مەزگىللىرىدە بۇ زېمىنگە قېلىن قۇرۇقلۇق فاتسىيەسى چۆكۈندىلىرى چۆكۈپ، بۇ قۇرۇقلۇقنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، تۇرپاننىڭ بۈگۈنكىدەك قازان شەكلىگە كېلىشىدە ھىمالايا ھەرىكىتى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان.

ھىمالايا ھەرىكىتى ئۈچىنچى دەۋرنىڭ باشلىرىدا، يەنى مۇندىن 70 مىليون يىللار بۇرۇن ⑩ باشلانغان ھىمالايا تېغىنىڭ پەيدا بولۇش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەرىكەتنىڭ تەسىرىدە تەڭرىتاغلىرى تېزدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، ئەسلىدە بىر تۇتاش كەتكەن زېمىننى جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە تارىم ئويمانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە بۆلۈۋەتتى. تەڭرىتاغلىرىنىڭ گەۋدىسى ئۈزلۈكسىز تېز كۆتۈرۈلگەندە، جەنۇبىي تاغ قاپتاللىرى بېسىمنىڭ ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە تاغ گەۋدىسى بىلەن تەڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلەلمەي ئۈزۈلۈش ھەرىكىتى يۈز بېرىپ تۆۋەنگە چۆككەن. بۇ چاغدا تەڭرىتاغلىرىنىڭ تېزدىن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنىڭ ئەكسىچە، تۇرپاننىڭ جەنۇبىدىكى چۆلتاغنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ئاستا بولغان. تۇرپاننىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاغلارنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدىكى بۇ پەرق نەتىجىسىدە تۇرپان ئويمانلىقى ھازىرقىدەك سىممېترىك بولمىغان ھالەتكە كېلىپ قالغان. ھازىر قارىسا تۇرپان ئويمانلىقى خۇددى شىمالدىن جەنۇبقا قىڭغايتىپ قويۇلغان قازانغىلا ئوخشايدۇ. قازاننىڭ ئوتتۇرىسى بولغان ئايدىڭكۆل ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولماي، جەنۇبتىكى چۆلتاغ ئېتىكىگە يېقىن يەرگە ئورۇنلاشقان. شۇنىڭ بىلەن ھازىرقى تۇرپان ئويمانلىقى شەكىللەنگەن.

ھىمالايا ۋە تەڭرىتاغ ھەرىكىتى 70 مىليون يىلدىن بېرى توختاپ قالغىنى يوق. بۇ تاغلار ھازىرمۇ يىلدىن-يىلغا ئاستا-ئاستا ئېگىزلەۋاتىدۇ. بۇنى بۇ ئىككى تاغ ئەتراپىدىكى توختىماي گاھ كۈچلۈك، گاھ ئاجىز يەر تەۋرەپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن بىلگىلى بولىدۇ.

تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ھازىرقى يەر شەكلى 70 مىليون يىللار بۇرۇندىن باشلاپ شەكىللىنىشكە باشلاپتۇ، ئەمىسە بۇ ئويمانلىقنىڭ ھازىرقىدەك قۇرغاق ۋە ئىسسىق كىلىماتىمۇ ئەنە شۇ يەر شەكلى بىلەن تەڭ بىرلا ۋاقىتتا شەكىللەنگەنمۇ؟

ئارخېئولوگلار 1993-يىلى شاپتۇللۇق ئەتراپىدىن غايەت زور كەركىداننىڭ تاشقاتما

ئەۋرىشكىسىنى تاپتى. ئالىملار بۇ كەركىدانغا «تۇرپان كەركىدانى» (مۇقاۋىنىڭ 2-، 3-بەتلىرىگە قاراڭ) دەپ يارىشىملىق ئات قويدى. ئۇلار تۇرپان كەركىدانى بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان قەدىمكى تاشپاقىنىڭ تاشقاتمىسىنىمۇ تاپتى.

تۇرپان كەركىدانى قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، بۇ مەخلۇق غايەت بەھەيۋەت بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى توققۇز مېتىر، ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر، يەنى ئىككى قەۋەت ئۆينىڭ ئېگىزلىكىدەك كېلىدۇ. ئۇ دىنوزاۋىرلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن يەر يۈزىدە پەيدا بولغان ئەڭ زور ھايۋانلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئوت-چۆپ يەپ جېنىنى ساقلايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن زاماندىش بولغان قەدىمكى تاشپاقا بولسا سۇيى مول سازلىقلاردا ياشايدىغان ھايۋان. تۇرپان كەركىدانىدەك شۇنچە گىگانت مەخلۇقلارنىڭ ئۇزۇقلۇقىنى قامدىغۇدەك بۇلۇق ئوت-چۆپلەرنىڭ مول بولۇشى ۋە قەدىمكى تاشپاقىلار ياشىغۇدەك سازلىقلارنىڭ بولۇشىدىن قارىغاندا، بۇ جانىۋارلار ياشىغان زامانلاردا تۇرپاننىڭ كىلىماتى يېتەرلىك دەرىجىدە نەم ۋە ئىللىق بولغانلىقى ئېنىق.

تۇرپان كەركىدانى ۋە قەدىمكى تاشپاقىلارنىڭ تاشقاتما ئەۋرىشكىسى تېپىلغان يەر قاتلىمىنىڭ تەركىبىنى تەكشۈرۈپ، ئالىملار ئۇلار ياشىغان گېئولوگىيىلىك دەۋر ئۈچىنچى دەۋرنىڭ ئولىگوتسېن باسقۇچىغا ⑪ توغرا كېلىدىغانلىقىنى، مۇتلەق يىل دەۋرى مۇندىن 30 مىليون يىلدىن بۇرۇنقى ۋاقىت ئىكەنلىكىنى بېكىتتى. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، يېڭى ھايات ئېراسىنىڭ باشلىرىدا، يەنى مۇندىن 70 مىليون يىللار بۇرۇن باشلانغان ھىمالايا ھەرىكىتى دەۋرىدە ھىمالايا تاغلىرى تاكى مۇندىن 30 مىليون يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقىچە جەمئىي 40 مىليون يىللار ئۈزلۈكسىز يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلىگەن بولسىمۇ، تېخىچە تۇرپاننىڭ كىلىماتىغا تەسىر كۆرسىتەلىگۈدەك دەرىجىدىكى ئېگىزلىككە يېتەلمىگەن. ھىندى ئوكياندىن كۆتۈرۈلگەن سۇ پارلىرى ھىمالايانىڭ چوققىلىرىدىن بەخىرامان ئۇچۇپ ئۆتۈپ، تۇرپان ۋادىسىنى يېتەرلىك ھۆل-يېغىن مەنبەسى بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان. شۇ سەۋەبتىن شۇنچە بەھەيۋەت گىگانت مەخلۇقلارنى باقالىغۇدەك قويۇق ئوت-چۆپلەر ئۆسۈپ، مەيىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان، سۇ ھايۋانلىرى ياشىغۇدەك سازلىقلارمۇ قۇرۇپ كەتمىگەن. گىگانت ئوتخور ھايۋانلار، باشقا سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار ۋە ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلار بۇ زېمىندا يەنىلا بەھوزۇر تۆرىلىپ، ياشاپ، نەسىل قالدۇرۇپ، ئاۋۇپ تۇرغان.

ئەپسۇسكى، بۇ ياخشى كۈنلەر ئۇزاققا بارمىغان. شۇندىن يەنە 5-6 مىليون يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، ئۈچىنچى دەۋرنىڭ ئاخىرلىرىغا، يەنى بۇندىن 24 مىليون يىللار بۇرۇنقى ۋاقىتلارغا كەلگەندە، توختىماي ئۆسۈۋاتقان ھىمالايا تاغلىرى يېتەرلىك دەرىجىدە ئېگىزلەپ، ئاقىۋەت ھىندى ئوكياندىن تۇرپان ۋادىسىغا ئۆتىدىغان سۇ ھورلىرىنى توسۇۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولغان. شۇنىڭ بىلەن شىمالىي مۇز ئوكياندىن كېلىدىغان نەملىكنى تەڭرىتاغ توسۇۋالىدىغان، ھىندى ئوكياندىن كېلىدىغان ھۆل-يېغىننى ھىمالايا ئۆتكۈزمەيدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، ھۆل-يېغىن ئازىيىپ كەتكەن. تۇرپان ئويمانلىقى بارا-بارا قۇرغاقلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. سۇ يۈزى داۋاملىق تۆۋەنلىگەن، سازلىقلار قاغجىرىغان، كۆللەردە سۇ قالمىغان، ئوت-چۆپلەر قۇرۇغان. نەتىجىدە ھاۋا قۇرغاقلىشىپ تېمپېراتۇرا ئۆرلەپ كەتكەن، تېمپېراتۇرا ئۆرلىگەنچە ھاۋا قۇرغاقلاشقان. مۇشۇنداق يامان ئايلانما نەتىجىسىدە گىگانت ئوتخور مەخلۇقلار ۋە سازلىق-سۇلاردا ياشايدىغان جانىۋارلار ياشاش شارائىتىدىن ئايرىلىپ، بارا-بارا قىرىلىپ تۈگىگەن. ئۇلاردىن بىزگە مانا ھازىرقىدەك تاشقاتمىلارلا قالغان. بۇ تاشقاتمىلار بىزگە ئۆزلىرىنىڭ ھايات قىسمەتلىرىدىن ۋە ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرىدىن ئۈنسىز شىكايەت قى-

لىپ، جىم-جىم ياتماقتا. تەڭرىتاغ بىلەن ھىمالايا تاغلىرىچۇ؟ ئۇلار تۇرپان ئويمانلىقىغا قىلغىنى ئاز كەلگەندەك، ھازىرمۇ پەلەككە قاراپ توختىماي بوي تارتىپ، تۇرپان ئويمانلىقىنى بارغانسېرى قاقجىراتماقتا.

لېكىن، تۇرپان خەلقى قەيسەر، ئۇلار ناچار تەبىئىي مۇھىتتا ئىرادىسىنى تېخىمۇ تاۋلاپ، باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، يانتاقتىن شېكەر ئالغاندەك يەر تەكتىدىن كارىز ئارقىلىق سۇ ئېلىپ گۈزەل بەختىنى يارىماقتا.

(ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى)

ئىزاھاتلار:

① قەدىمكى ھايات ئېراسى — مۇندىن 570 مىليون يىل بۇرۇن باشلىنىپ، 230 مىليون يىل بۇرۇنغىچە 340 مىليون يىل داۋاملاشقان.

② پېرم دەۋرى — مۇندىن 285 مىليون يىل بۇرۇن باشلىنىپ، 230 مىليون يىل بۇرۇنغىچە 55 مىليون يىل داۋاملاشقان.

③ ئوتتۇرا ھايات ئېراسى — مۇندىن 230 مىليون يىل بۇرۇن باشلىنىپ، 67 مىليون يىل بۇرۇنغىچە 163 مىليون يىل داۋاملاشقان.

④ ترىئاس دەۋرى — مۇندىن 230 مىليون يىل بۇرۇندىن 195 مىليون يىل بۇرۇنغىچە 35 مىليون يىل داۋاملاشقان.

⑤ يېڭى ھايات ئېرانى — مۇندىن 67 مىليون يىل بۇرۇن باشلىنىپ ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتقان ئېرانى كۆرسىتىدۇ.

⑥ ئۈچىنچى دەۋر — يېڭى ھايات ئېراسىنىڭ بىرىنچى دەۋرى. مۇندىن 67 مىليون يىل بۇرۇن باشلىنىپ، مۇندىن 2 مىليون يىل بۇرۇنغىچە جەمئىي 65 مىليون يىل داۋاملاشقان.

⑦ پالېئوتسېن باسقۇچى — ئۈچىنچى دەۋرنىڭ بىرىنچى باسقۇچى. مۇندىن3 ± 67 مىليون يىل بۇرۇن باشلىنىپ، 2 ± 60 مىليون يىل بۇرۇنغىچە داۋاملاشقان.

⑧ دىنوزاۋىرلار مۇندىن 70 مىليون يىللار بۇرۇن بىر قېتىملىق تەبىئىي ھادىسىدە نەسلى قۇرۇپ تۈگىگەن.

⑨ ئېئوتسېن باسقۇچى — ئۈچىنچى دەۋرنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى، مۇندىن 2 ± 60 مىليون يىل بۇرۇن باشلىنىپ، 2 ±37 مىليون يىل بۇرۇنغىچە داۋاملاشقان.

⑩ بەزىلەر 50 مىليون يىللار بۇرۇن دېيىشىدۇ.

⑪ ئولىگوتسېن باسقۇچى — ئۈچىنچى دەۋرنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى، مۇندىن2 ± 37 مىليون يىل بۇرۇن باشلىنىپ، 1 ± 26 مىليون يىل بۇرۇنغىچە داۋاملاشقان.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1 . ئابدۇقادىر يۇنۇس: «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تەبىئىي جۇغراپىيىسى» . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 - يىل نەشرى.

2 . مىجىت خۇدابەردى، ئۇمىد ئىمادى: «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە بىئولوگىيە لۇغىتى» . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىل نەشرى.

3 . شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى تۈزگەن «نېفىت گېئولوگىيىسى لۇغىتى» .

4 . شيا شۇنچېڭ، خۇ ۋېنكاڭ: «تۇرپان ۋادىسى» خەنزۇچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1978 - يىل نەشرى.

5 . ۋاڭ بىڭخۇا: «قەدىمىي تۇرپانغا زىيارەت» ، خەنزۇچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىل نەشرى.

6 . «ئوكيانۇس» ، كىچىكلىتىلگەن نۇسخا، خەنزۇچە، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى 1979 - يىل نەشرى.

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ نىكاھ ـ تويدىكى ئوت ئاتلاش ئادىتى

ئەھمەد ئىمىن ئەلنەزەر

**قىسقىچە مەزمۇنى :** بۇ ماقالىدە تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تويى بولغان يىگىتنى ئوت ئاتلاتتۇرۇش ئادىتىنىڭ جەريانى تونۇشتۇرۇلۇپ، بۇ ئادەت بىلەن باغلىنىشلىق بولغان، ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان ھەرقايسى دىنلارنىڭ تەسىرلىرى بىرلەشتۇرۇپ تەھلىل يۈرگۈزۈلىدۇ.

ئۆرپ ـ ئادەت دىنىي ئېتىقادنى يادرو قىلغان ئىجتىمائىي ۋە پسىخىك ئامىل. ئۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئولتۇراقلاشقان جوغراپىيىلىك تەبىئىي شارائىتى ھەم بېشىدىن كەچۈرگەن ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي سەۋەبلەرنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمايدۇ.

2005.1

ئۇيغۇرلار تارىختا توتېم، شامان دىنى، زوروئاستېر دىنى، نېستورىيان دىنى، بۇددا دىنى ، مانىي دىنى ۋە ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن، بۇ دىنلارنىڭ تەسىرىنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قوشۇلۇشى، بىر ـ بىرىگە ماسلىشىشى ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭگارەڭ، مول مەزمۇنلۇق ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئۇيغۇرلاردا ئوت ئېتىقادچىلىقىنىڭ تەسىرى بىلەن توي قىلغان قىزنى گىلەمگە ئولتۇرغۇزۇپ ئوتتىن ئۆتكۈزۈش، قىز يۆتكەپ كەلگەن ھارۋىنى (ھازىر ئاساسەن ماشىنا بىلەن يۆتكەيدۇ) ئوتنى دەسسىتىپ ئۆتكۈزۈش، قىز يىگىتنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ئوتتىن ئاتلاپ ئىشىكتىن كىرىش قاتارلىق ئادەتلەر ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت.

تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا قەدىمكى دىنلارنىڭ تەسىرى خېلىلا چوڭقۇر ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، يۇقىرىقى ئادەتلەردىن باشقا يەنە تويى بولغان يىگىتنىمۇ ئوت ئاتلىتىدىغان ئادەت قەدىمدىن قالغان ئەنئەنە بويىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. يىگىتنىڭ تۇنجى تويىدا، توي كۈنى كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن يىگىت ئوت ئاتلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ جەريانى مۇنداق:

بىر نىكاھلىق بولغان (قىز توي قىلغان) ياشتا چوڭراق ئەر ياكى ئايال يىگىت ئۈچۈن يېڭى دوپپا ياكى بىر نىكاھلىق بولغان چوڭلارنىڭ تۇمىقىنى تاللاپ، ئۈستىگە قىز تەييارلىغان قىزىل رەڭلىك تاۋاردىن چىرايلىق قاپلاپ دەستار ① ياسايدۇ. بۇ دەستار يىگىتنىڭ «سۇلتانلىق تاجىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. دەستارنى ياسىغان ئەر دەستارنى غەلۋىرگە سېلىپ يىگىتنىڭ يېنىغا ئەكىلىپ، يىگىتكە ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ تۇرۇپ كىيگۈزىدۇ. ئايال كىشى ياسىغان بولسا دەستارنى يىگىتكە كىيدۈرۈش ئۈچۈن بىر نىكاھلىق بولغان ئەرگە بېرىدۇ. ئۇ ئەر قىز يىگىت ئۈچۈن تويدىن بۇرۇن تەييارلاپ قويغان قىزىل ياغلىق ۋە قىزىل پوتىنى يىگىتنىڭ بوينىغا ۋە بېلىگە چىڭ چىگىدۇ. بەزىدە ياغلىقنىڭ ئۈچىنى چىگكەن جايغا تۆمۈر تىكەننى قوشۇپ چىگىپمۇ قويىدۇ. يىگىت ئىككى قولداشنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوت ئاتلايدىغان جايغا كېلىپ كۈن ئولتۇرۇشقا قاراپ تۇرىدۇ. يىگىتنىڭ ئاتىسى «ئوغلىنىڭ ئامانلىقى، يېڭى قۇرغان ئائىلىسىنىڭ بەختى» ئۈچۈن يىگىتنىڭ بېشىدىن ئۈچ قېتىم ئولڭ ئايلاندۇرۇپ كىشلەر ئارىسىغا چاچقۇ قىلىدۇ. يىگىتنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى قىزىل، كۆك، سېرىق قاتارلىق ھەر خىل رەڭدار رەختلەرنى ئاۋۋال ئولڭ

دىن ئاندىن سولدىن يىگىتنىڭ بويىنىغا سېلىپ قولتۇق ئاستىغا چۈشۈرۈپ چىڭ چىگىدۇ. يىگىتنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلىرى يىگىتنىڭ بويىنىغا سېلىنغان رەختلەر ئارىسىغا پۇل قىستۇرۇپ ئۆز كۆڭۈللىرىنى ئىزھار قىلىشىدۇ. بۇ چاغدا تەكلىپ قىلىپ قويۇلغان خەلق ناخشىچىلىرى — «تاغدا تېرىق» ناخشىسىنى يىگىت ئوت ئاتلايدىغان جايدىن سەل ئېگىزرەك جايغا چىقىپ، توققۇز كىشى توققۇز داپ بىلەن ناخشىنى باشلايدۇ. ئوت يېقىلىپ ئوت راسا يالقۇنجىغان چاغدا يىگىت ئىككى قولداشىنىڭ ھەمراھلىقىدا داپ تەڭكەش قىلىنىغان ناخشا ساداسى ئىچىدە ئوتتىن سەكرەپ ئۆتىدۇ. بىر قېتىم سەكرەپ بولۇپ، ئوڭ ئايلىنىپ كەينىگە ئىككىنچى قېتىم يەنە كەينىگە ئوڭ ئايلىنىپ ئۈچىنچى قېتىم سەكرەيدۇ. ناخشىچىلار ناخشىسىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

بۇ جەرياننى يىگىتنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى، قىز ۋە ئۇنىڭ قولداشلىرى كۆرۈپ تۇرىدۇ ۋە يىگىت ئۈچ قېتىم ئوت ئاتلاپ بولغاندىن كېيىن، يىگىتنىڭ ئالدىغا بېرىپ يىگىتنىڭ تويىنى قايتىدىن قىزغىن مۇبارەكلەپ بەخت تىلەيدۇ. يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسى خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكىشىدۇ. يىگىت ئۈچ قېتىم ئوت ئاتلاپ بولغاندىن كېيىن قىز دەرھال ھۇجرىغا قايتىدۇ. «قىز ھۇجرىغا قايتتى» دېگەن خەۋەر كەلگەندىن كېيىن يىگىت قولداشلىرى ۋە باشقا يىگىتلەر بىلەن بىللە قىزنىڭ كەينىدىن ھۇجرىغا كىرىدۇ. ناخشىچىلارمۇ ناخشىسىنى «تاغدا تېرىق» تىن «يەل ناخشىسى» غا ئۆزگەرتىپ يىگىتنىڭ كەينىدىن ھۇجرىغا كىرىدۇ. يىگىت ھۇجرىغا كىرگەندە قىز ھۇجرىنىڭ بۇلۇڭىغا كېلىپ تۇرىدۇ. يىگىت كېلىپ قىزنى بىر مۇشت ئۇرىدۇ. ئەگەر قىز چاققان بولسا ئۆزىنى قاچۇرسىمۇ بولىدۇ. ئاندىن كېيىن قىز يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ دەستارىنى ئالىدۇ. بويىنىدىكى قىزىل ياغلىق ۋە بېلىدىكى قىزىل پوتا ۋە باشقا رەڭدار رەختلەرنى يېشىدۇ. ياغلىق ۋە پوتا چىڭ چىگىلگەن بولۇپ، قىزنىڭ سەۋرچانلىقى ۋە چىۋەرلىكى كۆپچىلىك ئالدىدا يەنە بىر رەت سىنىلىدۇ. بەزىدە قىز بەك تارتىنچاق بولۇپ تۇرۇۋالسا، يىگىت قولداشلىرى ۋە باشقا ياش يىگىتلەرنىڭ بىر مۇنچە چۇقان - سۈرەنلىرىدىن كېيىن، كۆپچىلىكنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، قىزنىڭ يەڭگىسى قىزغا ۋاكالىتەن دەستار ئېلىش ۋە ياغلىق، پوتا يېشىشنى بېجىرىپ قويىدىغانلارمۇ بار.

بۇ ئادەت تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، بۇ ئادەتنىڭ پۈتۈن جەريانىدا تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئېتىقاد قىلىدىغان دىنلارنىڭ تەسىرى سىڭىپ كەتكەن.

شامانىزم دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا توي بولسا، ئۆيلىنىدىغان يىگىت ۋە قىزلار ئىككى تەرەپ بولۇپ، توي مەيدانىغا يىغىلاتتى. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا ئارچا ياغىچىدىن گۈلخان ياقاتتى. شامان (قام) بۇ يەرگە كېلىپ ئەتراپقا قېمىز چاچاتتى. توي قىلغانلارغا مۇۋەپپەقىيەت ۋە بەخت تىلەتتى. ئارقىدىن توي قىلغۇچى يىگىت ۋە قىز گۈلخانلارنى ئاتلاپ ئۆتەتتى②.

تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇ ئادىتىدە دەستار، پوتا، ياغلىق ۋە باشقا بويىنىغا سېلىنىدىغان قىزىل رەڭلىك رەختلەردىكى قىزىل رەڭ ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. قىزىل رەڭنىڭ ئىستېتىك مەنىلىرى مۇنداق: تۇرپان ئۇيغۇرلىرى قىزىل رەڭگە تولىمۇ ھېرىسمەن بولۇپ، قىزىل رەڭگە ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىدۇ. قىزىل رەڭنى ياخشىلىقنىڭ، خۇشاللىقنىڭ، بەخت - سائادەتنىڭ، گۈزەللىكنىڭ، جەڭگىۋارلىقنىڭ، غەلىبىنىڭ سىمۋوللۇق بېشارىتى دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇلار يىراقتىن قارىسا قىزىل رەڭدە كۆرۈنىدىغان يالقۇنتاغنى «قۇت تاغ» دەپ ئاتىغان. شۇنداقلا چوڭ قىزىل گۈللۈك دوپپا كىيىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

نۆۋەتتە ئىنسانشۇناسلىق پېنىدە ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ۋاقىتلىرىدا ئىنسانلار قىزىل قانغا چوقۇنغان. قىزىل قان

2005.1

ھاياتلىقنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە گۈللىنىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى، شۇنداقلا جىنسقا تىۋىنىش مەدەنىيىتىدىكى مۇھىم بەلگە دەپ قارالماقتا. بۈگۈنكى كۈندە توي قىز بىلەن يىگىت ئىككى ياشنىڭ ئورتاق نىيەتتە بىرلىشىپ، ئەۋلاد قالدۇرۇپ ئاتا - ئانىلىق بۇرچىنى ئۆتەشتىن ئىبارەت مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، توي ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە يېڭى ھاياتلىقنىڭ دۇنياغا كېلىشىدىن دېرەك بەرگەچكە، ھاياتلىقنىڭ بەلگىسى بولغان قىزىللىق تويغا ۋە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە بەلگە قىلىنغان[3]. قىزىل رەڭنىڭ يەنە بىر سىموۋوللۇق مەنىسى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوت ئېتىقادچىلىقى بولۇپ، ئوتنىڭ رەڭگىدىن كەلگەن.

**چاچقۇ چېچىش :** چاچقۇ چېچىش ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئادەت. تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇ ئادىتىدە يىگىتنىڭ بېشىدىن پۇل ئايلاندۇرۇپ كىشىلەر توپىغا چېچىلىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دە «مۇندۇرى — كۈيئوغۇل ۋە كېلىننىڭ باشلىرىدىن چاچقۇ چېچىلىدىغان كىچىك بەزمە»[4] دەپ يازغان. بۇنىڭدىن چاچقۇ چېچىش ئەنئەنىسىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولغان، ھەرقايسى دەۋرلەردە كەڭ ئومۇملاشقان ئادەت ئىكەنلىكىنى، يىگىت ۋە قىزنىڭ باشلىرىدىن چاچقۇ چېچىش ئىشىنىڭ كىشىلەر توپلاشقان جايدا ئالاھىدە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ.

چاچقۇنى يىگىت بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ كىشىلەر ئارىسىغا چېچىش شامانىزمنىڭ تەسىرى بولۇپ، يىگىت ۋە قىزنىڭ ئائىلىسىنىڭ بەختى ۋە ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان «قانسىز قۇربانلىق» ھېسابلىنىدۇ[5].

**ئوت ئاتلاش :** ئەجدادلىرىمىز زەردۇشتىزمدىن بۇرۇنلا ئوتقا چوقۇناتتى[6]. ئوت ئاتلاش ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوت ئېتىقادچىلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئوت ئىلاھىنىڭ مەنىسىدىن قارىغاندا ئۇ يورۇقلۇق ۋە پاكلىق ئىلاھىدۇر. تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ھېلىمۇ «ئوت ۋە سۇ بارلىق نەرسىلەرنى پاكلايدۇ»، «مال - مۈلكىگە ئوت كەتكەن كىشى كېيىن چوڭ بايلىشىدۇ» دېگەن كۆز قاراش بار. بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوتقا بولغان ئالىي ھۆرمىتىنىڭ ئىپادىسى.

**«توققۇز كىشى توققۇز داپ** بىلەن ناخشا ئېيتىش» دىكى توققۇز سان. چۈشەنچىسى: ئەجدادلىرىمىز بۇرۇندىن «توققۇز» نى خاسىيەتلىك سان دەپ تونۇپ كەلگەن. كۆپلىگەن مەلۇماتلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، «توققۇز» نىڭ خاسىيەتلىك سان بولۇپ قېلىشى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزملىق ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. قەدىمكى ئۇيغۇر شامانىستلىرىنىڭ ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرىدىكى كۆكتەڭرى ئېتىقادىدىن «يەتتە يۇلتۇز ئىلاھى» چۈشەنچىسى كېلىپ چىققان. بۇ يەتتە يۇلتۇز (يەتتە سەييارە) ئايرىم - ئايرىم ناملار بىلەن ئاتىلىپ ئىلاھ سۈپىتىدە ئۇلۇغلانغان. بۇ يەتتە ئىلاھنىڭ ھەر بىرى ھاياتلىق ئالىمى ھېسابلىنىپ، ئۇنىڭغا يەنە پانىي ئالەم (تۇپراق) ۋە يەر ئاستى ئالەم (روھىناتلار) قوشۇلۇپ پۈتۈن ئالەم توققۇز ھاياتلىق مەنبەسىدىن قۇرۇلغان دېگەن ئىپتىدائىي چۈشەنچە بارلىققا كەلگەن. شۇنداق قىلىپ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۈپ ئالەم قارىشى «توققۇز»غا مۇجەسسەملەشكەن.

«چاچقۇنى يىگىت بېشىدىن ئۈچ قېتىم ئايلاندۇرۇش، ئوتنى ئۈچ قېتىم ئاتلاش» قاتارلىقلاردىكى «ئۈچ» تىن ئىبارەت سان چۈشەنچىسى بولسا، شامان دىنىنىڭ پۈتكۈل كائىناتنى ئۈچكە تەقسىملەشتىن كېلىپ چىققان «ئۈچ» مۇقەددەسلىك[7] كۆز قارىشىنىڭ ئىسلام ئەقىدىلىرىدىكى مۇقەددەس سانلاردىن ھېسابلىنىدىغان «ئۈچ» تىن ئىبارەت سان مۇقەددەسلىك كۆز قارىشىنىڭ بىرلەشكەنلىكىدىن كېلىپ چىققان ئادەت شەكلى.

«يىگىت ئوت ئاتلاشتىن بۇرۇن ئوت ئالدىغا كېلىپ غەربكە بېقىپ تۇرۇش» نوقۇل ھالدىكى ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى بولماستىن، شامان دىنىنىڭ «كۈن ئولتۇرۇش قۇياش ئىلاھىنىڭ ئۆيى» كۆز قارىشى بويىچە ئەجدادلىرىمىزنىڭ قۇياش تەڭرىسىگە بولغان يۈكسەك ئېتىقادى سەۋەبلىك (قىبلە) غەرب ئالاھىدە مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن ۋە ئۇلۇغلانغانلىقىنىڭ تەسىرى بولۇپ، كېيىن ئىسلام ئېتىقادى بىلەن بىرلەشكەنلىكتىن كېلىپ چىققان بىر خىل ئادەت شەكلى.

«يىگىت بېشىدىن چاچقۇنى ئوڭ ئايلاندۇرۇش، ئوڭ پىرقىراش، ئوتتىن سەكرەپ ئۆتۈپ كەينىگە ئوڭ ئايلىنىپ بۇرۇلۇش، يىگىتنىڭ بويىنغا رەڭدار رەختلەرنى ئاۋۋال ئوڭدىن، ئاندىن سولدىن سېلىش» قاتارلىقلاردىكى «ئوڭ» ۋە «سول» چۈشەنچىسى ئىسلام دىنى ئەقىدىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن ⑧.

«ئوت ئاتلاۋاتقاندا داپ چېلىپ ناخشا ئېيتىش» شامانىزمنىڭ تەسىرى.

بۇ ئادەتنىڭ پۈتۈن جەريانى «دەستار كىيگۈزۈش» دېيىلىدۇ. بۇ ئادەت ھېلىمۇ تۇرپاننىڭ ئاستانە، قاراغوجا، پىچاننىڭ لەمجىن، لۈكچۈن، تۇيۇق يېزىلىرىدا ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادەت بولۇپ، نىكاھ توي ئادەتلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يىگىت ئوت ئاتلاۋاتقان چاغدا ئېيتىلىدىغان —«تاغدا تېرىق» دەپ ئاتىلىدىغان ناخشا بىر يۈرۈش تۇرپان مېلىس ناخشىلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، مەخسۇس «دەستار كىيگۈزۈش» ئادىتىدە ئېيتىلىدۇ. بۇ ناخشا ئۈچ خىل ئاھاڭدا ئېيتىلىدىغان بولۇپ ناھايىتى مۇڭلۇق. شۇڭا، تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا «تاغدا تېرىق ئاڭلىساڭ ئەرگە تەگكۈڭ كېلۇر، مەۋلۇت شېرىپ ⑨ ئاڭلىساڭ ئۆلگۈڭ كېلۇر» دېيدىغان ماقال پەيدا بولغان. ھازىر «تاغدا تېرىق» ناخشىسى ئېيتالايدىغانلار ئازلاپ كەتكەن بولۇپ، دەستار كىيگۈزۈش ئادىتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولغان «تاغدا تېرىق» ئېيتىش يوقۇلۇش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان.

«تاغدا تېرىق» ناخشىسىنىڭ بىر قىسىم قوشاقلىرى مۇنداق:

ئاتىم بولسا، ئاتىم بولسا،
ئاللايى يارىم بولسا.
يارنى مەن سېغىنغاندا
ئاللا قاناتىم بولسا.

دۆڭمەلىدە بىر بالا،
مىنگەن ئېتى بوز ئالا.
خۇدا سىزگە بۇيرۇسۇن
ئون تۆت ياشلىق قىز بالا.

بۇ دالان ئېگىز دالان،
پەنجىرىسى كېسەك دالان.
بىزنىڭ يارنىڭ خالتىسى
ئۈزۈم بىلەن ياڭاق، چىلان.

قاراقاشنىڭ ئوتلىرى،
جۇجەم ئوتى چوغىدەك.
قاراپ قالدى يىگىتلەر
قاراقاشقا تويغۇدەك.

كۆردۈڭمۇ قاراقاشنى،
چايناپ بېرىدۇ ماشنى.
ئىچ دېسەڭمۇ ئىچمەيمەن
يارىم ئەتمىگەن ئاشنى.

دىتنىڭ تولىسى يەتتى،
مەن ئاتىمنى ساتمايمەن.
بۇ ئالەمدە تارتقاننى
ئاخىرەتتە تارتمايمەن.

تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ نىكاھ تويلىرىدىكى ئوت ئاتلاش ئادىتى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆپ خىل

تىپ ئۆتتۈش زۆرۈركى، گەنسۇ رايونىنىڭ جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى ئۇنى جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىسىنىڭ تۈگىنىگە ئايلاندۇرغان ئىدى⑨.

تۆۋەندە قوچو ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادىيەنىڭ 9 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە) نىڭ سودا ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى سىزىپ چىقماقچىمەن. شۇنىسى ئېنىقكى، ماتېرىياللار مەنبەسى تولۇق بولمىغاچقا، بۇ كۆرۈنۈش تولۇق بولمىغان ھالەتتە توختاپ قالىدۇ. (بۇ ئەھۋالى توغرىسىدا قايتا كۆرسىتىپ ئۆتۈلمەيدۇ).

بىز ئىشلىتىدىغان ئىلمىي ماتېرىياللار مۇشۇ رايون، مۇشۇ دەۋر ئەھۋاللىرى توغرىسىدا مەلۇماتى ئانچە چوڭقۇر بولمىغان جۇڭگو تارىخچىلىرى ھەمدە ئىسلام تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى (بۇ خىلدىكى ئەسەرلەردە ھەمىشە قىسقا، ئاددىي مەلۇماتلار تونۇشتۇرۇلغان) دىن كەلگەندىن سىرت، بىزدە يەنە ھەر خىل مەزمۇندىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان يازما ھۆججەتلەر بار. ئەلۋەتتە كۆپ قېتىملىق تۇرپاننى تەكشۈرۈشتە قولغا كەلتۈرۈلگەن يازما ھۆججەتلەر ناھايىتى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولۇپ، رىشات رەخمەت ئارات (R. R. ARAT) بۇ ھۆججەتلەرنىڭ تۈرى ۋە سانىنى ئومۇمىيۈزلۈك تونۇشتۇردى⑩. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ پەقەت ناھايىتى ئاز بىر قىسمىدىلا سودا ئىشلىرى توغرىسىدا بىۋاستە مەلۇمات بېرىلگەن، شۇنداق بولغاچقا، باشقا ھۆججەتلەر تەمىنلىگەن ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردە بىر نۇقتىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەك، بۇ يازما ھۆججەتلەرنىڭ يىل دەۋرى پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيادا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغان 12 ھايۋان مۇچەل كالېندارى بويىچە خاتىرىلەنگەن⑪. شۇڭا باشقا ئامىللارنىڭ ياردىمىگە تايانغاندىلا ئاندىن يىل دەۋرىگە توغرا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. بىراق بۇنىڭغا ئوخشاش پاكىتلار كۆپ ئەمەس ھەم مۇتلەق ئىشەنچلىكمۇ ئەمەس⑫. شۇڭلاشقا، نۇرغۇن ئەھۋاللاردا پەقەت بىر پارچە كەمتۈك ھۆججەتنى «موڭغۇل دەۋرىدىن بۇرۇنقى» ياكى «موڭغۇللار دەۋرى» دەپ بېكىتىمىز. ئالدىنقى ئەھۋال بىلدۈرىدىغان ۋاقىت چېكى 300 يىلدىن يۇقىرىراق ئىدى (كىشىلەرنىڭ بۇ مەزگىلدىكى سىياسىي تارىخقا نىسبەتەن بىلىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز، تۆۋەندە بايان قىلىنىغان پاكىتلار مۇنداق ئەھۋالنى كىشىلەر پەقەت بارماق دېگۈدەكلا بىر قانچە ئىدىقۇتنىڭ نامىنىلا بىلىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ).

د. ئى. تىخونوف (D. I. Tikhonov) ئىلگىرى كىتابىدا قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنى بايان قىلغان بولۇپ، ئۇ كىتابىدا «سودا ۋە جازانە» دېگەن بىر باب بار ئىدى⑬. بۇ بابتا، ئۇ شۇ ۋاقىتتا ئېلان قىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنى بىرمۇبىر تونۇشتۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم مەزمۇنلار ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغان. ئا. ۋون. گابائىن (A. Von. Gabain) ئۆزىنىڭ ئەسىرى «قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تۇرمۇشى»⑭ دا، سودا مەسلىسى توغرىسىدا مەخسۇس باب ئاجراتمىغان بولسىمۇ، بىراق ئەسەرنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدە كونكرېت مەسىلىلەرگە قارىتا قىممەتلىك چۈشەنچىلەرنى بەرگەن⑮.

بىز ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سودا ئىشلىرىنى بايان قىلىشتىن بۇرۇن، بىر قانچە تاشقى سودا ۋە مال يۆتكەش سودىسى مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. يايلاق ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش، گەنسۇ ۋە تارىم ئويمانلىقىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالغان. بۇ خىل سودا شەكلى دۆلەتلەر ئارا ئېلىپ بېرىلىدىغان مال ئالماشتۇرۇش ئىدى. بىراق بىز قوچو خانلىقىنىڭ سودا تۈرلىرى ھېچ بولمىغاندا گەنسۇ رايونىنىڭكىگە تەڭ كېلەتتى دەپ قارايمىز⑯. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كەلگەن شەخسىي سودىلارغا ناھايىتى ئاز يول قويۇلغان⑰. قوچو ئۇيغۇرلىرىمۇ جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى باشقا مىللەتلەر ھاكىمىيىتى بىلەن سودا ئالاقىسىنى ساقلاپ قالغان. ۋەتىۋ بىلەن

فىنىڭ جىياشىنىڭ بىرلىكتە يازغان لياۋ سۇلالىسى-
نىنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى بايان قىلىنغان مەشھۇر
ئەسىرىدە قىتان (كىدان) لارغا ئائىت نۇرغۇن
ماتېرىياللارنى توپلىغان [18].

يىپەك يولىنىڭ ئىككى لىنىيىسى قوچو-
دىن ئۆتكەن، ئۇزاق زامانلاردىن بېرى جۇڭگو
سودىگەرلىرى قىممەت باھالىق تاۋارلارنى ئېلىپ
مۇشۇ ئىككى يول ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا،
يېقىن شەرق ۋە ۋىزانتىيەلەرگە بېرىپ - كېلىپ
تۇرغان. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى،
قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە، بۇ
ئىككى يول ئاۋۋالقىدەكلا مۇھىم رول ئوينىغان.
بىز ئۇيغۇر خانلىقى مال يۆتكەش ئۆتكەل بېجى-
دىن زور پايدا ئالغان، دېيەلەيمىز. بىراق شۇنى
تەكىتلەش زۆرۈركى، بۇ توغرىسىدا بىز ھېچ-
قانداق ماتېرىيالغا ئىگە ئەمەسمىز[19]. ئا. ۋون.
گاباتىن مال يۆتكەش ئۆتكەل بېجى قوچو خان-
لىقىنىڭ باي - باياشاتلىقىنىڭ ئاساسى ئىدى،
دەپ ئېيتقان[20]. بىراق بۇ پەقەت يۇقىرى قاتلام
شەخسلىرى يەنى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ باي-
لىقى، دېگەن بىر جۈملە سۆزنى قوشۇپ قو-
يۇش كېرەك.

ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا دىنى ئەسەرلىرىدە
ھەمىشە سودىگەر ۋە سودا ئىشلىرى تىلغا ئې-
لىنغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى تەرجىمە
قىلىنغان بولغاچقا، بۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن
مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى ھىندى بۇددىزمىنىڭ
كۆز قاراشلىرى ئىدى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ
بەزى ئەسەرلەر، مەسىلەن، «ئون تەرەپ خاتىر-
جەملىك نومى» (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بۇ نوم
« Tišastyustik» دەپ ئاتالغان) (ئۇ سودىگەر-
لەرنىڭ يول بويى ئامانلىقىنى قوغدايدۇ)[21]
ياكى «ساددىخارما پونداريكا سۇترى »
(«Saddharma pundarika») غا ئوخشاش كى-
يىنكىلەر قوشۇپ قويغان باب - پاراگرافلار[22]
بار بولۇپ، تىپىك ئوتتۇرا ئاسىيا ئالاھىدى-
لىكىگە ئىگە ئىدى. «يىتىكەن سۇدۇر نوم»
( Yitikan – sudurnam) دىمۇ ئاشۇنداق بۆ-
لەكلەر بار بولۇپ، مەزمۇنى بولسا ئالاقىدار خا-
دىملارنىڭ سودا پائالىيىتىدە ھەممىنىڭ ئو-
ڭۇشلۇق بولۇشىنى ئۆز پاناھىدا ساقلاشنى
تىلەش ئىدى[23]. «سەككىز يۇكمەك يارۇق
نوم بىتىگ » (sakiz yukmak yaruq) دىمۇ
مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بۆلەكلەر بار ئىدى[24].
ساكيامۇنىنىڭ سۆزلىگەن بىر پارچە نومىدا (بۇ
نومنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ساقلى-
نىپ قالغان) سودىگەرلەر شاگىرتلار چوقۇم
ئۇستازلار ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلىش
مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتۈشى كېرەك دەپ قارى-
غان[25]. بىز بىلگەن بۇددىزم ئەسەرلىرىگە نىس-
بەتەن ئېيتقاندا، تېخى سودىگەرلەرنى سەلبىي
شەخس سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەننى كۆرۈپ باقمى-
غان ئىدۇق. بىراق شۇنى كۆرسىتىش زۆرۈركى،
گۇناھىغا تۆۋە قىلغاندا، خاتالىققا قارشى تۇرۇش
ھەرىكەت پوزىتسىيىسى قوللىنىلغان[26].

بۇلاردىن باشقا شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش
كېرەككى، بىر قىسىم دىنىدىن خالىي پالنامە
ئەسەرلىرىدە ھەر يىلى ئېلىم - سېتىم (سودا -
سېتىق) قىلىسا بولىدىغان ياكى بولمايدىغان
مۇھىم كۈنلەر بەلگىلەنگەن ئىدى[27]. ئەڭ ئا-
خىرىدا يەنە شۇنى كۆرسىتىشكە بولىدۇكى،
قوچو تام رەسىملىرىدىكى ۋەز - نەسىھەت سۆز-
لەۋاتقان رەسىمدە سودىگەرلەر سىزىلغان بولسى-
مۇ، بىراق ئۇلار چەت ئەللىكلەر ئىدى (مۆلچە-
رىمىزچە، ئۇلار ھىندىستاندىكى ۋېيسالارنىڭ
نامايەندىسى ئىدى) [28].

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ چەت - چېگرا رايون-
لىرىدا بىر قىسىم ئاھالىلەر ئائىلە باقمىچىلى-
قى بىلەن ھايات كەچۈرگەن (بىر قىسمى يەنىلا
كۆچمەن چارۋىچى ئىدى) بوستانلىقلاردا دېھقان،
باغۋەن ھەم كۆكتاتچىلار بار ئىدى. بىراق مەر-
كىزى رايوندىكى شەھەرلەردە مۇئەييەن سانىنى
تەشكىل قىلىدىغان قول - ھۈنەرۋەنلەر بولۇپ،
ئۇلار ھەر خىل كەسپىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇ-
غۇللىناتتى. بىر قىسىم ئەسەر ۋە ھۆججەتلەر
(بولۇپمۇ «ھاسىلاتلار » ) دىكى بەزى بۆلەكلەر-
دىن ئوخشاش بولمىغان ئىشلەپچىقارغۇچى گۇ-
رۇھلار ئارىسىدا ئىنچىكە ئىش تەقسىماتى بول-
غانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىز بۇ گۇ-
رۇھلار ئارىسىدا مەھسۇلات ئالماشتۇرۇشلار بول-

2005.1

غان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمى سودىگەرلەر ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقان دېيەلەيمىز.

مۇبادا شۇ ۋاقىتلاردا قايسى مەھسۇلاتلارنىڭ ئېلىپ كېلىنىپ سودا تاۋارى قىلىنغانلىقىنى تەكشۈرمەكچى بولساق، ئۇ هالدا بىز چوقۇم ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي ئەمەلىي ئەھۋالنى چىقىش نۇقتىسى قىلىشىمىز شەرت. چۈنكى بىزدە بىۋاسىتە پاكىتلار يوق دېيەرلىك. شۇ چاغلاردا كۆپ قىسىم تاۋارلار يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇھىملىرىدىن بىر قانچىنى مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز. نۇرغۇن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە بۇغداي ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلەيدۇ؛ كۆپلىگەن مېۋە-چېۋىلەردىن ئەڭ ئاساسلىقى ئۈزۈم ۋە قوغۇن يەنە پاختىمۇ بار ئىدى. بىز بۇ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، ئاساسەن ھەرقايسى بوستانلىقلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا سېتىلغان دەپ ئويلايمىز. ھەرقايسى بوستانلىقلاردا سېتىلغان تاۋارلارغا كەلسەك، پەقەت پاختىنىلا مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ. مۇبادا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېقىنقى ئەھۋالىغا نەزەر سالساق، بوستانلىقلاردىكى ئاھالىلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا چوڭ كۆلەمدىكى مېۋە-چېۋە بازىرىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئاسانلا تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. ئۆي ھايۋانلىرى مەيلى گۆش قىلىنسۇن ياكى ئىشقا سېلىنسۇن ئوخشاشلا ئالماشتۇرىدىغان تاۋار ئىدى، بۇنى تەكشۈرۈشكە پاكىت بار. قىياسقا ئاساسەن ھەرقايسى شەھەردىكى كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلغان ئاشۇ قول ھۈنەرۋەنلەر ئەسلىدە ئۆز تاۋارلىرىنى ساتقۇچىلار ئىدى. سودىگەرلەرنىڭ بوستانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سودىنى قانچىلىك دەرىجىدە كونترول قىلغانلىقى توغرىسىدا ۋاقىتىنچە ھېچنەرسە بىلمەيمىز.

ئالماشتۇرۇلغان تاۋارلارنىڭ سانى ناھايىتى چوڭ ئىدى، ھېچ بولمىغاندا كېيىنكى مەزگىللەردە شۇنداق ئىدى. لىنىنگراتتا ساقلانغان بۇيۇملار ئىچىدە مەزمۇنى ناھايىتى مول بولغان بىر پارچە كەمتۈك ھۆججەت بولۇپ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇنىڭ ئائىلە ئارخىپى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. ئۇنىڭدا نۇرغۇن ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ توي-تۆكۈن ۋە ئۆلۈم-يېتىم چىقىملىرى خاتىرىلەنگەن ئىدى[9]. بۇ ئائىلە ئارخىپىدا گەرچە ئاز بولمىغان يىلنامىلەر كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسى 12 مۆچەل ھايۋان كالېندارى بويىچە خاتىرىلەنگەن. شۇڭا توغرا ۋاقىت تەرتىپىگە ئېرىشىش ئۈچۈن دائىملىق ھېسابلاش ئۇسۇلىنىڭ ياردىمىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. د. ئى. تىخونوف ۋە گ. كىلاۋسون) G. Klauson (بۇ قولىيازما كېيىنكى دەۋردە كىتاب قىلىپ تۈپلەنگەن، دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ (تەخمىنەن 13-، 14-ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ)[10]. بۇنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان چىقىمنىڭ مەقسىتىگە ئاساسلانغاندا، سېتىۋېلىنغان بۇيۇملار ئاساسەن توي كىيىمى تىكىشتە ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل رەختلەر، گىرىم بۇيۇمى، ياستۇق، يوتقان-كۆرپە، مەرۋايىت، پىچاق، پىلىك، ھەسەل، قوي، ئات قاتارلىقلار بار ئىدى. بىر قانچە خىل بۇيۇم ۋە ئۇنىڭ باھالىرىنى مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ[11]: بىر دانە بېغىر رەڭلىك خالتا بىر ساتىر ئىككى باقىر[12]؛ بىر دانە قۇيۇچ پىچاق ئۈچ باقىر؛ بىر دانە چوڭ كۆرگو ئۈچ ساتىر سەككىز باقىر؛ بىر دانە كىچىك كۆرگو بىر ساتىر؛ بىر دانە قاراقوڭغار چاتىرىسى بەش باقىر؛ بىر تۇياق ئات ئىككى ساتىر. بىر تۇياق قوي 1-2 ساتىر[13]؛ بىر تۇياق كالا تۆت ساتىر ئالتە باقىر.

بۇ بىر بۆلەك خاتىرىلەر ئارقىلىق بىز دەۋرى توغرا بولمىغان بازار ئەھۋالىغا نىسبەتەن چەكلىك بولسىمۇ ئېنىق بىر دائىرە بارلىقىنى بايقىدۇق. قولىمىزدا 10-ئەسىر نىڭ ئاخىرلىرىدىكى ۋاڭ يەندېنىڭ سەپەر خاتىرىسى بار، بۇ خاتىرىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈش كۈچى ناھايىتى زور بولۇپ، ئۇ قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان[14]. بىز مۇزاكىرە قىلماقچى بولغان تېما ئۈچۈن ئېيتقاندا، خاتىرىلەنگەن ئات باھاسى ناھايىتى مۇھىم ئىدى. يەنى «ياخشى ئات بىر

توپ كىممخاپقا توغرا كېلىدىكەن »⑥.

ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلگەن تاۋارلارنى ئادەتتىكى قىممەتداش بۇيۇم قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان سودا (تۆۋەنگە قاراڭ) تاۋار ئالماشتۇرۇشتا بارغانسېرى مۇھىم ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، ئۇ يازما ھېساباتسىزلا ئالماشتۇرۇلغان، دەپ قارايمىز. قانۇنىي بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، پەقەت ئالاھىدە قىممەت باھالىق بۇيۇملار ئېلىپ - سېتىلغاندىلا ئاندىن توختام تۈزۈلەتتى. ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قانۇنىي ھۆججەتلەر ئىچىدە بۇ تۈردىكى توختام ھۆججەتلىرى يامادانوبوئۇ تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىپ ئېلان قىلىندى⑦. بىز ئىگىلىگەن ئېلىم - سېتىم توختام ھۆججەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، تۆۋەندىكى بۇيۇملار ئېلىپ - سېتىلغاندا توختام ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىشى، توختامغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن كۆزۋاھچى بولۇشى، قول قويۇلۇشى ۋە مۆھۈر بېسىلىشى شەرت ئىدى. (1) يەر (تېرىلغۇ يەر، يايلاق، بورلۇق - ئۈزۈمزارلىق)؛ (2) يۆتكىگىلى بولمايدىغان مۈلۈك (ئۆي)؛ (3) قول (قارا باش، qara- bas ئەر ۋە ئايال قول)⑧. توختامدا يېزىلغان پۇل ئەگەر باشقا بەلگىلىمىلەر بولمىسا توختام تۈزۈلگەن چاغدا تۆلىنىۋېتەلەتتى. «ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قانۇنىي ھۆججەتلەر توپلىمى» دىكى 61 - ۋە 114 - نومۇرلۇق ھۆججەتلەردە توختامنىڭ ئاخىرىدا ئالغۇچىنىڭ پۇل تۆلىگەن ئىككىنچى خىل چىسلاسىنى ئۇچراتتۇق. ئۇ توختام تۈزۈلگەندىن كېيىنكى ئۈچىنچى كۈن ياكى بىرىنچى كۈن ئىدى⑨.

بىز تونۇلغان ئېلىم - سېتىم توختاملىرىغا ئاساسەن ئەر - ئايال قۇللارنىڭ باھا ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىچە تونۇشتۇرىمىز:

يامادا نوبۇئۇ (قول) 2. نومۇر
«خوتۇن كىشى» 150 پارچە رەخت

يامادا نوبۇئۇ (قول) 8. نومۇر
«ئايال قول» (küng) 100 پارچە رەخت

يامادا نوبۇئۇ (قول) 9. نومۇر
«ئوغۇل» (Oɤ ul) 60 تىللا

يامادا نوبۇئۇ (قول) 3. نومۇر
«ئەر قول» (qara baš) 47 ساتىر كۈمۈش

يامادا نوبۇئۇ (قول) 5. نومۇر
«ئايال قول» (qara baš) 80 پارچە رەخت

يامادا نوبۇئۇ (قول) 4. نومۇر
هۆر بولمىغان قول (ăbci qaraqaš) 50 ساتىر كۈمۈش.

يامادا نوبۇئۇ (قول) 1. نومۇر
ئوغۇل (oɤ lan) (13 ياش) 50 پارچە رەخت

يامادا نوبۇئۇ (قول) 6. نومۇر
ئايال قول (küng) 50 پارچە رەخت (قوش ئۇراملىق = 100 پارچە رەخت)

يامادا نوبۇئو (قول) 7. نومۇر
ئەر (qarabaš) 50 ياستۇق چاۋ (Cao)

يامادا نوبۇئو (قول) 10. نومۇر،
ئوغۇل بالا (oɤ lan) 9 ياستۇق چاۋ

ئېلان قىلىنمىغان U5968 + U5971 نومۇرلۇق ھۆججەت: قول (قاراباش qarabaš) 100 پارچە رەخت + بىر تۇياق ئات.

ئېلان قىلىنمىغان U5371 نومۇرلۇق ھۆججەت: قول (qarabaš)

بۇ سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن بىر قولنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسىنىڭ 80 - 100 پارچە رەخت ئىكەنلىكىنى ھېسابلاپ چىقالايمىز. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر مىسالدا، ھېلىقى قولنى 100 پارچە قۇئانپۇ « quan po » (كەندىردىن توقۇلغان بۆز) غا سېتىۋالغان. باشقا مىساللاردىكى ئېھتىياجلىق پۇللار تەڭگە پۇل (60 ئالتۇن، 47 ساتىر كۈمۈش، 50 ساتىر كۈمۈش) ياكى قەغەز پۇل (9 ياستۇق چاۋ) ئارقىلىق تۆلەنگەن. باھا تۈرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن بىز تەڭ قىممەتلىك بۇيۇملارنىڭ باھاسىنى سېلىشتۇرۇپ چىقالايمىز، بۇ ئەھۋال تۆۋەندىكىچە ئىپادىلىنىدۇ:

بىر قول (جىنسقا ئايرىلمايدۇ = 100 پارچە رەخت (ياكى بۆز) ≈ 50 ساتىر (= 1 ياستۇق) كۈمۈش ≈ 9 ياستۇق پۇل (Cao) بولىدۇ.

ئا. ن. بېرنشتام (A. N. Bernštam)⑩ ۋە د. ئى. تىخونوۋ (D. I. Tikhonov)⑪ لار تۇرپاندىن تېپىلغان بىر پارچە رونىك يېزىقىدا-

كى هۆججەتنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن[11] بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر قىزچاقنى سېتىش سۆزلەنگەن. بىراق ساقلىنىپ قالغان بىر قانچە قۇر خەت تازا ئوچۇق بولمىغاچقا، قۇللارنى ئېلىپ ـ سېتىش مۇھاكىمە قىلىشنىڭ ھېچقانچە قىممىتى يوق، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنى بىر پارچە ھېكايە دەپ قاراشقا بولىدۇ[12].

يەر باھالىرىنى رەتلەش ۋە تۈزۈشنىڭ تېخىمۇ ئەھمىيىتى يوق. چۈنكى، كۆپ ئەھۋاللاردا خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللاردا پەقەت يەرنىڭ كۆلىمى (مو سانى) ياكى بورلۇقنىڭ تۆت پاسىلى قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن. بىز ئوقۇغان ماتېرىياللاردا ئۇچراتقان سودىنىڭ قىممىتى 23 پارچە رەخت (يۇقىرىقى سېلىشتۇرۇشقا ئاساسلانغاندا تەخمىنەن ئىككى ياستۇق پۇلغا تەڭ) بولغان. بۇ رادلوف (F. W. Radlof) «ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قانۇني ۋەسىقىلەر توپلىمى» (Uigurische Sprachdenkmaler) (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ USP دېيىلىدۇ) دىكى 108 ـ نومۇرلۇق هۆججەتتە خاتىرىلەنگەن ئەھۋال ئىدى. بىراق USP12 نومۇرلۇق هۆججەتتە ئومۇمىي سودا 600 ياستۇق پۇلغا يەتكەن.

ئۈچ پارچە يەر سېتىش توختامىدا يەر باھاسى ئۇرۇق چاچقاندا كەتكەن ئۇرۇقلۇق مىقدارى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن.

| ماتېرىياللارنىڭ كېلىش مەنبەسى | ئۇرۇقلۇق مىقدارى | يەر باھاسى |
| --- | --- | --- |
| خاملتۇن: «هۆججەتلەر» [13] | 1 شىق (siq) | 100 پارچە بۆز |
| U3908 [14] نومۇرلۇق هۆججەت | 7 شىق | 3250 پارچە بۆز |
| تېخى ئېلان قىلىنمىغان U5241 نومۇرلۇق هۆججەت | 1 شىق 8 كۇرە | 3500 پارچە بۆز رەخت (پاختا قوشۇلغان) |

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سانلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭ بولۇپ، بۇنى پەقەت سۈپىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ ياكى بولمىسا ئوخشاش بولمىغان دەۋردىكى باھا پەرقى ئارقىلىقمۇ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇيغۇر يېزىقىدىكى هۆججەتلەردە زىرائەت ياكى مېۋىلىك باغ، كۆكتاتلىقنىڭ توغرا دائىرىسى تىلغا ئېلىنمىغان. ياپونىيە ئالىملىرى دەلىللەپ چىققان كۆپ سانلىق ئالاھىدىلىكلەر ۋە ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسى جۇڭگو ئەندىزىسىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ[15]، بىراق ئۇرۇق مىقدارىغا ئاساسەن يەر كۆلىمىنى بەلگىلەش جۇڭگونىڭ ئەندىزىسى ئەمەس ئىدى. بۇ خىل يەر كۆلىمىنى ھېسابلاش ئۇسۇلى باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا هۆججەتلىرىدىمۇ ھەمىشە كۆرۈلىدىغان بولۇپ، سانسكرىت يېزىقىدىكى هۆججەتلەردىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ بىزگە ئۇيغۇر يېزىقىدىكى هۆججەتلەرنى شۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادا بىلىنگەن بارلىق هۆججەتلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بەردى. بۇنى د. ئى. تىخونوف (D. I. Tikhonov) ئاللىقاچان ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغان تەلەپ ئىدى[16].

USPدا بىر قىسىم هۆججەتلەر ئېلان قىلىندى. كىشىلەر مۇئەييەن غەرەزلەرگە ئاساسەن بۇ هۆججەتلەرنى سودىگەرلەر خاتىرىسى دەپ قاراپ تۇرگە ئايرىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. بىر قىسىم ھېسابات تالونلىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن شەخسلەر قانچىلىك پۇل ياكى مالغا ئېرىشكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. ئەپسۇسكى، بۇ هۆججەتلەردە تۈرگە ئايرىش ئاساسى تىلغا ئېلىنمىغان. ئايرىم قارىغاندا، تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە هۆججەتلەر بار. 1. USP72 نومۇرلۇق هۆججەت بولسا، رەخت تاپشۇرغانلىق ھېسابات تالونى ئىدى. 2. USP74 نومۇرلۇق هۆججەتتە تاپشۇرۇلغان bك zمىسال كەلتۈرۈلگەن. 3. USP79نومۇرلۇق هۆججەت كارۋات كۆرپىسى ۋە سامان چۈشەك تاپشۇرغان ھېسابات تالونى (بۇ ھېسابات تالونى ناھايىتى مۇھىم. چۈنكى ئۇنىڭغا كارۋات كۆرپىسىنىڭ ھەر خىل مەخسۇس نامى يېزىلغان ئىدى). 4. USP91 نومۇرلۇق هۆججەت بىر سودىگەرنىڭ چىقىم تالونى ئىدى. بۇ چىقىم ئىككى ئەمەلدار ھۆكۈمەت ئىشى ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ۋاقىتتا سودىگەرنىڭ ئۇلارغا بەرگەن سوۋغىسى ئىدى[17].

USP62 ⑭ نومۇرلۇق ھۆججەت باشقا بىر خاراكتېردىكى ھۆججەت بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىت يىلى 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سادى (ۋە ؟ ) ياراق تەرەپ ـ تەرەپتە سودا قىلىش ئۈچۈن ئاداق تۇتۇقنىڭ قېشىغا ئۈچ باغلام 100 ياستۇق قىممىتىدىكى مال قويۇپ قويغان دەپ يېزىلغان. تۆۋەندە بۇ بۆلەكنى بىۋاسىتە تەرجىمە قىلساق: «مۇبادا (بۇ ماللارنى) 100 ياستۇققا ساتالىسام مەن سادى 50 ياستۇقلۇق مال (ad) نى ئاداق تۇتۇققا بېرىمەن. مۇبادا (بۇ ماللار) 100 ياستۇققا يەتمىسە، مەن ئەسلىدىكى مال (mal) نى ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭغا بېرىمەن» بولىدۇ. ئاستىدا ئىككى ئادەمنىڭ ئىسمى ۋە سادىنىڭ بارماق ئىزى بار. ئەڭ ئاخىرىدا ھۆججەت پۈتكۈچى ياراقنىڭ ئىمزاسى بار ئىدى. بۇ بۆلەك خەتنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىمى ad (مال، مەھسۇلات) (كلاۋسون G. Klauson) «ئېتىمولوگىيە لۇغىتى» 33 ـ بەتكە قاراڭ، ئۇنىڭدا ئەمەلىيەتتە بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «كۆچمە مۈلۈك» دېگەنلىك بولۇپ، ئائىلە ھايۋانلىرىنى كۆرسەتمەيدۇ دېيىلگەن) بىلەن mal (ئەرەب تىلىدىكى mal دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «مۈلۈك»، «چارۋا» دېگەن مەنىدە ئىدى) دېگەن سۆزلەر ئارىسىدا پەرق بار ـ يوقلۇقىنى بىلىش لازىم. كېيىنكى سۆز ئۇيغۇر يېزىقىدا باشقا جايلاردا پاكىت بولمىغاچقا، ئېنىقلاشقا ئامال بولماي قالدى. شۇنداق بولسىمۇ بۇ بۆلەكتىكى خەتلەرنى سودىگەر بىلەن ۋاكالەتچى سودىگەر ئارىسىدىكى كېلىشىمنامە دەپ مۆلچەرلەش قاراشتا بولسىمۇ توغرىدەكمۇ قىلىدۇ⑰. بۇ خىل ۋاكالەتچى سودىگەر چوقۇم ئۇلارغا ۋاكالىتەن ماللارنى بېكىتكەن باھا بويىچە ساتقان.

ئېلان قىلىنغان USP111 نومۇرلۇق ھۆججەتتىن سودىگەرلەر ئارىسىدىكى مال ـ پۇل تۇزۇمىگە ھۆكۈم قىلالايمىز⑱.


ئىزاھاتلار :

① س. ماكېرراس (C. Mackerras) «ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى تاشقى ئالاقە سودا مۇناسىۋىتى (744 — 840 ـ يىللار)» «ئوتتۇرا ئاسىيا ژۇرنىلى» نىڭ 13 ـ سانىغا بېسىلغان. 215 — 240 ـ بەتلەر، ھەم ئۇنىڭ «ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى (744 — 840 ـ يىللار)» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ، 1972 ـ يىل كانبېررا (canberra) نەشرى. 47 ـ 49 ـ بەتلەر.

② ئو. فرانكې (O. Franke) : «جۇڭگو ئىمپېرىيىسى تارىخى» II جىلد. بېرلىن 1936 ـ يىل، 469 — 501 ـ بەتلەر.

③ ئې. ھ. سېچېفېر (E. H. Schafer) : «سەمەرقەندنىڭ ئالتۇن شاپتۇلى» بەركېلىي ـ لوس ئانجېلېس (Berkeley- Los Angeles) 1936 ـ يىل. 20 — 22 ـ بەتلەر.

④ س. گ. كىلياشتۇرنىي (S. G. KljasTorny) : «ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمكى تۈرك مەدەنىيەت تارىخىدىكى بىر قانچە مەسىلە» «قەدىمكى شەرق تەتقىقاتى II» گە بېسىلغان. 122 — 124 ـ بەتلەر. سوغدى سودىگەرلىرى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى توغرىسىدا ج. پ. ئاسىماسىن: «مانى دىنىي مۇرىتلىرىنىڭ تۆۋە دۇئاسى — مانى دىنى تەتقىقاتى» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ. كوپېنھاگىن 1965 ـ يىل 150 ـ بەت.

⑤ ئا. ۋون. گابائىن (A. VON. Gabain) : «قەدىمكى تۈركلەر تۇرمۇشىدىكى يايلاق ۋە شەھەر»، «ئىسلام ژۇرنىلى» (Islamic) 29 ـ سانىغا بېسىلغان، 1950 ـ يىل 30 ـ 60 بەتلەر.

⑥ ئې. پىنكس (E. Pinks) : «سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى (960 ـ 1028 ـ يىللار) دىكى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى» ۋىسبادېن؛ 1968 ـ يىل.

⑦ يۇقىرىقى ئەسەر، 89 ـ 101، 111 ـ 112 ـ بەتلەر.

⑧ يۇقىرىقى ئەسەر 97 ـ 98 ـ بەت.

⑨ يۇقىرىقى ئەسەر 90 ـ بەت.

⑩ رىشات رەھمەت ئارات ( R. R. Arat): «قەدىمكى تۈركلەرنىڭ قانۇنىي ھۆججەتلىرى » ، «- تۈرك مەدەنىيەت تەتقىقاتى » 1 - سانغا بېسىلغان. 1964 - يىل 5 - 53 - بەتلەر.

⑪ ئا. ۋون. گابائىن : «قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى چىسلا خاتىرىلەش ئۇسۇلى » ، ئۇرال - ئالتاي يىللىق مەجمۇئەسى » 27 - سان. 1955 - يىل 194 - بەت.

⑫ بۇلارغا چېتىلىدىغىنى ئاساسەن ئىملا ھادىسىلىرى (t -- d ,z -- g ونىڭ ئالمىشىشى ) ، تىل ھادىسى (بۇلارنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ گىراماتىكا ھادىسىسى ، مەسىلەن تۆت كېلىش شەكلى قا- تارلىقلار ھەمدە لېكسىكولوگىيە ھادىسىسى يەنى موڭغۇل سۆزلىرىنىڭ بارلىققا كېلىش - كەل- مەسلىكى ) ، ئىلگىرى تېپىلغان باسما يېزىقى چېكىلگەن مۆھۈر قاتارلىقلار («قەدىمكى شەرق تەتقىقاتى » I 299 - 300 - بەتلەر ) ياكى تىلغا ئېلىنىپ ئۆتۈلگەن مەلۇم تارىخى شەخسلەر بار. ( كلارك ( G. Clark) : «13 - 14 - ئەسىرلەردە غەربىي رايوندىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان دىنىي خالى ھۆججەتلەر » بىرومىنتۇن، 1975 - يىل نەشرى. 97 - بەتنىڭ تۆۋەنكى قىسمىغا قاراڭ ) .

⑬ د. ئى. تىخونوف ( D. I. Tikhonov) «10 - 14 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىج- تىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى » موسكۋا - لېنىنگراد 1966 - يىل 86 - 94 - بەتلەر.

⑭ ئا. ۋون. گابائىن: «قوچو ئۇيغۇر خانلىقى (850 - 1250 - يىللار ) نىڭ تۇرمۇشى » ( تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «تۇرمۇش » دەپ ئېلىنىدۇ — خەنزۇچە تەرجىمانىدىن ) ۋىسبادېن 1973 - يىل.

⑮ مەسىلەن 40 - 52 - بەتلەر ( ساياھەت ، مىنىدىغان ھەم مال توشۇيدىغان ئۇلاغلار ) ؛ 59 - 60 - بەتلەر. ( توختام تۈزۈمى ) ؛ 60 - بەت (پۇل ئەھۋالى ) ؛ 63 - 64 - بەتلەر (پۇل بىرلىكى ) .

⑯ پىنكس ( Pinks) نىڭ يۇقىرىدىكى ئەسىرىنىڭ 96 - 98 - بەتلىرى.

⑰ پىنكسنىڭ يۇقىرىدىكى ئەسىرى، 98 - بەت، ھ. ئېكساد: «قەدىمكى جۇڭگونىڭ تاشقى سودىسى ( مىلادىيە 1 - ئەسىر ) » ، 21 - نۆۋەتلىك خەلقئارا جۇڭگوشۇناسلىق يىغىنى ماقالىلار توپ- لىمى » 37 - 59 - بەتلەرگە قاراڭ. 1971 - يىل.

⑱ ك. ئا. ۋىتىۋ، فىلىڭ جياشىڭ: «جۇڭگو لياۋ دەۋرى (90 - 1125 - يىللار ) نىڭ جەمئىيەت تارىخى » فىيچىلىڭ 1949 - يىل، 170 - بەتتىن تارتىپ كۆرۈڭ. يەنە ئا. گ. مالىياۋكىن: ( G. A. Maljavkin) : «جۇڭگو تارىخ ئەسەرلىرىدىكى 9 - 12 - ئەسىردىكى ئۇيغۇرلار تارىخى ھەققى- دىكى بايانلىرى » ، قازاقىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك رېسپوبلىكىسى پەنلەر ئاكادېمىيىسى ژۇرنىلى » تارىخ، ئارخېئولوگىيە ۋە مىللەتشۇناسلىق مەجمۇئەسىII ( 16 ) گە بېسىلغان. 1961 - يىل 75 - 77 - بەتلەر.

⑲ ئا. ۋون. گابائىن: «تۇرمۇش » 50 - بەت. «قوچو خانلىقىنىڭ چېگرا ئاتلاش بېجى توغ- رىسىدا ھېچقانداق ماتېرىيال يوق » .

⑳ يۇقىرىقى ئەسەرگە قاراڭ. 50 - بەت.

㉑ گابائىن : «تۈركلەرنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى » ، «تۈرك تىلشۇناسلىق ئاساسلىرى »II غا بېسىلغان. ۋىسبادېن 1964 - يىل، 224 - بەت.

㉒ يۇقىرىقىغا ئوخشاش. 225 - بەت.

㉓ رىشات رەھمەت ئارات: «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى » VII ، بېرلىن، 1936 - يىل، 40 - بەت. ھۆججەتنىڭ 65 - 70 - قۇرلىرىدا: «بىراق ئەگەر ھەرقانداق ئالىي پەزىلەتلىك كىشىنىڭ ئوغلى ياكى قىزى ساياھەتكە چىقماقچى بولسا ياكى يىراق بىر جاينى زىيارەت قىلماقچى بولسا ياكى سودىگەرلىك قىلماقچى بولسا، بايلىق تەلەپ قىلىش ئارزۇسى. . . . . . (بۇزۇلغان) » .

㉔ ۋ. بانگ، گابائىن، رىشات رەھمەت ئارات: «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى » VI ، بېرلىن: 1934 - يىل ، ھۆججەتنىڭ 102 - 104 - قۇرلىرىدا : «ياكى ئۇ يىراق جايغا بارماقچى بولسا ياكى يۇرۇشكە ئاتلانماقچى بولسا ياكى نام - ئابروي ۋە بەختكە ئېرىشىش ئارزۇسى بولسا ياكى سودا - سى-

تىق قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كىرىمى ئاشىدۇ» دېيىلگەن.

㉕ گ. كارا، پ. سېمې (G. Kara, Peter. Zieme) : «بېرلىن تۇرپان تېكىستلىرى» VII، بېرلىن، 72 ــ 77 ــ بەتلەر. «مۇشۇ ۋاقىتتا ئۆز تېنىدىن پايدىلىق نەرسە ئاپىرىدە قىلىش ئۈچۈن ئۇستازىغا كېرەكلىك بارلىق تاشلارنى يۆتكەشى، ئېتىزلىقتا ئىشلىشى، سودىگەرلىك قىلىشى، سۇ توشۇشى، ئوتۇن تېرىشى ۋە باشقا ئىشلارنى قىلىشى ياكى بەدەنلىرى چىلىق ــ چىلىق تەرگە چۆمگىچە ئىشلىشى شەرت ئىدى».

㉖ ف. ۋ. ك. مۇللېر (F. W. K. Müller) : «ئۇيغۇرشۇناسلىق» («uigurica») II، بېرلىن، 1910 ــ يىل، 77 ــ بەت، 25 ــ 27 ــ قۇرلار. يەنە ئا. ۋون گابائىن: «مايتىرى سىمىت» («Maitrisimit») ۋىسبادېن، 1957 ــ يىل، قوشۇمچە II، 53 ــ بەت: «ئاشۇ ياۋۇز كىشىلەر ئىلگىرى ئۇۋچى ياكى باش كېسەر بولغان، سودا قىلغاندا كىشىلەرنى ئالدايدىغان يالغان تارازا ئىشلەتكەن. ئىلگىرى باشقىلارنىڭ مۆھىبىتىگە چاڭ سالغان (قول تىققان) ياكى ئۆز قولىلىرىنىڭ يېمەك ــ ئىچمەك، كىيىم ــ كېچەكنى قىسىۋالغان ئىدى».

㉗ ۋ. بانگ، گابائىن، ر. ر. ئارات: «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى» VI، 28 ــ بەت، 10 ــ، 40 ــ قۇرلار، ھەمدە 39 ــ بەت 2 ــ قۇر. «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى VII» 97 ــ بەتتە ئېلان قىلىنغانغا تامامەن ئوخشايتتى. بۇ يېزىقنىڭ مەزمۇنى ياكى ئوخشاش مەزمۇندىكى ھۆججەت نۇسخىسى جۇڭگودىن كەلگەن.

㉘ ئا. ۋون. گابائىن: «تۇرمۇش»، 182 ــ بەت؛ گابائىن: «قوچو ئۇيغۇرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر»، «ئالتايدىكى مىللەتلەرنىڭ تىلى، تارىخى ۋە مەدەنىيىتى» گە بېسىلغان، بېرلىن، 1974 ــ يىل، 247 ــ بەت.

㉙ گ. كلاۋسۇن (G. Klauson) : «بىر پارچە كېيىنكى ئۇيغۇر ئائىلىسىگە ئائىت ئارخىپ»، «ئىران ۋە ئىسلام ژۇرنىلى» غا بېسىلغان. ئېدىنبورگ، 1971 ــ يىل، 167 ــ 196 ــ بەتلەر. تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ئائىلە ئارخىپى» دېيىلىدۇ ـــ خەنزۇچە تەرجىمان)

㉚ يۇقىرىقىغا ئوخشاش، 169 ــ بەت.

㉛ مۇبادا ھۆججەتتە سېتىۋېلىنغان ماللارنىڭ سانى بىردىن يۇقىرى بولسا، بىر دانىسىنىڭ باھاسى بويىچە ھېسابلانغان.

㉜ باشقا يەردە ئۈچ ساتىرغا بىر خالتا سېتىۋالغىلى بولىدۇ. (93 ــ 94 ــ قۇرلار)

㉝ كۆپ قېتىم قوي سودىسى تىلغا ئېلىنغان، يەنى تۆت تۇياق، بەش ساتىر؛ سەككىز تۇياق ئالتە ساتىر بەش باقىر؛ 10 تۇياق 20 ساتىر؛ بىر تۇياق بىر ساتىر 5 . 1 باقىر؛ بەش تۇياق بەش ساتىر بەش باقىر.

㉞ ئا. ۋون. گابائىن: «قوچو ئۇيغۇرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر» 242 ــ بەتنىڭ تۆۋەنكى قىسمىغا قاراڭ.

㉟ سان جولىئان (san. julian) : «ئۇيغۇرلار» «ئاسىيا ژۇرنىلى» غا بېسىلغان. 1847 ــ يىل، 64 ــ سان. ئا. گ. مالياۋكىن: «9 ــ 20 ــ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، يېڭى سىبىرىيە، 1974 ــ يىل، 90 ــ بەتكە قاراڭ.

㊱ يامادا نوبوئۇ: «ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئېلىپ كەلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئېلىم ــ سېتىم، قەرز ھۆججەتلىرى»، قوشۇمچە: «ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئېلىم ــ سېتىم

توختاملىرىنىڭ شەكلى » ، «شەرقىي ئوكيان ئەسىرلەر توپلىمى تەتقىقات ئورنى ياۋروپا خاتىرىلىرى » گە بېسىلغان، 23 ـ جىلد، توكيو، 1964 ـ يىل، 71 ـ 118 ـ بەتلەر.

⑦ «قەدىمكى شەرق تەتقىقاتى » I ، 295 ـ بەتنىڭ تۆۋەنكى ئىزاھىغا قاراڭ. ئۇنىڭغا ئوخشاش دۇنخۇاڭدىن ئېلىنغان خەنزۇ يېزىقىدىكى سودا ـ سېتىق توختامنامىسىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇ ھەقتە ج. گېرنارد: «دۇنخۇاڭ توختامنامىلىرىدا خاتىرىلەنگەن 9 ـ 10 ـ ئەسىردىكى جۇڭگو سودىسى » غا قاراڭ، «توڭباۋ » نىڭ 45 ـ سانىغا بېسىلغان، 1957 ـ يىل، 295 ـ 391 ـ بەتلەر.

⑧ ئا. ن. بېرنىشتام (A. N. Berns am) : «ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قانۇنىي ۋەسىقىلەر » ، «تارىخ ماتېرىيالشۇناسلىق » ( Problemy istocnik ovedenya) غا بېسىلغان. 3 ـ سان، 1940 ـ يىل، 78 ـ بەت. بۇ ھۆججەتكە ئاساسەن، بىر چىسلانىڭ كۆپ قېتىم كۆرۈلۈشى پەقەت ھۆججەتنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسى بىلەنلا چەكلەنگەن.

⑨ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش، 71 ـ 72 ـ بەتلەر.

⑩ تىخونوۋنىڭ يۇقىرىدا نامى زىكىر قىلىنغان ئەسىرى، 40 ـ بەت.

⑪ ئا. ۋون. لېكوك: «تۇرپاندىن تېپىلغان كۆك تۈرك ۋەسىقىلىرى » «پروسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى يىغىن خاتىرىسى » ( spaw) غا بېسىلغان، 1909 ـ يىل، 1058 ـ بەت ( TM326) ؛ ۋ. تومسېن بۇنىڭغا بىر قىسىم مۇھىم تولۇقلىمىلەرنى بەردى. ( ئۇنىڭ ئەسىرى «تۇرپاندىن بايقالغان بىر ۋاراق ‹رونىك يېزىقى›، دىكى ۋەسىقە » ، « spaw» غا بېسىلغان، 1910 ـ يىل، 296 ـ بەت (1 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ).

⑫ گاباتىن: «قەدىمكى تۈرك ئەدەبىياتى » 232 ـ بەت.

⑬ جامېس خامىلتون ( J. Hamilton) : «يارغولدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يەر سېتىش ھۆججىتى » ، «تۈركشۇناسلىق تەتقىقاتى » 1 ـ تومغا بېسىلغان، 1969 ـ يىل، 26 ـ 52 ـ بەتلەر. ( تۆۋەندە قىسقارتىپ «ھۆججەت » دېيىلىدۇ ــ خەنزۇچە تەرجىماندىن)

⑭ «قەدىمكى شەرق تەتقىقاتى » دا ئېلان قىلىنغان. 295 ـ بەتنىڭ تۆۋەنكى قىسمىغا قاراڭ.

⑮ مورى ماسائو: «ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قەرز ھۆججەتلىرى توغرىسىدا تەتقىقات » ، «شەرقىي ئوكيان ئەسىرلەر توپلىمى تەتقىقات ئورنى ياۋروپا خاتىرىلىرى » ، 20 ـ جىلد، توكيو، 1961 ـ يىل، 111 ـ 148 ـ بەتلەر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلغانلاردىن گاباتىنمۇ بار. ئۇنىڭ ماقالىسى «ئۇرال ـ ئالتاي يىللىق مەجمۇئەسى » 34 ـ جىلدقا بېسىلغان ، 1962 ـ يىل ، 280 ـ 283 ـ بەتلەر ، ھەم ياماda نوبۇئۇنىڭ يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئەسىرى بار.

⑯ د. ئى. تىخونوۋ (D. I. Tikhonov) نىڭ يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرگەن ئەسىرى. 19 ـ 20 ـ بەتلەر.

⑰ USPنىڭ 154 ـ بېتىگە قاراڭ.

⑱ بىر قانچە يېرىنى تۈزىتىشكە توغرا كېلىدۇ، بىراق ئەسلى نۇسخىسىنى كۆرۈشىمىزگە ئامال يوق. كلارك ( Clark) نىڭ يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئەسىرى، 426 ـ بەت، 77 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

⑲ تىخونوفنىڭ يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئەسىرى، 88 ـ بەت.

⑳ تىخونوفنىڭ ئىلگىرى نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئەسىرى، 88 ـ بەتكە قاراڭ؛ كلاركنىڭ ئىلگىرى نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئەسىرى، 426 ـ بەتنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدا 79 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى بار.

تەرجىمان: ئەلئەت ئوبۇلقاسىم
تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇنىي ھۆججەتلىرى

ساۋۇت موللاۋۇتوف، ر. سۇلەيمەنوۋ

قەدىمكى ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرىنى يىغىش، ئۆگىنىش، نەشر قىلىش خىزمىتى تۈركشۇناسلىقنىڭ مۇھىم مەسىلىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل تەتقىقاتلار شەرقتە ياپونىيىدىن تارتىپ ياۋروپانىڭ چوڭ مەملىكەتلىرىگىچە بولغان ئارىلىقتا جىددىي ئىشلەنمەكتە. شۇلاردىن بىرى 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يەنى 1993 - يىلى ياپونىيىدە «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر توپلىمى» ناملىق ئۈچ قىسىمدىن ئىبارەت تەتقىقاتلار ياپون ۋە نېمىس ئالىملىرىنىڭ ھەمكارلىقىدا مەتبەئەدە بېسىلغان ئىدى.

ياپون ۋە نېمىس تىللىرىدا ئېلان قىلىنغان بۇ ئىلمىي ئەمگەكنىڭ بىرىنچى قىسمىدا مەشھۇر ياپون تارىخچىسى يامادا نوبۇئونىڭ ۋەسىقىلەر (ھۆججەتلەر) گە بېغىشلانغان ماقالىلىرى بېرىلگەن. ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قىسىملىرىغا 121 پارچە ۋەسىقىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى، ياپونچە، نېمىسچە تەرجىمىسى، فوتو نۇسخىلىرى ۋە باشقا ھۆججەتلىك مەلۇماتلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇداجوتېن، پېتېر سىمې، ئومېمۇرا خىروشى، مورىيا سو تاكائو تەرىپىدىن تۈزۈلگەن بۇ ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ ئەھمىيىتىگە چوڭقۇر چۆككەن ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن مۇھەممەترېھىم سايىت بىلەن ئىسرائىل يۈسۈپ ئۇنى دەرھال مەتبەئەگە تەييارلاش ئىشىغا كىرىشىپ، بىر يىل ئىچىدە يەنى 1994 - يىلى ئەمگىكىنى نەشرىياتقا تاپشۇرغان ئىدى. بىراق مەبلەغ مۇناسىۋىتى تۈپەيلى كىتاب «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» نامى بىلەن پەقەت 2000 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق نەشرىياتىدا يورۇق كۆردى. ئۇيغۇر نەشرىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ياپون ۋە نېمىس ئالىملىرى كىتابنىڭ 3 - قىسمىدا 121 پارچە ۋەسىقىدىن 119 نىڭ فوتو نۇسخىسىنى بېسىپ چىقارغان. شۇ جۈملىدىن ئۇلارنىڭ 91 پارچىسىنىڭ ساقلىنىۋاتقان ئورنى ئېنىق؛ 61 پارچىسى گېرمانىيىدە، 10 پارچىسى پېتېربورگدا، 7 پارچىسى ياپونىيىدە، 5 پارچىسى تۈركىيىدە، 3 پارچىسى فىنلاندىيىدە، 1 پارچىسى ئەنگلىيىدە، 4 پارچىسى جۇڭگودا (ئۈچى بېيجىڭدا، 1 ئۈرۈمچىدە) ساقلانماقتا.

مۇھەممەترېھىم سايىت ۋە ئىسرائىل يۈسۈپ ئۆزلىرى تەييارلىغان نەشرىدە 121 پارچە ھۆججەتكە يەنە تۆت پارچە ۋەسىقىنى قوشۇپ، ئۇلارنىڭ سانىنى 125 كە يەتكۈزگەن. بۇ قوشۇلغان ۋەسىقىلەرنىڭ ئىككىسى (47 - 78) 1980 - يىلى تۇرپان بېزەكلىك مىڭ ئۆيدىن، بىرى (79 -) 1959 - يىلى سىڭگىم ئېغىزىدىن ۋە يەنە بىرى (125 -) 1969 - يىلى قوچو - ئىدىقۇت شەھىرىدىن تېپىلغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىراسگاھىنىڭ ئالىي تەتقىقاتچىسى ئىسرائىل يۈسۈپ 1995 - ۋە 1999 - يىللىرى ئىلىم دۇنياسىغا تونۇشتۇرغان.

ياپون ۋە نېمىس ئالىملىرى ۋەسىقىلەرنى مەزمۇنىغا قاراپ، تۆۋەندىكىچە تۈرلەرگە بۆلۈپ ئىزاھلىغان:

1) ئېلىم - سېتىم ۋەسىقىلىرى 29 پارچە؛ 2) ئالماشتۇرۇش ۋەسىقىلىرى 3 پارچە؛ 3) ئىجارىگە ئېلىش ۋەسىقىسى 14 پارچە؛ 4) قەرز ئېلىش ۋەسىقىسى 30 پارچە؛ 5) بالا بېقىۋېلىش ۋەسىقىسى 3 پارچە؛ 6) ئادەمنى گۆرۈگە قويۇش ۋەسىقىسى 2 پارچە؛ 7) قۇللارغا ھۆرلۈك بېرىش ۋەسىقىسى 1 پارچە؛ 8) ۋەسىيەتنامە ياكى مىراس بۆلۈش ۋەسىقىسى 6 پارچە؛

9 ) باشقا ۋەسىقىلەر 33 پارچە.

ئۇيغۇر مۇئەللىپلىرى نەشرگە تەييارلىغان نەشردە چەت ئەللىك قەلەمداشلارنىڭ يۇقىرىقى تەرتىپىنى ساقلاپ قالغان. ئەمدى كىتابىنىڭ نامى توغرىلىق بىر ـ ئىككى ئېغىز سۆز قىلىپ ئۆتىمەن. «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» نامىدىكى ۋەسىقە ـ ھۆججەت سۆزى ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدىكەن. دۇنيادا «يورىدىك (قانۇن ـ ھوقۇق) ھۆججەتلىرى» دېگەن ئۇقۇم مۇقىملاشقان. شۇڭلاشقا ۋەسىقىنىڭ ئالدىغا «قانۇنىي» (ھوقۇق) سۆزىنى ئېنىقلىما سۈپىتىدە ئىشلەتسەك كونا يادىكارلىقلارنىڭ ماھىيىتى تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، «ئۇيغۇر يېزىقى» ئىبارىسىنىڭ پەقەت «ئۇيغۇر» سۆزىنىلا ئالساق تېخىمۇ كونكرېتلىشىدۇ : «ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇنىي ۋەسىقىلىرى» ياكى «ئۇيغۇر قانۇنىي ھۆججەتلىرى» دېگەن مەزكۇر ئىبارە روس تىلىغا «ئۇيغۇرسكىي يورىدىچېسكى دوكۇمېنتى» («ئۇيغۇر يورىدىك (قانۇنىي) ۋەسىقىلىرى») دەپ تەرجىمە قىلىنىپ، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قوللىنىلماقتا. بۇ ئەھۋال ئەمەلىيەتتە تۈرلۈك ئېنىقسىزلىقلارنى يورۇتۇپ بەردى. مەسىلەن، ئاكادېمىك ۋ. رادلوۋنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ يازما يادىكارلىقلىرى توغرىلىق (1928 ـ يىل) كىتابىنى ئىسراپىل يۈسۈپ، مۇھەممەترەھىم سايىتلار «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر» دەپ تەرجىمە قىلسا، ئابلىكىم ياسىن بىلەن ئاسىيە مۇھەممەد سالىھلار «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر توپلىمى» دەپ ئاتىغان. ئەسلىدە كىتابنىڭ نېمىسچە ھەم روسچە نامى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ يادىكارلىقلىرى» دۇر. شۇڭلاشقا ئۆز ماقالىمىزدا ۋەسىقە، ھۆججەت دېگەن سۆزلەر ئوخشاش مەنىدىكى سۆزلەر بولۇپ، ئالدىغا «قانۇن ـ ھوقۇق» دېگەن ئىبارىنى قوشۇپ ئىشلەتسەك ۋە «يېزىقىدىكى» سۆزىنى قوللانمىساق يەنى «ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇنىي ۋەسىقىلىرى» ياكى «ئۇيغۇر ھوقۇق ھۆججەتلىرى» دېسەك ئەنە شۇ چاغدا ئۇلار ھەم ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەم شۇ مىللەتنىڭ يازما يادىكارلىقلىرى ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىپادىلەيدۇ.

مۇئەللىپلەر ئۆز كىتابىنى تۆۋەندىكى قىسىملارغا بۆلگەن: كىرىش سۆز، ۋەسىقىلەرنىڭ تىلى، ترانسكرىپسىيىسى (لاتىن ھەرپىدە)، يەشمىسى، ئىزاھلىرى، لۇغەت، پايدىلانغان ئاساسلىق ماتېرىياللار، رەسىم (تۆت پارچە فوتو نۇسخا).

مۇئەللىپلەر يورىدىك (قانۇنىي) ۋەسىقىلەرنىڭ پۈتۈلگەن ۋاقتى 13 ـ، 14 ـ ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ، دېگەن ئومۇمىي كۆز قاراشقا قوشۇلىدۇ. تەتقىقاتچىلار بۇ مەنبەئەلەرنىڭ ھەممىسى تۇرپان تەۋەسىنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. مەزكۇر ھۆججەتلەر قوچو ئۇيغۇرلىرى دەۋرىنىڭ (كۆپرەك 13 ـ 14 ـ ئەسىرلەر) ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار مۇقەددىمىدىن كېيىن يادىكارلىقلارنىڭ تىلى ھەققىدە توختىلىپ، فونېتىكا (26 ـ 73 ـ بەتلەر)، لېكسىكا (73 ـ 81)، مورفولوگىيە (82 ـ 114 ـ) بويىچە ئومۇمىي مۇلاھىزە قىلىش بىلەن بىللە ئۆزلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مۇھەممەترەھىم سايىت ۋە ئىسراپىل يۈسۈپ مەزكۇر كىتابىدا يورىدىك (قانۇن ـ ھوقۇق) ۋەسىقىلىرىنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى (ترانسكرىپسىيىسىمۇ بار) بېرىپ، ئۇنى ئىزاھلار ۋە يەشمىلىرى بىلەن تەمىنلىگەن. 121 قانۇنىي (يورىدىك) ھۆججەتلەرنىڭ كۆپلىكىنى ۋ. رادلوۋ، ئا. گرۇنۋېدېل، ئا. لېكوك، س. مالوۋ ھەم شۇنداقلا ياپون، نېمىس ۋە باشقا ئالىملارنىڭ ترانسكرىپسىيىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئىزاھلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇلار كۆپلىگەن مەتنىلەرنى ئېنىقلاپ، تۈزىتىش كىرگۈزۈپ يېڭى نۇسخىلار بىلەن تولۇقلاپ، سەۋەنلىكلەرنى تۈزىتىشكە ئوخشاش خېلى كۆپ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇئەللىپلەر بۇ ساھەدە كېيىنكى يىللاردا قولغا كەلتۈرگەن تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن مول، تولۇق پايدىلانغان ۋە ئۇلارنى يىغىنچاق بىر شەكىلگە كەلتۈرگەن. مەزكۇر تەتقىقاتنىڭ ئۆلگىسى سۈپىتىدە يەنى ئۇلار ئۆزلىرى قوشقان تۆت

ھۆججەتنىڭ بىرىنى يەنى 125 ـ مەتىننىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى ھەم يېشىمىسىنى مىسالغا ئالايلى:

1. بارس يىلى سەككىزىنچى ئاي ئۈچ يىگىرمى ـ كە ئالپ تۇرمىش

2. بىرلىمىش ئىكى يۈز كۈان باقىر ـ تا يۈز كۈان باقىر

3. مىن يايىگ (ۋاپشى) توتولۇڭ قۇتلۇغ ئارسلان ئالتىمىز

4. باقىر چۇ توتۇلۇڭ ئالتى بۇ ۋاپشى تۇتۇلۇڭ بەگ ـ نىڭ ئول

5. بۇ تامغا قۇتلۇغ ئارسلان ـ نىڭ

6. بۇ باقىر توقۇز ئون توقۇز ـ ئار ئول

7. خوۋ كولۇڭ

مۇئەللىپلەرنىڭ ئىزاھلىرى: بۇ قولىيازما «1969 ـ يىلى ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىدىن تېپىلغان بولۇپ، ساقلىنىشى تولۇق، چوڭلۇقى 18.3 × 26.1سانتىمېتىر، ئۇنىڭغا ئالتە قۇر قەدىمكى ئۇيغۇرچە خەت ئېنىق تېز يازما خەت نۇسخىسىدا چىرايلىق يېزىلغان . . . مەزكۇر ھۆججەتنىڭ خەت نۇسخىسى، فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى ۋە تىل ئىشلىتىلىشىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ دەۋرى مىلادىيە 13 ـ ئەسىردىن بۇرۇن بولۇشى مۇمكىن (383 ـ بەت).

ۋەسىقىنىڭ يەشمىسى:

1. يولۋاس يىلى سەككىزىنچى ئاينىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنى، ئالپ تۇرمىش (تەرىپىدىن).

2. بېرىلگەن ئىككى يۈز تىزىق مىس يارماقتىن يۈز تىزىق مىس يارماقنى.

3. مەن يابىغ (ۋاپشى) تۇتۇلۇڭ (ۋە) قۇتلۇق ئارسلان ئالدۇق. يۈز تىزىق.

4. مىس يارماقنى چۇ توتۇلۇڭ ئالدى. بۇ ۋاپشى تۇتۇلۇڭ بەگنىڭ (نىشانى) دۇر.

5. بۇ تامغا قۇتلۇغ ئارسلاننىڭدۇر.

6. بۇ مىس يارماقلارنىڭ ھەر (ئۈلۈشى) توقسان توققۇز (تىزىق) تۇر.

7. بۇ ھۆججەتنىڭ ئاخىرى بوش (بۇ ھۆججەتنىڭ ئاخىرىدا باشقا خەت يوق).

ھۆججەتنىڭ تۈزۈلۈش ئۈلگىسى: دەسلەپ 12 مۆچەل بويىچە يىلناملار (چاشقان، ئۇد، بارس. . .) ئايلار ئارام، ئىككىنچى، ئۈچىنچى . . .) ۋە كۈنلەر كۆرسىتىلگەن. ئاندىن كېيىن 1 ـ تەرەپنىڭ ئىسمى ۋە ئېھتىياجى (تۆمۈرگە، ئۈزۈملۈك كېرەك بولۇپ)، قامدىغۇچىسى؛ 2. تەرەپنىڭ ئىسمى ئېلىش ـ بېرىش نەرسىلەرنىڭ مىقدارى، باھاسى ۋە باشقا شەرتلىرى يېزىلىدۇ. ئىككى تەرەپ شەخسلەرنىڭ ۋە گۇۋاھچىلارنىڭ تامغىلىرىمۇ بېسىلىپ، ھۆججەت ئاياقلىشىدۇ. بەزى چاغلاردا گۇۋاھچىسىزلا ئىككى تەرەپنىڭ بىرى كېلىشىمنى يېزىپ، ئاندىن ئىككىسى تامغىلىرىنى بېسىشقان. ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى ئەنە شۇنداق ئالىيجانابلىق، بىر ـ بىرىگە ئىشىنىش كەبى خىسلەتلەر ئالىملارنى ھەيرەتتە قالدۇرغان. بۇنىڭغا قايىل بولغان پروفېسسور ئالبېرت لېكوك: «كۆپلىگەن ھۆججەتلەرنى ئىككى تەرەپنىڭ بىرى ئۆزى تۈزگەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. چۈنكى، ئۇلاردا قانۇنشۇناسلىقنىڭ نازارىتى بايقالمايدۇ. دېمەك، شۇ مەزگىللەردە ھەرقانداق يورىدىك (قانۇن ـ ھوقۇق) شەكىللەرنى تۈزۈشنى كەڭ دائىرىدە ھەممە كىشى بىلگەن. ئەنە شۇ دەۋردىكى ياۋروپا بىلەن سېلىشتۇرغاندا تۈركىيلەرنىڭ ئەۋزەللىكىنى بايقالغانلىقى كۆرۈلمەكتە. ياۋروپانىڭ مەرتىۋىلىك فېئوداللىرى شۇ زامانلاردا بارلىق قائىدىلەر ئاساسىدا شۇنداق شەرتنامىلەرنى تۈزەلەيتتىمۇ؟ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇنداق پائالىيەتلەرنى يېزا ـ ھۈنەرۋەنلىرىمۇ ئەمەلگە ئاشۇراتتى»، دەپ يازىدۇ. 1918 ـ يىلى ئېلان قىلغان «تۇرپان ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرى» دېگەن ماقالىسىدا: كۆپچىلىك ئالىملار قەدىمكى ئۇيغۇر قانۇنىي ھۆججەتلىرىنىڭ تېپىلىشى، تەتقىق، نەشر قىلىنىش ئىشلىرىنىڭ تارىخى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا باشلانغان، دەپ تەكىتلىمەكتە. پروفېسسور س. كلياشتورنېينىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، روس ئالىملىرى ۋ. روبوروۋسكىي ۋە ب. كوزلوۋلار ئېكسپېدىتسىيىچى ئوترىيادى تەرىپىدىن 1893 — 1895 ـ يىللىرى تۇرپان تەۋەسىدىن تېپىلغان بىر قاپ قەدىمىي قولىيازمىلارنى 1897 ـ يىللىرى كۆزدىن كەچۈرگەن مەشھۇر تۈركشۇناس ئاكادېمىك ۋ. رادلوف ئۇلار ئا.

2005.1

رىسىدىكى ئىش ـ پۈتۈكلىرى ۋە بۇددا ئەسەرلىرىنىڭ پارچىلىرىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشنى تەكىتلىگەن ئىكەن. بىر يىلدىن كېيىن ، يەنى 1898 ـ يىلى د. كلېمېنسىنىڭ تۇرپاندا ئېلىپ بارغان ئېكسپېدىتسىيە نەتىجىلىرىمۇ مول بولغان. ئەنە شۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيىدە تۆت قەدىمىي ئۇيغۇر تىلى يادىكارلىقىنى پېتېربورگدا نېمىس تىلىدا 1899 ـ يىلى بىرىنچى بولۇپ ۋ. رادلوف ئېلان قىلدى. شۇلارنىڭ ئىككىسى يورىدىك (قانۇنىي ھوقۇق) ھۆججەتلەر ئىدى ، دەپ خەۋەرلىگەن. پروفېسسور د. ناسلوۋ ئۆزىنىڭ «ۋ. ۋ. رادلوف ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلار» ناملىق ماقالىسىدا شۇنىڭدىن كېيىن ۋ. رادلوفقا 1902 — 1903 ـ يىللىرى تۇرپان ئەتراپىدا ئارخېئولوگىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىسىدە بولغان نېمىس ئالىمى ئا. گرۇنۋېدېل 46 پارچە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئەۋەتىپ بەرگەن. روس ئالىمى ئىدىقۇت شەھىرى ئەتراپىدا تېپىلغان بۇ يادىكارلىقلارنىڭ فوتو نۇسخىسى ناچار بولغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن پەقەت 23 پارچىنى 1905 ـ يىلى مىيۇنخېن شەھىرىدە مەتبەئەدە باستۇرغان. كېيىن ۋ. رادلوف يىغىلىپ قالغان قولىيازمىلارنى توپلاپ، 1908 ـ يىلى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ يادىكارلىقلىرى» ناملىق كىتابىنى نەشرگە تەييارلىغان بولسىمۇ، ئۇ پەقەت 20 يىلدىن كېيىن شاگىرتى س. مالوۋنىڭ قوشۇمچىلىرىنى تولۇقلىشى بىلەن لېنىنگراتتا بېسىلىپ چىقتى. بۇنىڭدا يۈزدىن ئوشۇق قانۇنىي ۋەسىقە جەملەنگەن. يەنە تۆت يىلدىن كېيىن پروفېسسور س. مالوۋ «س. ۋ. ئولدېنبورگ ئېكسپېدىتسىيىسى ئۇيغۇر ھۆججەتلىرىنىڭ قولىيازمىلىرى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭدا بەش قانۇنىي ھۆججەتنىڭ ترانسكرىپسىيىسى، روسچىسىغا قىلىنغان تەرجىمىسى ۋە فاكسىمىل نۇسخىسى بېرىلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس ئالىم 1951 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «قەدىمكى تۈركىي يېزىقىنىڭ يادىكارلىقلىرى» ناملىق كىتابىدا «ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇنىي ھۆججەتلىرى» دېگەن مەخسۇس باب ئاجرىتىپ، سەككىز ۋەسىقىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى، تەرجىمىسى، ئىككىسىنىڭ فاكسىمىل نۇسخىسى، قالغانلىرىنى باسما ھەرپتە ئېلان قىلغان. مالوۋ ۋەسىقىلەرنىڭ ۋاقتى توغرىلىق ئۈچ خىل پىكىر ئېيتقان. 1928 ـ يىلى، 12 — 14 ـ ئەسىرلەر دېگەن بولسا، 1951 ـ يىلى، 10 — 13 ـ ئەسىرلەر دەپ كۆرسەتكەن. ھازىرقى چاغدا ئۇلارنىڭ مەزگىلى ئاساسەن 13 — 14 ـ ئەسىرلەر دەپ كۆرسىتىلمەكتە. بىراق، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ ئاخىرقى ھۆكۈم ئەمەس دېگۈچىلەرمۇ بار.

مەزكۇر ۋەسىقىلەر دەسلەپ ئېلان قىلىنىش مەزگىلىدە ئاكادېمىك ۋ. بارتولد (1911 ـ يىل)، كېيىنرەك پروفېسسور ئا. ياكۇبوۋسكي بۇ ھۆججەتلەرگە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ماتېرىيال سۈپىتىدە تارىخچىلارنىڭ نەزەر ئاغدۇرۇشى زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىگەن ئىدى. يۇقىرىقى ئالىملارنىڭ نۇقتىلىق كۆرسەتمىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مەشھۇر تارىخچى، پروفېسسور ئا. بېرنشتام «ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇنىي ھۆججەتلىرى» ناملىق چوڭقۇر ۋە زور ھەجىملىك ئىلمىي تەتقىقاتىنى 1940 ـ يىلى «ھۆججەتلەرنىڭ تەۋەلىك مەسىلىلىرى» ناملىق كىتابىدا ئېلان قىلغان. تەتقىقات كىرىش، ھۆججەتلەرنىڭ نەشرى ۋە ئۇلارنىڭ قەدىمكى تۈركىي يادىكارلىقلىرىدىكى ئورنى ، ھۆججەتلەرنىڭ ئومۇمىي تەرزى، شەكلىنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۇلارنىڭ ئاساسىي تىپلىرى ئوخشاش قىسىملىرىدىن ئىبارەت. ئا. بېرنشتام ئۇلارنىڭ ئەھمىيىتىنى تۆۋەندىكىچە باھالىغان: ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇنىي ھۆججەتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، شۇنداقلا موڭغۇل دۆلىتىنىڭ تارىخى بويىچە ئەڭ قىممەتلىك مەنبەلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار شەرقشۇناسلىق تارىخىدا تېخى پايدىلىنىلمىغان، چۈنكى بۇنداق ۋەسىقىلەر شەرق تارىخىدا ناھايىتى كام ئۇچرايدىغان تۈركىي خەلقلەر تارىخى ئۈچۈن نادىر يازما مەنبەلەردۇر. شۇنداقلا ئۇلار ئۇرۇقچىلىق تۈزۈم، جامائە ۋە باشقا ماتېرىياللارنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ماتېرىيال بولماقتا.

بېرنشتامنىڭ بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرغان

ئۇنىڭ شاگىرتى ئەخمەت كىبىروۋ خەلقىمىزنىڭ قانۇنىي ھۆججەتلىرى ئاساسىدا «13 — 14 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇرىيىنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي تۈزۈمى» ماۋزۇدىكى دىسسېرتاسىيىسىنى 1950 ـ يىلى ئۇتۇقلۇق ياقلىغان. باقى دۇنياغا ۋاقىتسىز كەتكەن بۇ تالانتلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى 1952 ـ يىلى «ئۇيغۇرىيىدە قۇلچىلىق مەسىلىسىگە دائىر» ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ئالىملار ئارىسىدىكى بۇ مەسىلىلەر بويىچە ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى ئېنىقلاش ۋە ئۇلارغا رەددىيە بېرىش يولىدا خېلى سالماقلىق تەتقىقات يۈرگۈزگەن ئىدى. ئەپسۇس ئۇنىڭ ئۆمرى قىسقا بولۇپ قالدى. ئەخمەت كىبىروۋنىڭ تارىخىمىز ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك دىسسېرتاسىيىلىك ئەمگىكى ئالاھىدە كىتاب بولۇپ نەشر قىلىنماي، قولىيازما پېتىچە قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ فوندىدا ساقلانماقتا.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىنى تەكشۈرۈشتە كۆپ ئەمگەك قىلغان ئاتاقلىق ئالىم، پروفېسسور د. تىخونوۋ ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى بۇ شەرەپلىك ئىشقا سەرپ قىلغان. ئۇ 1966 ـ يىلى مەتبەئەدە بېسىلغان «ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تۈزۈمى. 10 — 14 ـ ئەسىرلەر» دېگەن كىتابىدا تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر ئۇيغۇرىيىنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي تارىخىنى يازغاندا بىرىنچى قول مەنبە بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، ئۆز ئىلمىي تەتقىقاتىدا ئاساسەن شۇ ماتېرىياللارغا تايانغان ۋە شۇنداقلا ئايرىملىرىنىڭ فوتو نۇسخىلىرىنى تەرجىمىلىرى بىلەن ئىلاۋە قىلغان. بۇ ئالىمنىڭمۇ بەزى تەتقىقاتلىرى جۈملىدىن «ئۇيغۇرلار» دېگەن تارىخى ئېتنوگرافىيىلىك ئوچېركى بېسىلماي قالغان.

دۇنيا يۈزىدىكى كۆپلىگەن مەملىكەتلەرنىڭ قولىيازما فوندلىرىدا مىڭلىغان ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرى ساقلانماقتا. بىراق، ئۇلارنىڭ تولۇق سانى تېخىچە مەلۇم ئەمەس. ئېنىقلانغانلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ سانىنى كۆزگە كۆرۈنگەن تۈركشۇناس س. كلياشتورنىي ئۆزىنىڭ «مەركىزىي ئاسىيا تارىخى ۋە رونا يېزىقىنىڭ يادىكارلىقلىرى» (2003 ـ يىل) ناملىق كىتابىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

سانكت ـ پېتېربورگدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ قولىيازمىلار بۆلۈمىدە پەقەت قەدىمىي ئۇيغۇر خېتىنىڭ يادىكارلىقلىرىنىڭ (فراگمېنتىدىن تارتىپ چوڭ قولىيازمىغىچە) 4228 پارچە مىراسى ساقلانماقتا. ئۇلارنىڭ سانىغا ئەرەب، مانى، كاروشتى خەتلىرىدە ئۇيغۇرچە يېزىلغان بايلىقلار كىرمەيدۇ.

س. كلياشتورنىي ۋېنگرىيە ئالىمى، پروفېسسور گ. خاساننىڭ مەلۇماتىغا تايىنىپ، قەدىمىي ئۇيغۇر قولىيازمىلىرى ۋە فراگمېنتلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ ساقلانمىلىرى گېرمانىيىنىڭ پەيتەختىدە ساقلانماقتا، دەپ كۆرسەتكەن. ئۇلارنى ئا. گرۈنۋېدېل ۋە ئا. لېكوكلار تۆت قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا (9102— 1914 ـ يىللار) تۇرپان تەۋەسىدە توپلىغان يادىكارلىقلاردىن خەۋەرلەندۈرىدۇ. بۇ يادىكارلىقلارنىڭ سانى 8000 دىن ئارتۇق. لوندوندىكى ئا. ستەيىن، پارىژدىكى پ. پېللىئوتنىڭ ئەڭ كۆپ ساقلانمىلىرى يېتەرلىك تەتقىقات قىلىنمىغان. ئەمدى بېيجىڭدىكى قەدىمىي ئۇيغۇر ساقلانمىلىرىنىڭ تەركىبى توغرىلىق ھېچقانداق مەلۇمات يوق دېسەكمۇ بولىدۇ، دەپ تەكىتلەيدۇ. روسىيە تۈركشۇناسى س. كلياشتورنىي، تۈركىيە ئالىمى، پروفېسسورى رىشىت رەخمەت ئاراتنىڭ 40 يىل بۇرۇن چىققان «كونا تۈرك قانۇنىي ۋەسىقىلىرى» (1964 ـ يىل) دېگەن كىتابىدا تىلغا ئېلىنغان ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ فوندلىرىدا 400 گە يېقىن ئۇيغۇر قانۇنىي ھۆججەتلىرى بار، دەپ مەلۇمات بەرگەن. ئەمدى كېيىنكى 40 يىل مابەينىدە تالاي ۋەسىقىلەر تېپىلدى ۋە ئېلان قىلىندى. لېكىن ئۇلارنىڭ سانى تېخى ھېسابقا ئېلىنمىدى. ئەنە شۇنداق ئىلمىي تەتقىقات ئۇتۇقلىرى تۈپەيلى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ تۇرپانشۇناسلىق دېگەن چوڭ يېڭىلىقى پەيدا بولدى. بۇ ساھەنىڭ تارىخى ۋە نەتىجىلىرى ئالاھىدە ماقالىنى تەلەپ قىلىدۇ.

**«ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ 2005 ـ يىل 13 ـ مايدىكى تارىخىي سەھىپىلىرىمىزنى ۋاراقلىغاندا» دىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلدى**

**ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق**
**تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم**

# قوچو – Idiķut ھۆججەتلىرىنىڭ تۈرى ۋە مەزمۇن ئالاھىدىلىكى

ئەشرەپ ئابدۇللا قۇتزات ، رازىيە يۇنۇس

قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت پائالىيىتى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بولۇپمۇ IX ئەسىردە قوچو ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن قوچو ئۇيغۇرلىرى جەمئىيەتنىڭ ھەممىلا ساھەسىدە، جۈملىدىن مەدەنىيەت ساھەسىدە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئاساسىدا باشقا مىللەت، رايونلارنىڭ مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزگىچە مىللىي مەدەنىيىتىنى ياراتتى.

تارىخىي مەنبەلەرگە ۋە «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى» مەڭگۈ تېشىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، غەربكە قاراپ كۆچكەن 15 قەبىلە ئۇيغۇر ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈچ چوڭ بۆلەككە ئايرىلىپ، ئاساسلىق بىر قىسمى داۋاملىق غەربكە قاراپ كۆچۈپ، بارىكۆل يايلىقىغا كەلگەن ۋە شۇ رايونلاردا ئولتۇراقلىشىپ، 866 ـ يىللىرىدا ئۈرۈمچى، تۇرپان، بېشبالىق قاتارلىق رايونلارنى تىزگىنلەپ، كەڭ دائىرىدىكى قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان. بۇ خانلىق ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن قۇرۇلغان ئۈچ پاراللېل خانلىقنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مانى ۋە بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىدە، ئىنتايىن مۇھىم مەدەنىيەت ئۇچىقى بولۇپ شەكىللىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچقان، مەدەنىيەت جەھەتتە مىسلىسىز گۈللىنىش دەۋرنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىدى. بۇنداق مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى — قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىشلىق پايتەختى قوچو بولۇپ، بۇ خانلىق يەنە خان ئۇنۋانى بىلەن «ئىدىقۇت خانلىقى» دەپمۇ ئاتالغان.

تەخمىنەن 400 يىلدەك ھۆكۈم سۈرگەن. بۇ خانلىق يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقىنىدەك مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئۇنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى ئەڭ ھالقىلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە خانلىق تۈزۈمىنىڭ مۇكەممەللىشىشى، تەرەققىي قىلىشى، شۇنداقلا مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىرىدە ئىقتىسادمۇ يېڭىچە شەكىللەر بىلەن راۋاجلاندى.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى تارىختا ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئادەتلىرى جەھەتتە پەقەت سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇكەممەللىككە ئەھمىيەت بېرىپ قالماستىن، بەلكى خانلىقنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ئىشلىرىدىن تارتىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، سودا ئىشلىرىغىچە ھەتتا كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئۇششاق دېتاللىرىغىچە تۈرلۈك ـ تۈمەن قائىدە ـ تۈزۈملەرنى تۈرغۇزۇپ، جەمئىيەتنىڭ تىنچ، مۇقىم، ئاسايىشلىق بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان قەدىمىي ھۆججەت ۋەسىقىلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

بىز قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىن قالغان تۈرلۈك يازما ھۆججەتلەر ۋە پاكىتلارغا قارىغىنىمىزدا، بۇ ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەرنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك مۇكەممەل ئىكەنلىكىگە، قىلچىمۇ نۇقسان تاپقىلى بولمايدىغانلىقىغا قايىل بولماي تۇرالمايمىز. بۇ

2005.1

ھەقتە تۆۋەندە قىسقىلا بىر مىسال ئېلىپ ئۆتۈش كۇپايە قىلىدۇ.

«توشقان يىلى بىرىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى، مەن ئادام قىيا (ۋە) قىنسۇن ئىككىمىزگە ئىشلىتىش ئۈچۈن چو كېرەك بولغاچقا، تۆككۈزدىكى زىرائەت تېرىيدىغان يەرنى ئالتمىشاقىقا (يەنى بوۋامغا ؟) ئون ئىككى سەر چوغا ئىجارە ھەققىنى قولۇمغا ئېلىپ ئاندىن بەردىم. گۇۋاھچى سىبسىدۇ، گۇۋاھچى تويىن، بۇ تامغا بىزنىڭدۇر. مەن قىنا ئۆزۈم يازدىم①».

بۇ ئىجارىگە ئېلىش توختامنامىسى يەنى بىر پارچە ئىقتىسادىي قانۇنىي ھۆججەت بولۇپ، ئۇنىڭدا نەۋرە بىلەن بوۋىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىجارە توختىمى خاتىرىلەنگەن. بۇ قىسقا يېزىلغان ھۆججەتنىڭ ھۆججەت قۇرۇلمىسى ئىنتايىن مۇكەممەل بولۇپ (يىل، ئاي، كۈن، نەرسە ـ كېرەك مىقدارى، نەرسە ئارىيەت ئېلىش سەۋەبى، توختام تۈزگۈچى ئىككى تەرەپنىڭ ئىمزا ۋە تامغىسى، ئىككى تەرەپ گۇۋاھچىلىرىنىڭ ئىمزا تامغىسى. . . ) قاتارلىقلار ناھايىتى ئېنىق خاتىرىلەنگەن. ھۆججەتنىڭ مەزمۇنى مەنتىقىگە ئۇيغۇن بولۇپ، گراماتىكىلىق تۈزۈلۈشى يەنى سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى ناھايىتى جايىدا ھەم ئەپچىل بولغان.

قانۇنىي ئىسپات بولالايدىغان ياكى دەلىل ـ ئىسپاتلىق خاراكتېرگە ئىگە، شۇنداقلا بىر قەدەر يۇقىرى تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە بولغان بۇ ۋەسىقىلەر ئۆز زامانىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بولۇپمۇ، سۇڭ، يۈەن سۇلالىرى دەۋرىدىكى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا، جۈملىدىن ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، سودا ـ سېتىق، پۇل ئىگىلىكى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىشتا، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گراماتىكا جەھەتتىكى تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى، شۇ دەۋرنىڭ تىل خۇسۇسىيەتلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتە ناھايىتى قىممەتلىك، بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ②.

ۋەسىقە ـــ ئەرەبچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆز بولۇپ، «ھۆججەت، ئىسپات، تىلخەت» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىستېمالدا بۇ سۆز يەنە «توختام، پۈتۈم، مۆھۈر، خەت» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر توپلىمى»دا ياپونچە «契约» (توختام ـ پۈتۈم) دېگەن مەنىدە ئېلىنغان. گېرمانچە Kontrakt (توختام، كېلىشىم، پۈتۈم) دېگەن مەنىدە ئېلىنغان③. ئۇيغۇرچىدا بولسا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «ۋەسىقە» ياكى «ھۆججەت» دەپ ئېلىنغان.

تۇرپان ۋادىسىدىن دەسلەپ ھەر خىل ھۆججەتلەر قاتارىدا ۋەسىقىدىنلا 121 پارچىسى تېپىلغان. كېيىن ئىقتىسادقا ئائىت يەنە تۆت پارچە ۋەسىقە تېپىلغان. بۇ ۋەسىقىلەر ئوخشاش بولمىغان رايون، ئوخشاش بولمىغان مىللەت دائىرىسىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەتقىق قىلىنغان. شۇنداق بولۇشقا قارىماي ئۇلار يەنىلا ئۆزىگە خاس ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان. يەنە بىرسى بۇ ھۆججەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى دېگۈدەك ئەينى دەۋردىكى قوچو خانلىقىغا تەۋە بولغان تېررىتورىيە دائىرىسىدىن تېپىلغان. يەنە بىرسى، بۇ ۋەسىقىلەر قوچو ئۇيغۇرلىرى ياشىغان دەۋرنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئولتۇراقلىشىش جەھەتتە خېلى بۇرۇنلا شەھەرلىشىش باسقۇچىغا كىرىپ بولغان بۇ خانلىق دېھقانچىلىقنى ئاساس، باشقا ئىگىلىك شەكىللىرىنى قوشۇمچە قىلغان. دېھقانچىلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلىرى ئاساسەن دانلىق زىرائەت بولغان. پاختا ئۆستۈرۈش ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرغان. شۇنداقلا يىپەك يولىدىكى مۇھىم سودا نىشانىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. ئۇندىن باشقا ئۈزۈم ئۆستۈرۈشكە، ئۈزۈمدىن پايدىلىنىپ تۈرلۈك ئىچىملىكلەرنى ياساشقا ماھىر بولغان. تارىختىن بۇيان ساقلىنىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى ئادەت. بويىچە ئاتچىلىقنىمۇ سەل قارىمىغان. ئۈچىنچى بىرسى، بۇ ۋەسىقىلەردە ئوخشىمىغان تىل ۋە يېزىقتىكى تۈرلۈك سۆزلەرمۇ ئۇچرايدىغان بولۇپ، بۇلار قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ دۇنيانىڭ كۆپ خىل مەدەنىيەت

2005.1

ئاتمۇسفېراسىنىڭ ئۆزئارا تەسىرلىشىش «بازدسى» بولغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بۇ قانۇنىي ۋەسىقىلەر قۇرۇلما، شەكىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىمۇ مۇكەممەللىككە ئىگە بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى مائارىپ، كالىندارچىلىق، خەت ـ ئالاقە، كىشىلىك مۇناسىۋەت، تىبابەتچىلىك، دىنىي ئېتىقاد، جۈملىدىن مەنىۋي ھاياتنىڭ قانچىلىك تۈردە جانلىقلىقى ۋە راۋاجلانغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

بۇ ۋەسىقىلەر يېزىق جەھەتتىمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان.

بۈگۈنگە قەدەر مەلۇم بولغان قوچو ھۆججەتلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئوخشىمىغان تەرەققىيات باسقۇچىدا، ئوخشىمىغان ئۆلچەملەرگە ئاساسەن، ئوخشاش بولمىغان تۈرلەرگە ئايرىتىلغان بولۇپ، دىنىي ئەسەرلەر ـ نوملار، ئەدەبىي ئەسەرلەر، پالنامە، لۇغەت، كالىندار، تىبابەتچىلىككە ئائىت ھۆججەتلەر، تارىخقا ئائىت بەزى ھۆججەتلەردىن سىرت، قوچو ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھۆججەتلىرىلا ئۆز ئىچىدىن يەنە نۇرغۇن تۈرلەرگە ئايرىلغان. يەنە كېلىپ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ھۆججەتلەر قوچودىن تېپىلغان ھۆججەتلەر ئىچىدە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، چوڭ جەھەتتىن ھۆكۈمەتتىن چۈشۈرۈلگەن يارلىق خاراكتېرىدىكى ھۆججەت ۋە ھەربىي ئىشلارغا دائىر ھۆججەتلەر، كىچىك جەھەتتىن ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھۆججەتلەر، كۈندىلىك تۇرمۇش ئادەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ھۆججەتلەر... قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، يەر ئېلىش ـ سېتىش ھۆججىتى، ئادەم ئېلىش ـ سېتىش ھۆججىتى، قەرز پۇل ئېلىم ـ بېرىم ھۆججىتى، ئىجارىگە ئېلىش ـ بېرىش ھۆججىتى، يەر ئالماشتۇرۇش ھۆججىتى، گۆرۈگە قويۇش ھۆججىتى، بالا بېقىۋېلىش ھۆججىتى، جىسمانىي ئەركىنلىكىنى سېتىۋېلىش ھۆججىتى، باج ۋە ئالۋاڭ ـ ياساق ھۆججىتى، ھۆكۈمەت ئالاقىلىرى ۋە خۇسۇسىي خەت ـ چەكلەر ھۆججىتى قاتارلىقلار بار. قوچودىن تېپىلغان مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ۋەسىقىلەر ئىپادىلىگەن مەزمۇنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ بەزى ماتېرىياللاردا 9 خىل، بەزىلىرىدە 19 خىل، يەنە بەزى ماتېرىياللاردا 13 ـ 14 خىل قىلىپ ئايرىلغان.

مەن بۇ ماقالەمدە ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەرنى مەزمۇن ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن بىر نەچچە تۈر بويىچە قىلىپ چۈشەندۈرمەكچىمەن.

## 1. خانلىقنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا دائىر قانۇن خاراكتېرلىك ھۆججەتلەر

بۇ ھەقتىكى «ھۆكۈمەتتىن چۈشكەن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» ھۆججىتى، «مانى دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى» ۋە «مۇرتۇق ئىبادەتخانىسىغا راھىب كالان تەيىنلەش يارلىقى»، «مەخپىي يارلىق»، قۇللارنى ئېلىپ ـ سېتىش، گۆرۈگە قويۇش ۋە ئۇلارنى ھۆرلۈككە چىقىرىش ھۆججەتلىرىنى مۇشۇ قاتاردا تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ.

«ھۆكۈمەتتىن چۈشكەن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش»نىڭ ئەسلى شەكلى ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قولىغا تەگمىگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ تەرجىمە نۇسخىسىدىن قارىغاندا، ئەينى دەۋردىكى قوچو خانلىقى جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە قانۇنىي تۈزۈم ئېڭىنى روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تۆۋەندە بۇ يارلىقنىڭ ئۇيغۇرچە ئوقۇلۇشىدىن پارچە كۆرۈپ باقايلى:

«... خاراشا ( ؟ ) دېكى شازىن ئايغۇچىنىڭ ھىلاكۇ تۇتۇڭى شۇنى سۇنماقچى: قارا قوچو بالىقتىكى كىشىلەرنىڭ كېلىنلىرى قىز تۇغسا كۆپىنچىسىنى سۇغا تاشلاپ تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرىدىكەن. تۇلۇمۇش قىزىنى سۇغا تاشلىۋەتكەندە، سىئانقايا باشچىلىقىدىكى كىشىلەرنى تۇتۇپ سېچىنقان بىلەن بوسان تۆمۈر ئىككى كىشىگە ئېيتقاندا، ئۇلار ئېنىق سۈرۈشتۈرمەي، ئەكسىچە ئېيتقۇچىلارنى تۇلۇمۇشقا تۇتۇپ بەرگەن... بۇندىن كېيىن كىمكى قىزلىرىنى سۇغا تاشلىسا، مال ـ مۈلكىنىڭ يېرىمى مۇ-

سادىرە قىلىنىدۇ ھەمدە ئۆيىدىكىلەردىن بىرى چىرىكلىككە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئىشنى ئالدىن پاش قىلغۇچىلار ئەگەر قۇل ـ دېدەك بولسا قۇللۇقتىن ئازاد قىلىنىدۇ. پۇقرالارغا ئايلاندۇرۇلىدۇ . . . قىز بالىنى سۇغا تاشلىغانلار بولسا، مۇنداق گۇناھ قىلغان پۇقرا ھەم ئەمەلدارلارمۇ شۇ يارلىققا ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ» ④

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇ ئىجتىمائىي ئەخلاققا خىلاپ بولغان ناچار قىلمىش ۋە خاتا خاھىشلارنى توسۇشنى مەقسەت قىلغان يارلىق بولۇپ، بۇنىڭدا قوچو خانلىقى دەۋرىدىكى ئائىلىلەردە قىز پەرزەنت تۇغۇلسا، سۇغا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرىۋېتىدىغان ئادەت خانلىق تەرىپىدىن قاتتىق چەكلەنگەن. شۇنداق قىلغۇچىلار كۆرۈلسە قانۇن ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش، مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش، ئائىلىسىدىكىلەرنى چىرىكلىككە تۇتۇش، پاش قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلاش قاتارلىق چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، جەمئىيەتتىكى بولمىغۇر ئادەتلەرنىڭ ئالدىنى ئالغان.

«مانى دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى» ۋە «مۇرتۇق ئىبادەتخانىسىغا راھىب كالان تەيىنلەش يارلىقى» قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ دىنىي قاراشلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن مۇھىم ھۆججەتلەردۇر.

ئەينى دەۋردىكى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دائىرىسىگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئورقۇن ئۇيغۇرلىرى شۇ يەرلىك خەلق بىلەن بىرلىشىپ ئولتۇراقلىشىش جەريانىدا، گەرچە بارا ـ بارا مانى دىنىدىن ۋاز كېچىپ، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مانى دىنى يەنىلا ئۆز تەسىر كۈچىنى يوقاتمىغان.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بىر قانچە دىن تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. بۇددا دىنى دۆلەت دىنى مەۋقەيىدە راۋاجلانغان بولسىمۇ، خان جەمەتىدىكى ئاساسلىق ئەربابلارنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى سەۋەبلىك، مانى دىنىغا قوچو خانلىقىدا خېلى چوڭ ئىمتىياز ۋە ئىمكانىيەتلەر بېرىلگەن. دۆلەتنىڭ بىر قانچە چوڭ سىياسىي ئىشلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىغا مانى ئەربابلىرى قاتنىشاتتى. خانلىقنىڭ ئىچكى رايونلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مانى ئەربابلىرىنىڭ باشلامچىلىقىدا باراتتى. تاكى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندىمۇ، مانى مۇخلىسلىرى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ئىچكىرىگە ئەۋەتىلەتتى⑤ .

دېمەك، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى ھۆججەت مانى ۋە بۇددا دىنىنىڭ قوچو ئېلىدا تۇتقان ئورنىنى خېلىلا تولۇق يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ. ئۇندىن باشقا قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە تەۋە ۋەسىقىلەر ئىچىدە ئەسكىرى ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك بىر «مەلۇماتنامە» ئۇچرايدۇ. «مەلۇماتنامە» دە: «چېگرا قاراۋۇلخانىسى ياكى مۇھىم ئۆتكەللەرنى ساقلاۋاتقان ئارسلانخان ئۆگە تەرىپىدىن ئەسكىرى ئىشلار مەھكىمىسىگە ئەۋەتىلگەن ئىككى نەپەر سۇغدى تۇتقۇنى ئاغزىدىن ئوقۇلغان ئاخبارات ھەم باسمىللار تەرىپىدىن قېچىپ كەلگەن ئىككى نەپەر قاچقۇندىن ئىگىلىگەن ئاخبارات، باسمىللارنىڭ يۇلتۇز ئارقىلىق ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا ئۆتۈپ، دەريا بويلاپ تۆۋەن ئېقىنغا يۈرۈپ كېتىۋاتقانلىق خەۋىرىگە قارىتا چۈشۈرۈلگەن پەرمان ـ بۇيرۇق»⑥ ئەكس ئېتىدۇ.

باسمىللار ئەينى دەۋردە قوچو خانلىقى تېررىتورىيىسىدە ياشايدىغان بىر ئۇيغۇر قەبىلىسى بولۇپ، قوچو خانلىقىغا قاراشلىق ئىدى. شۇ ۋاقىتلاردا يەنە قوچو خانلىقىغا قاراشلىق 24 شەھەردە نۇرغۇن قەبىلىلەر بولغان. ئۇلار يەنىلا ئۆز قەبىلە ئىتتىپاقىنى يوقاتمىغان بولۇپ، ھەرقايسى قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىچكى نىزالار مەلۇم دەرىجىدە يۈز بېرىپ تۇرغان. خانلىق مەركىزىگە يېقىنراق دائىرىدىكى قەبىلىلەرنىڭ تىنچلىقى مۇقىمراق بولغان. خانلىق تېررىتورىيىسى كەڭ بولغاچقا، خانلىق مەركىزىگە يىراقراق چېگرا رايوندىكى قەبىلىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلىدىغان ياكى ئۆزى تەۋە خانلىقتىن يۈز ئۆرۈپ، باشقا خانلىققا قارىۋالىدىغان، نەچچە قەبىلە بىرلىشىپ، خانلىققا قارشى تۇرىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىپ تۇرغان. مۇشۇنداق ئەھۋاللارغا قارىتا خانلىق بىر

تەرەپتىن توغرا ھەم ئىشەنچلىك بولغان ئاخبارات خەۋەرلىرىگە ئېرىشىپ تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەركەز يارلىق چۈشۈرۈپ، ئەسكىرى كۈچلەرنى ئەۋەتىپ، چەت ـ ياقا جايلارنىڭ تىنچ، مۇقىم، خانلىقنىڭ ئىناق بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان.

قوچودىن تېپىلغان قانۇنىي ۋەسىقىلەر ئىچىدە يەنە ئەينى دەۋردىكى ھاكىمىيەت تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان قۇل ئېلىپ ـ سېتىش ۋە ئۇلارغا ھۆرلۈك بېرىش ھەققىدىكى ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەرمۇ ئۇچرايدۇ. تۆۋەندە بۇ ھەقتە بىر مىسال كۆرۈپ ئۆتەيلى:

«چوشقا يىلى ئالتىنچى ئاينىڭ يەتتىنچى كۈنى، مەن يارىپ توغرۇلغا ئىشلىتىشكە كۈمۈش كېرەك بولۇپ، كىمىزۇن ئاتلىق ئايال قۇلۇمنى ئىنەنچىگە ئەللىك سىر يارماق كۈمۈشكە مۇۋاپىق، لايىقىدا ساتتىم. بۇ دېدەكنىڭ باھاسى بولغان كۈمۈشنى بۇ ھۆججەت تۈزۈلگەن كۈنى مەن ئىنەنچى ساق ساناپ بەردىم. مەن يارىپ توغرۇلمۇ ساق ساناپ ئالدىم. بۇ دېدەك ھەر زامان ئىنەنچىنىڭ ئىختىيارىدا بولسۇن. خالىسا ئۆزى تۇتسۇن، خالىمىسا باشقا كىشىگە ئۆتكۈزۈپ ساتسۇن. . . »⑦ .

قوچو ـ ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ فىئوداللىق تۈزۈمىدىكى خانلىق ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم، ئەمما يۇقىرىقىغا ئوخشاش قۇل ئېلىپ ـ سېتىش، قۇللارغا ھۆرلۈك بېرىش ھەققىدىكى تىلخەتلەر قوچو خانلىقىنىڭ فىئوداللىق خانلىق بولسىمۇ، لېكىن، يەنىلا قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ئاسارىتىدىن تولۇق قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتەلمىگەنلىكىنى، جەمئىيەتتە قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ساقىندىلىرىنىڭ تېخىچە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

## 2 . ئىقتىسادقا دائىر قانۇنىي ۋەسىقىلەر

بۇ تېرىلغۇ يەرلەرنى سېتىش ـ سېتىۋېلىش، ئىجارىگە ئېلىشتەك سېتىش ـ سېتىۋېلىش، ئىجارىگە ئېلىش ۋە قايتۇرۇش، ئۆتلاق سېتىش، ھەر خىل ھايۋانلارنى مەسىلەن، ئېشەك، كالا، ئات، تۆگە قاتارلىق ئۇلاغلارنى ئىجارىگە ئېلىش، پۇل ۋە نەرسە ـ كېرەك قەرز ئېلىش، ھاشارغا ئىشلەش، ئالۋاڭ ـ ياساق، باج ـ سېلىق تاپشۇرۇش، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ پاسىلىنى ئايرىش، ئۆي سېتىش، ئالماشتۇرۇش، ھەر خىل ھېساب خاتىرىسى، باج كەچۈرۈم قىلىشنى ئۆتۈنۈش ئىلتىماسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار مەزمۇنى جەھەتتىن قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى، يەنى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى، چارۋىچىلىق، سودا ئەھۋالى، خانلىقنىڭ پۇل ـ مۇئامىلە ئىشلىرى، باج ئېلىشلىرى، شۇنداقلا ئىچىملىك مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

تېرىلغۇ يەرلەرنى سېتىش ـ سېتىۋېلىش، ئىجارىگە ئېلىش ۋە قايتۇرۇش ھەققىدىكى ھۆججەتلەرگە دېھقانچىلىققا ئائىت مەزمۇنلار مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، ئەينى دەۋردە دېھقانچىلىقنىڭ قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي ئىگىلىك شەكلى بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

866 ـ يىللاردا قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ ياشاشتەك شەھەرلىشىش مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئەنئەنىۋى كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن بارا ـ بارا مۇقىم دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئۆتتى. دېھقانچىلىق ئىگىلىكى پەيدىنپەي ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلىگە ئايلاندى. ئاشلىق زىرائەتلىرى بىلەن ئىقتىسادىي زىرائەتلەر دانلىق زىرائەتنىڭ ئىككى خىل تۈرى بولۇپ، دېھقانچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. بولۇپمۇ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. بۇ ھەقتە ھۆججەتلەردە بۇغداي، ئارپا، شال، تېرىق، ماش، پۇرچاق، قوناق قاتارلىقلار تىلغا ئېلىنغان. ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن كېۋەز، كەندىر، كۈنجۈت قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن. بۇ ھەقتە تارىخىي خاتىرىلەردە «بۇ جايدا بۇغداي، يالىڭاچ ئارپا، سېرىق كەندىر، پىياز، كۆدە ئاسان ئۆسىدۇ، تۆگە

بىلەن تېرىقچىلىق قىلىنىدۇ » ⑧ دېيىلگەن.

قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە دېھقانچىلىقتا ئاشلىق ۋە ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى ئىشلەپچىقىرىشتىن باشقا يەنە سەي ـ كۆكتات، مېۋە ـ چىۋىلەرنى ئۆستۈرۈشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ھۆججەتلەردە گەرچە كۆكتاتلارنىڭ ئايرىم تۈرلىرى تىلغان ئانچە كۆپ ئېلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىككى پارچە ۋەسىقىدە «كۆكتاتلىق » دېگەن ئاتالغۇ ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭدىن ئەينى دەۋرلەردە خەلق كۆنلۈك تۇرمۇشتا مەخسۇس كۆكتاتلىقلارنى ياساپ، كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تۇرپان زېمىنىنىڭ ھاۋا كېلىماتى ئۈزۈم ئۆستۈرۈشكە مۇۋاپىق بولۇپ، بەزى خاتىرىلەردە «تۇرپان قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسىدىكى مۇھىم تۈگۈن، ئۈزۈم ئۆستۈرۈش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارغا ئاساسلانغاندا، تۇرپان رايونىدا يىغىلىق دەۋرى (م. ب. 475 ـ 221 يىللار ) دا ئۈزۈم ئۆستۈرۈلگەن » ⑨ دېيىلگەن.

قوچو خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئېھتىياجى تۈپەيلى، ئۈزۈملۈكلەرنى ئىختىيارىچە ئېلىپ ـ ساتقان، ئىجارىگە ئالغان، رەنىگە قويغان، بۇ خىل ھادىسە قوچو قانۇنىي ھۆججەتلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ ھەقتە بىر مىسال كۆرۈپ باقايلى.

«توخۇ يىلى ئىككىنچى ئاينىڭ ئونىنچى كۈنى، ماڭا ـــ باي تەمۇرگە كېۋەز تېرىيدىغان يەر كېرەك بولۇپ، تىمىچىنىڭ ئۆستەڭنىڭ ئۈدۈلىدىكى ئۈزۈملۈكىنى ئون تاڭ (ئېغىرلىقتىكى ) پاختىغا ئىجارىگە تۇتتۇم. بۇ ئون تاڭ پاختىنى كۈزدە كەم ـ كۈتىسىز بېرىمەن. بۇ ئۈزۈملۈكنىڭ ھەرقانداق باج ـ سېلىقى بولسا، مەن تىمىچى جاۋابكار بولىمەن. باي تەمۇر جاۋابكار بولمايدۇ. گۇۋاھچى نوم قۇلى، گۇۋاھچى پولات، بۇ نىشان مەن تىمىچىنىڭدۇر. مەن تىمىچى ئۈزۈم يازدىم ⑩ .

دېمەك، ئۈزۈم ۋە ئۈزۈملۈك سودىسىدا مۇناسىۋەتلىك يۇقىرىقىدەك ھۆججەتلەردىن ئۇزۇملۇكنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەردىكى ئورنى ۋە رولىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

قوچودىن تېپىلغان قانۇنىي ۋەسىقىلەر ئىچىدە بىز يەنە چارۋىچىلىققا دائىر ھۆججەتلەرنىمۇ ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن، ئىشەك، كالا، ئات، تۆگە قاتارلىق ئۇلاغلارنى ئىجارىگە ئېلىش ھۆججىتى، ئوتلاقلارنى سېتىش ھۆججىتى قاتارلىقلار.

ئىقتىسادقا دائىر ھۆججەتلەر ئىچىدە يەنە باج ـ سېلىق، ئالۋاڭ ـ ياساق تاپشۇرۇش، باجنى كەچۈرۈم قىلىش ئىلتىماسى، ھاشارغا ئىشلەش ھۆججىتى، قەرز ئېلىش ھۆججىتى، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ پاسىلىنى ئايرىش ھۆججىتى قاتارلىق شەخس ۋە دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىگە چېتىشلىق ھۆججەتلەرمۇ مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەر مەزمۇن جەھەتتىن ئەينى دەۋردە ئۆتكەن بىر قىسىم خان، بەگ، ئەمەلدارلاردىن، ھەرقايسى قاتلام ۋە ساھەلەرگە قارىتا يۈرگۈزۈلگەن باج ـ سېلىق تۈزۈمىدىن (خانلىققا بىۋاسىتە قاراشلىق تېرىلغۇ يەر، مېۋىلىك باغلاردىن باج ئېلىنمىغان ) ، شۇنداقلا پۇقرالار ئارىسىدا بولىدىغان ئادەتتىكى پۇل قەرز ئېلىش ۋە قايتۇرۇش، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ پاسىلىنى ئايرىشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن مەلۇمات بېرىدۇ. مەسىلەن، پۇل قەرز ئېلىش ھۆججىتى يازغاندا، پۇلنى قاچان، قايسى ۋاقىتتا، قەيەردە، قانچىلىك مىقداردا ئالغانلىقى، قانچىلىك ئۆسۈم بىلەن قاچان قايتۇرىدىغانلىقى، ئەگەر قايتۇرالمىسا قانداق شەرتلەرنى ئادا قىلىدىغانلىقى ياكى قانداق جازاغا تارتىلىدىغانلىقى، گۇۋاھچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تامغىسى قاتارلىقلارنى بىر ـ بىرلەپ، ئوچۇق يېزىش كېرەكلىكى، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ پاسىلىنى ئايرىغاندا شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇب پاسىلىنى ئېنىق ئايرىش لازىملىقى. . . قاتارلىقلارنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بولغان قائىدىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. پۇل ـ مۇئامىلىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم ھېساب خاتىرىلىرى، قەرز ھېساباتىنى ئۈزۈش خاتى

2005.1

رىسى، كىرىم خاتىرىسى ھۆججىتىدە ئەينى زاماندىكى كىشىلەرنىڭ ئېلىم-بېرىم مۇناسىۋىتىدىن كېيىن، ھېساباتنى قانداق ئۈزىدىغانلىقى، خانلىقنىڭ ئىبادەتخانىغا قاراشلىق ۋەخپە يەرلەردىن ئىجارە ھەققى ئۈچۈن يىغىۋېلىنغان ئاشلىق كىرىمىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقى قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن يۇقىرىدا خانلىقتىن تارتىپ، تۆۋەندە ئاددىي پۇقرالارغىچە ھېساب-كىتاب ئىشلىرىدىكى ئىنچىكىلىك ۋە نازۇكلىقنى، شۇنداقلا تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ پەقەت خانلىققا ئەمەس، بەلكى يەنە ھەرقايسى مانى، بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرىغىمۇ ۋەخپە قىلىنغانلىقى ۋە ئومۇميۈزلۈك باج يىغىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئەينى دەۋردىكى دىنىي ئەھكاملارغا بېرىلگەن سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ھوقۇقنىڭ خېلىلا چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

### 3. ئۆرپ-ئادەتكە دائىر ھۆججەتلەر

بۇنىڭدا ئاساسەن مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بايقالغان ۋە تەتقىق قىلىنغان «توي، نەزىر خىراجەت خاتىرىسى» مىسال تەرىقىسىدە سۆزلىنىدۇ.

بۇ ۋەسىقىدە توي ۋە نەزىرنىڭ ئالدى-كەينىدىكى تۈرلۈك ئۆرپ-ئادەت خاراكتېرىنى ئالغان پائالىيەتلەر خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ جەرياندا شۇ دەۋردە قوللىنىلغان ھەر خىل كىيىم-كېچەك ئاتالغۇلىرى (دۇردۇن، چەكمەن، شايى، تاۋار يېپىنچا، تون، ئۆي ئىچلىك يېپىنچا، ئۆتۈك...)، قىزلارنىڭ زىننەت گىرىم بۇيۇملىرى ئاتالغۇلىرى (ئەينەك، تارغاق، بىلەيزۈك، ئۇپا-ئەڭلىك، خېنە، يىڭنە قۇتىسى، بوغچا، پىلىك...) قاتارلىقلار تىلغا ئېلىنغان.

بۇلار بىر تەرەپتىن بىزنىڭ ئەنئەنىۋى توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراق جەھەتتىكى تەتقىقاتىمىزنى مول دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە توقۇمىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، كىيىم-كېچەك، چارۋىچىلىق، كۆن-خۇرۇم، مېتالچىلىق... قاتارلىقلارنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

### 4. ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە باشقا تۈردىكى ۋەسىقىلەر

كىشىلىك تۇرمۇشتا ساقلانغىلى بولمايدىغان جېدەل-ماجرالار ۋە بۇ ھەقتىكى ھۆكۈمنامىلەردە جېدەل قىلغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ نېمە سەۋەبتىن جېدەللىشىپ قالغانلىقى، قانداق ئۇسۇلدا، قايسى ۋاقىتتا، قايسى گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقىدا بىر تەرەپ قىلىنىشىدىن ئۆتكەنلىكى... خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن ئەينى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشتىكى جەڭگە-جېدەللەرنى ئۆز يولىدا، جامائەت ئالدىدا ئادىل بىر تەرەپ قىلىشتەك توغرا ئىدىيىۋى كۆز قارىشىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئادەمنى گۆرۈگە قويۇش ھۆججەتلىرى، ئاياللار ۋە بالىلارنى سېتىش ھەققىدىكى تىلخەتلەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، قوچو دەۋرىدە باي-كەمبەغەللىك پەرقىنىڭ ئىنتايىن روشەن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك ئىشلىرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى، «يىپەك يولى» سودىسىنىڭ جانلىنىشى، سودا بېجىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، پۇل تۈزۈمىنىڭ مۇكەممەللىشىشى بىر تەرەپتىن خانلىقنىڭ ئىقتىسادىنى تېز سۈرئەتتە ئاشۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن سودا يولىدا توختىماي قاتناۋاتقان قوچو ئۇيغۇر سودا كارۋانلىرىنىڭ چۆنتىكىنى پۇلغا تولدۇردى. نەتىجىدە فېئوداللىق خاراكتېرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە باي-كەمبەغەللىك پەرقى زورىيىشقا باشلىدى. نامراتلىق، پېقىر-مىسكىنلەرنى ئۆي-جايلىرىنى، مال-مۈلكىنى سېتىش، سەرسان-سەرگەردان بولۇشقا، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىنى — بالا-چاقا، خوتۇنلىرىنى سېتىشقا، گۆرۈگە قويۇشقا مەجبۇر بولدى. باي سودىگەرلەر بولسا

ئادەمنى سېتىشنى، بولۇپمۇ ئاياللارنى سېتىشنى پۇل توپلاشنىڭ بىر ۋاسىتىسى قىلىۋالدى. بۇ خىل ھادىسىلەر بىر جەھەتتىن فېئوداللىق خاراكتېرنى ئالغان قوچو ئېلىنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ئاسارىتىدىن تېخى تولۇق چىقىپ كېتەلمىگەنلىكىنى يەنە بىر بالداق ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاپ بەرسە، يەنە بىر جەھەتتىن شۇ دەۋرلەردە ئىنساننىڭ بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ قەدىر - قىممىتىنىڭ بولمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تارىختا نەزەر سالغىنىمىزدا، ئىنسانلار ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائەسىگە، جۈملىدىن قۇللۇق جەمئىيەتكە ئۆتكىچە، ئاياللار يەنىلا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. كېيىنكى دەۋرلەردە ئاندىن ئاياللارنىڭ ئورنى تۆۋەنلەپ ئەرلەرگە بېقىنىشقا، بويسۇنۇشقا باشلىغان. فېئودالىق جەمئىيەتتە بولسا، ئاياللارنىڭ ئورنى ئىنسانىيەت بېسىپ ئۆتكەن بەش چوڭ جەمئىيەت باسقۇچى ئىچىدە ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈپ قالغان. ھەرقانداق فېئودالىق ھاكىمىيەتتە ئاياللار ئىنسان سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئەرلەرنىڭ، ئائىلىنىڭ مۈلكى ئورنىدا مۇئامىلە قىلىنغان. ئەلۋەتتە، فېئودالىق تۈزۈمدە تۇرۋاتقان ئىدىقۇت خانلىقىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. بۇ ھەقتە بىر مىسال كۆرۈپ ئۆتەيلى:

«مايمۇن يىلى ئون ئىككىنچى ئاينىڭ ئىككىنچى كۈنى مەن تەدمىلىگ ۋە قارا بۇقا ئىككىيلەنگە خىراجەت كېرەك بولۇپ، قۇتلۇق ئىسىملىك ئايال كىشىنى سېتىپ ئۇنىڭ بەدىلىگە قۇتلۇق تۆمۈردىن يۈز ئەللىك قېلىن بۆز ئالدۇق. بۇ بۆزنى قۇتلۇق ساتقان كۈنى بىز تەدمىلىگ ۋە قارا بۇقا ئىككىيلەن تولۇق ساناپ ئالدۇق، مەن قۇتلۇق تۆمۈرمۇ ساق ساناپ بەردىم. بۇ قۇتلۇق ئىسىملىك ئايال كىشى مىڭ يىل، تۈمەن كۈنگىچە قۇتلۇق تۆمۈرنىڭ ئىختىيارىدا بولسۇن، خالىسا ئۆزى تۇتسۇن، خالىمىسا باشقا كىشىگە ساتسۇن، بىز تەدمىلىگ ۋە قارابۇقا ئىككىيلەننىڭ ئاكىمىز، ئىنىمىز، ئوغلۇقىمىز، يۈزلۈكىمىز، مەيلى كىم بولسۇن دەتالاش قىلمىسۇن. . . ⑪

دېمەك، ئەينى دەۋردە قوچو رايونىدا ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى چەتكە قېقىلىدىغان، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى بىر بۇيۇم سۈپىتىدە خالىغانچە ئېلىپ - سېتىلىدىغان، ھەتتا قىز تۇغۇلسا سۇغا تۇنجۇقتۇرىدىغان ئەھۋاللار ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالغان.

ۋەسىيەتنامە ۋە مىراس بۆلۈش خاتىرىسى، بالا بېقىۋېلىش كېلىشىمنامىسى قاتارلىقلار مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ھازىرقىغا ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، بىرلا ئوخشىمايدىغان يېرى، ھازىر كىشىلەر ئارىسىدا بالا بېقىۋېلىش ھادىسىسى بولۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن مەخسۇس گۇۋاھچىلارنى چاقىرىپ، جامائەت گۇۋاھلىقىدا بالا بېقىۋېلىش ھەققىدە كېلىشىمنامە تۈزۈشمەيدۇ. يەنە كېلىپ بوۋاقلاردىن باشقا بالىلارنى بېقىۋالمايدۇ. قوچو ئۇيغۇر دەۋرىدىكى بۇ تىلخەت، كېلىشىمنامىلەر ئەينى ۋاقىتتا كېيىن بولۇش ئېھتىمالىلىقى بولغان بەزى جېدەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەخسۇس قوللىنىلغان قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇسۇلى بولۇپ، جەمئىيەتكە نىسبەتەن رولى چوڭ.

تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەرنىڭ مەزمۇنىدىن ئۇلاردا يەنە مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بارلىقىنى بايقايمىز.

**1 ) كالىندارچىلىق**

بىز مەيلى قايسى ۋەسىقىنى قولىمىزغا ئالمايلى، ھەممىسىدىلا باش قىسمىدا 12 مۆچەلنىڭ يىل نامى بويىچە يىل، ئاي، كۈن تەپسىلىي يېزىلغان. يەنى دەسلەپ چاشقان يىلىدىن باشلاپ، كالا يىلى، توشقان يىلى، لەھەڭ يىلى ئىلان يىلى، ئات يىلى، قوي يىلى، ماي-

مۇن يىلى، توخۇ يىلى، ئىت يىلى، چوشقا يىلىغىچە ھېسابلانغان بولۇپ، ھەر 12 يىلدا بىر قېتىم ھېساب يەنە چاشقان يىلىدىن باشلانغان.

**2) بۇ ۋەسىقىلەردە ئىشلىتىلگەن تۈرلۈك پۇللار ۋە ھەر خىل ئۆلچەم بىرلىكلىرى بىزنى مول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ**

پۇللاردىن: قانپۇ («ماتېرىياللاردا بازاردا پۇل ئورنىدا ئوبورت قىلىنىدىغان، ئوتتۇرىسىغا تامغا بېسىلغان ياكى ئىمزا قويۇلغان، ئىككى ئۇچىغا جىيەك تۇتۇلغان 10 چى ئۇزۇنلۇقتىكى بۆزنى كۆرسىتىشى مۇمكىن» ⑫ دېيىلگەن). بۆز (ئادەتتە «قانپۇ» ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلگەن)، چاۋ (قەغەز پۇل)، چوڭدۇڭ باۋچاۋ (يۈەن دەۋرىدىكى قەغەز پۇلنىڭ نامى)، يارماق (ئوتتۇرىسى تۆشۈك، مىستىن ياسالغان تەڭگە پۇل)، كۈمۈش، ئالتۇن قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن.

ئۆلچەم بىرلىكلىرىدىن: ياستۇق (ئەڭ چوڭ پۇل بىرلىكى بولۇپ بىر ياستۇق = 50 سەر)، دادەن ـ شىق (تېرىقچىلىقتا ئىشلىتىلىدۇ، ئاشلىق ئۆلچەم بىرلىكى)، كۈرە (ئاشلىق ئۆلچەم بىرلىكى بىر كۈرە = 40 جىڭ)، شىڭ (ئاشلىق ئۆلچەم بىرلىكى، بىر كۈرە = 10 شىڭ)، سەر ـ بىتىر (كىچىكرەك پۇل بىرلىكى)، ئۇزۇن قارى («گەز» دېيىمۇ ئاتىلىدۇ، ھەر خىل رەخت ياكى ئارىلىقنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتە «چى» دېيىمۇ قوللىنىلىدۇ. ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى). كۆپ (مۇسەللەسنى ئۆلچەيدىغان بىرلىك)، تەمبىن (مۇسەللەسنى ئۆلچەيدىغان بىرلىك)، قاپ (مۇسەللەسنى ئۆلچەيدىغان بىرلىك، بىر قاپ = 30 تەمبىن) تاڭ (پاختا ئېغىرلىقىنى ئۆلچەيدىغان بىرلىك) قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن.

**3) بۇ ۋەسىقىلەردىن قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مائارىپنىڭ، جۈملىدىن يېزىقچىلىق، خەت ـ ئالاقە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن**

يەنى ۋەسىقىلەردە ھۆججەتنىڭ يېزىلغان ۋاقتى، يازغۇچى ئىككى تەرەپ، يېزىشنىڭ سەۋەبى، نەتىجىسى، ئىككى تەرەپنىڭ ئىمزاسى ۋە تامغىسى، ئىككى تەرەپ گۇۋاھچىلىرىنىڭ ئىمزاسى ۋە تامغىسى قاتارلىقلار ئەينەن خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇلار قوچو ئېلىدە خەت ـ ئالاقە ئىشلىرىنىڭ خېلى مۇكەممەل دەرىجىدە تەرەققىي قىلىش باسقۇچىغا يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**4) جازانىخورلۇقنىڭ جەمئىيەتتە ئەۋج ئالغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز**

«جازانىخورلۇق» گەرچە ئەينى دەۋر پۇقرالىرىغا نىسبەتەن يات بىر ئۇقۇم بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا بىلىپ ـ بىلمەي ئۆزلۈكسىز ھالدا جازانىخور سودىگەرلەرنىڭ جازانىخورلۇق قىلىدىغان نىشانىغا ئايلىنىپ قالغان. تۆۋەن تەبىقە پۇقرالىرى، مۇنداقچە ئېيتقاندا قول ئىلكىدە يوق، نامرات دېھقانلار ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن باي، سودىگەرلەردىن ياكى ھال ئەھۋالى ياخشى دەپ قارىغانلاردىن پۇل ـ مال، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى قەرز ئالغان ياكى ئىجارىگە ئالغان. ئادەتتە قەرز ياكى ئىجارە ھەققىنى قايتۇرۇش ۋاقتى يېرىم يىلدىن بىر يىلغىچە قىلىپ بەلگىلىگەن. بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، ئۇنى ھەسسىلەپ قايتۇرۇشقا توغرا كەلگەن. قەرزنى قايتۇرالمىغانسېرى ئۆسۈمى كۆپىيىپ بارغان. يوقسۇل دېھقانلار سېتىشقا يارايدىغانلىكى نەرسىلىرىنى ھەتتا خوتۇن ـ بالىلىرىنى سېتىپمۇ قەرزنى تۆلىيەلمەيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلگەن. قايتۇرالمىغان قەرزلەر ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قالغان. دېھقانلار تىلخەت ئارقىلىق قەرزى ياكى ئىجارە ئالغان نەرسىلەرنى ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرۇشقا تېگىشلىك دەپ قارىغان. ئەمما ئۆزلىرىنىڭ جازانىخورلۇقنىڭ نىشانىغا، بايلارنىڭ بېيىيدىغان دەستىمىسىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمىغان. بۇ ھەقتە بىر مىسال كۆرەيلى: «چاشقان يىلى ئالتىنچى ئاينىڭ ئونىنچى كۈنى، مەن قايىشدۇغا ئۆ-

سۈمگە كۈنجۈت كېرەك بولۇپ، ئىل تەمىردىن بىر كۆرە كۈنجۈت ئۆتنە ئالدىم. كۈزدە ئىككى كۆرە كۈنجۈت بېرىمەن. بەرمەستىن كېچىكتۈرسەم، ئەل قائىدىسى بويىچە ئۆسۈمى بىلەن بېرىمەن... ⑬ دېمەك، بۇ ھۆججەتتە باشقىلاردىن ئالغان نەرسىگە ئۆسۈم تۆلەش ئۈچۈن، يەنە باشقىلاردىن ئۈچ ئاي ئىچىدىلا بىرگە بىر ھەسسە ئۆسۈم تۆلەش بەدىلىگە نەرسە قەرز ئالغانلىقى، ئەگەر ۋاقتىدا قايتۇرالمىسا يەنە ھەسسىلەپ قايتۇرىدىغانلىقى يېزىلغان.

مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش باي، ھايانكەش سودىگەرلەرنىڭ جازانىخورلۇق ھەرىكەتلىرى كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى كۆرۈنمەس زەنجىر-كىشەنلەر بىلەن باغلاپ ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى ئۆز ئالقىنىغا ئېلىۋالغان ئىدى.

**5) جامائەت گۇۋاھلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان**

جامائەت گۇۋاھلىق تۈزۈمى دۆلەت ۋە پۇقرالارنىڭ سالاھىيىتى ۋە مال-مۈلكىنى قوغدايدىغان قانۇنىي شەكىل ⑭ بولۇپ، بۇ تۈزۈم ھەققىدە مەخسۇس يازما يادىكارلىقلار تېپىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن قوچودىن تېپىلغان ۋەسىقىلەرنىڭ مەزمۇنىدىن، شۇ دەۋرلەردە جامائەت گۇۋاھلىق تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان 125 پارچە ھۆججەتنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك، ئاخىرىقى بۆلىكىدە توختام ياكى ھۆججەت تۈزگۈچى ئىككى تەرەپنىڭ ئىمزاسى قويۇلۇپ، تامغىسى بېسىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ گۇۋاھچىلىرىنىڭ نام شەرىپى يېزىلىپ، ئاندىن ھۆججەت كۈچكە ئىگە بولغان. گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقىسىز توختام تۈزۈلمەيدۇ. مانا بۇنىڭدىن قوچو دەۋرىدە جامائەت گۇۋاھلىق تۈزۈمىنىڭ بولغانلىقىنى پەرەز قىلىپ ئالغىلى بولىدۇ.

قىسقىسى، قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر خانلىقىغا مەنسۇپ بۇ مەدەنىيەت يالدامىلىرى مەزمۇنىنىڭ موللىقى، تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كۆپ خىللىقى قاتارلىق بىر قاتار ئالاھىدىلىكى بىلەن مەدەنىيەت گۈلزارلىقىمىزدا ئالاھىدە جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ بۇ مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھازىرقىدەك تەرەققىي تاپقان دەۋرىمىزدىمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقاتماي كەلمەكتە...

**ئىزاھاتلار:**

①②③⑦⑩⑪⑫⑬. ئىسرائىل يۈسۈپ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 2000 - يىل نەشرى 222 - 1 - 192 - 223 - 201 - 119 - 283 - بەتلەر.

④⑤⑥ ئىسمائىل تۆمۈرى. «ئىدىقۇت ھۆججەتلىرى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 2000 - يىل نەشرى. 3 -، 7 -، 32 - بەتلەر.

⑧ لىن گەن، گاۋزىخۇ، «قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىل نەشرى. 285 -، 286 - بەتلەر.

⑨ ئىسرائىل يۈسۈپ، «ئۈزۈمنىڭ قەدىمكى تۇرپان ئىجتىمائىي ئىگىلىكتىكى ئورنى». تۇرپانشۇناسلىق ژۇرنىلى. 2002 - يىللىق 1 - سان. 64 - بەت.

⑭ تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى، «جامائەت گۇۋاھلىق تۈزۈمى ۋە ئۇنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قوللىنىلغانلىقى توغرىسىدا». شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 2003 - يىللىق 4 - سان، 51 - بەت.

(ئاپتورلار: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى دراما ئەسىرى «مايترى سىمىت» ئۈستىدە مۇلاھىزە

ئەكبەر غوجا ئەھمەد ھاجى (ئەلئوغلانى)

2005.1

( 1 )

مەن 1998 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئىشتىياق باغلىغان، شىنجاڭ رەسساملار ئاكادېمىيىسىنىڭ دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك رەسسامى ئابدۇشۇكۇر كېرىم (كۆك)، قۇمۇل ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى سەمەت ئەسرا (تۇرا) لار بىلەن بىللە قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئون ئىككى تاغ، بەش شەھىرى ۋە ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە ئىلمىي تەكشۈرۈشتە بولدۇم. پىلان بويىچە 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تەڭرىتاغ يېزىسىنىڭ تۆمۈرتى يانتۇ داۋان ئەتراپىغا جايلاشقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مەڭگۇ تاش» نى تەكشۈرۈشكە كېتىۋاتاتتۇق. سائەت 11 لەر ئەتراپىدا سەمەت ئەسرا (تۇرا) شوپۇرغا ماشىنىنى توختىتىشقا ھاۋالە قىلدى. ئارقىدىنلا بۇ جاي قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سىمىت» دېگەن مەشھۇر كىتابنىڭ تېپىلغان جايى دەپ يول بويىدىكى بىر قەبرىستانلىقنىڭ ئىچىگە باشلاپ كىردى. ئۇ، بۇ قەبرە مايترى سىمىتنى تېپىۋالغان مەرھۇم يەھيا رېھىم دېگەن كىشىنىڭ بولىدۇ دېۋىدى، بىز ئىنتايىن ئېغىر بېسىقلىق ھەم چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتىمىزدا، ئۆرپ ـ ئادىتىمىز بويىچە قەبرە بېشىدا ئولتۇرۇپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ دۇئا قىلىشتۇق. قەبرە ئالدىدىكى ياغاچنىڭ ئۈستى تەرىپىگە «بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم» دېگەن ئەرەبچە خەت يېزىلغان بولسا، ئاستىنقى قۇرلارغا مەرھۇمنىڭ تۇغۇلغان، ئالەمدىن ئۆتكەن ۋاقىتلىرى تەئلىق خەت نۇسخىسىدا ئويۇلغان ئىكەن. قەبرىنىڭ يان تەرىپىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر تۇپ تاغ دەرىخى ئىختىيارسىز ھالدا كىشىنىڭ بۇ ئاق كۆڭۈل كىشىگە بولغان ھۆرمىتىنى ئاشۇراتتى. شۇنداق قىلىپ بىز ئايرىلغۇمىز كەلمىگەن ھالدا سەپىرىمىزگە يول ئالدۇق. مەن ماشىنا ئىچىدە خېلى ۋاقىتلارغىچە سۈكۈتكە چۆمدۇم ۋە چوڭقۇر مەرھۇمنى ۋە بۇ مەشھۇر ئەسەرنى جامائەتچىلىككە تونۇتۇش مەقسىتىگە كەلدىم ھەم بۇ مېنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ئېغىر مەسئۇلىيىتىم ھەم بۇرچۇم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. . . شۇڭا مەن بىر نەچچە يىل ماتېرىيال توپلاپ، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇرۇنقىلارنىڭ ماتېرىياللىرىدىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە پايدىلىنىپ، بۇ ماقالىنى يېزىپ، ئۇنى ئۆزۈمنىڭ دەسلەپكى تەتقىقات مېۋەم تەرىقىسىدە كەڭ كىتابخانلارغا سۇندۇم.

( 2 )

بۇ ئەسەرنى 1959 ـ يىلى 4 ـ ئايدا قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تەڭرىتاغ يېزىسى تۆمۈرتى كەنتى باش تۇرادىكى ئۇيغۇر چارۋىچى يەھيا رېھىم مال بېقىپ يۈرۈپ، تۆمۈرتىدىكى «كىچىك داۋان» دەپ ئاتىلىدىغان قارغايلىق ئېدىردىن تېپىۋالغان. ئەسلىدە بۇ ئەسەر كىگىزگە يۆگەپ تاشلار ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويۇلغان بولۇپ، تېپىلغان چاغدا كىگىز بىلەن ئەسەرنىڭ بىر مۇنچە ۋاراقلىرى چىرىپ تىتىلىپ كەتكەن. يەھيا رېھىم بۇ ئەسەرنى تېپىۋالغاندىن كېيىن، قۇمۇل ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ مەسئۇلى ئىسمائىلغا تاپشۇرۇپ بەرگەن، شۇ يىلى كۈزدە شىنجاڭ

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى بۇ قىممەتلىك يازما يادىكارلىقنى تاپشۇرۇۋالغان. گەسىرنىڭ قۇمۇل نۇسخىسى جەمئىي 293 ۋاراق، (586 بەت) بولۇپ، ھەر بىر ۋاراقنىڭ چوڭلۇقى 47.5 × 21.7 سانتىمېتىر كېلىدۇ. قەغىزى قارامتۇل سېرىق رەڭلىك قېلىنراق قاتتىق قەغەز، ھەر بىر بېتىنىڭ ئىككى يېنى ۋە ئاستى ـ ئۈستى تەرەپلىرىدە تەكشى بوش ئورۇن قالدۇرۇلۇپ، ئىنچىكە ۋە سۇس قىلىپ سىزىلغان قۇر سىزىقلىرى ئۈستىگە قارا مىكە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا سولدىن ئوڭغا قاراپ تىك شەكىلدە چىرايلىق ۋە رەتلىك يېزىلغان (ھەر بىر بېتىگە 30 ياكى 31 قۇر خەت يېزىلغان). بەزى بۆلۈملەرنىڭ بېشىدىكى ۋەقەلىك ئورنىنى كۆرسەتكۈچى جۈملىلەر قىزىل مىكىدە يېزىلغان. ھەر بىر ۋاراقنىڭ ئالدى بېتىنىڭ سول تەرىپىگە كىچىكرەك قىلىپ، قايسى بۆلۈمنىڭ نەچچىنچى ۋارىقى ئىكەنلىكىمۇ ئايرىم يېزىلغان. يەنە ھەر بىر بەتنىڭ 7 ـ قۇردىن 10 ـ قۇرغىچە بولغان ئارىلىق ئوتتۇرىسىدا دىئامېتىرى 4.6 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئىنچىكە، سۇس قارا سىزىقلىق دۈگىلەك دائىرە سىزىلىپ، ئۇ دائىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا 0.5 سانتىمېتىر چوڭلۇقتىكى كىتاب تۈپلەش تۆشۈكچىسى ئېچىلغان. بۇ نۇسخا تولۇقلۇق جەھەتتە گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى باشقا نۇسخىلاردىن زور دەرىجىدە ئېشىپ چۈشىدۇ، يەنىلا پۈتۈنلەي تولۇق نۇسخا ھېسابلانمايدۇ. بۇ نۇسخىنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغان 293 ۋارىقى ئىچىدە تولۇق ۋە ياخشى ساقلانغان ۋارىقى 110 نەچچە بولۇپ، قالغان ۋاراقلىرىنىڭ ساقلىنىشى ياخشى ئەمەس، چۈنكى بۇ تېپىلغان چاغدا نۇرغۇن ۋاراقلىرى چىرىپ، پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكەن ۋە كەمتۈك بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى بۆلۈملىرىنىڭ باش ـ ئاخىرىدىكى ۋاراقلىرى ۋە بىر مۇنچە بۆلۈملىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى ۋاراقلىرى يوق. يەنى 26 ـ، 27 ـ بۆلۈملىرىنىڭ (پەردىلىرىنىڭ) ئورنى يوق، بۇ نۇسخىدا ئۇنى كۆرۈتكۈزۈپ ساۋاپ تاپقۇچى يازغان كىرىش ئورنىدىكى بېغىشلىما — «يۈكۈنۈچ بۆل بۆل (يۈكۈنۈچ — يۈكۈنمەك دېگەن پېئىلدىن ياسالغان ئىسىم بولۇپ، ھۆرمەت، چوقۇنۇش دېگەن مەنىدە) بىلەن قالغان 25 بۆلۈمنىڭ ئورنى بار، بۇ بۆ . . ەرنىڭ بەزىلىرى بىر قەدەر تولۇق ساقلانغان، بەزىلىرىنىڭ بولسا بىر قانچە ۋاراقلىرى قالغان، شۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ نۇسخا تاش ئاستىدا ئۇزۇن يىل تۇرۇپ، يىرتىلىپ نۇرغۇن ۋاراقلىرى چىرىپ كەتكەندىن باشقا، يوشۇرۇپ قويۇشتىن ئىلگىرى بەزى ۋاراقلىرى يوقالغان بولۇشى مۇمكىن. . .

ھازىر دۇنيادا «مايترى سىمىت» نىڭ ئالتە خىل قول يازما نۇسخىسى بار، بۇنىڭ ئىككىسى تۇرپاننىڭ سىڭگىمدىن، ئىككىسى مۇرتۇقتىن تېپىلغان، پەقەت بۇنىڭ ئىچىدىكى 1965 ـ يىلى قاراشەھەر شىكشىندىن تېپىلغان نۇسخا بىلەن قۇمۇل تۆمۈرتىدىن تېپىلغان نۇسخىلا ئاپتونوم رايونلۇق موزېيدا ساقلانماقتا. يۇقىرىدا «مايترى سىمىت» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى باشقا نۇسخىلىرىنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق. پەقەت بۇنىڭ ئىچىدىكى «قۇمۇل نۇسخىسى» نىڭ خەت نۇسخىسى قەدىمىيراق، ساقلانغان ۋاراق سانىمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتىمىز ھەم كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن قالدۇرۇلغان ئەڭ ياخشى سوۋغا بولۇپ قالغۇسى. گېرمانىيىلىك مۇتەخەسسىس گابائىن خانىم 1957 ـ يىلى ماينتىس پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ساقلىنىۋاتقان پارچە ۋاراقلىرىنىڭ (113 ۋاراق) فوتو نۇسخىسىنى ئېلان قىلدى. 1961 ـ يىلى ئۇ يەنە بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ساقلىنىۋاتقان پارچە ۋاراقلىرىنىڭ (114 ۋاراق) فوتو نۇسخىسىنى ئېلان قىلدى. ئۇ «قوچو ئۇيغۇر خانلىقى» دېگەن ئەسىرىدە، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سىمىت» نى «ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىشى دېيىش مۇمكىن» دەپ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

(3)

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سىمىت»نىڭ تەرجىمە قىلىنغان دەۋرى مەسىلىسىدە، يەنى بۇ ئەسەرنى پرتانراكشىت توخرى (قارا شەھەر) تىلىدىن تۈرك تىلىغا (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا) قاچان تەرجىمە قىلىنغان دېگەن مەسىلىدە، چەت ئەللىك تەتقىقاتچىلار ۋە ئېلىمىز تەتقىقاتچىلىرى ئۆز كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتتى. لېكىن بۇ ھەقتە بىرلىككە كەلگەن كۆز قاراش يوق. گېرمانىيىلىك لېكوك سىڭگىم نۇسخىسىغا ئاساسەن، ئەسەر 8 ـ، 9 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا تەرجىمە قىلىنغان دەپ ھېسابلايدۇ. گاباﺋىن خانىم 1957 ـ يىلى ئېلان قىلغان ئەسىرىدە، سىڭگىم نۇسخىسىنى 9 ـ ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن، تەرجىمە قىلىنغان دەۋرى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى دەپ ھېسابلايدۇ. 1962 ـ يىلى پروفېسسور فېڭ جياشېڭ «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» نىڭ 7 ـ، 8 ـ بىرلەشمە سانىدا ئېلان قىلغان قۇمۇل نۇسخىسى توغرىسىدىكى ماقالىسىدا 10 ـ، 11 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا تەرجىمە قىلىنغان دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. پروفېسسور گېڭ شىمىن ئەپەندى 1980 ـ يىلى بۇ ئەسەرنى 10 ـ ئەسىر ئەتراپىدا تەرجىمە قىلىنغان دەپ قارىدى. 1982 ـ يىلى ئۇ يەنە مۇنداق پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى: «بۇ ئەسەرنىڭ ھازىر ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنىڭ خەت شەكلىنىڭ بىر قەدەر قەدىمىي يازما خەت نۇسخىسى ئىكەنلىكىگە ئاساسەن، يەنە ئۆز زامانىسىدا قوچو رايونىدىكى مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇش ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ (بۇ رايوندىكى قەدىمكى قاراشەھەر تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئاھالىلەر 8 ـ، 9 ـ ئەسىرلەردىلا تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان ئۇيغۇرلارغا ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كەتكەن)، بىز قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹مايترى سىمىت› كىتابىنى ئەڭ كېچىككەندە 8 ـ، 9 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا مەيدانغا كەلگەن دەپ ھېسابلايمىز».

قۇمۇل نۇسخىسىنىڭ خېتى بىر قەدەر قەدىمىيراق يازما خەت شەكلىگە ئىگە بولۇپ، بۇ نۇسخىنى چۈتاش يىگەن تۇتۇق قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە كۆچۈرتكۈزگەن. بۇ نۇسخىنى كۆچۈرتكۈزگۈچى مەيلى پرتانراكشىت تەرجىمە قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تۇنجى نۇسخىسىدىن كۆچۈرتكۈزگەن بولسۇن ياكى باشقا كۆچۈرمە نۇسخىلاردىن كۆچۈرتكۈزگەن بولسۇن، كۆچۈرمە نۇسخىسىنىڭ ۋاقىت جەھەتتىن تەرجىمە نۇسخىسىغا قارىغاندا كېيىن تۇرىدىغانلىقى ھەممىگە چۈشىنىشلىك. شۇڭا بىز بۇ ئەسەرنى 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تەرجىمە قىلىنغان دەپ قارايمىز. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سىمىت» نىڭ قۇمۇل نۇسخىسى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادىيىنىڭ 9 ـ، 14 ـ ئەسىرلەر) نىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى چۈتاش يىگەن تۇتۇق تەرىپىدىن مەزكۇر خانلىقنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە كۆچۈرتكۈزۈلگەن. دېمەك، ئالدى بىلەن سولمىلىق (قاراشەھەرلىك) ئاريا چانترى بۇ ئەسەرنىڭ سانسكرىت تىلىدىكى نۇسخىسىغا ئاساسەن توخرى تىلىدىكى نۇسخىنى ئىجاد قىلغان. پرتانراكشىت توخرى تىلىدىكى ئىجادىي نۇسخىسىغا ئاساسەن تۈرك تىلىغا (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى) غا تەرجىمە قىلغان.

(4)

ئەدەبىيات نەزەرىيىسى بويىچە ئېيتقاندا، شېئىرىيەت، پروزا، نەسر ۋە دراماتورگىيە يازما ئەدەبىياتنى تەشكىل قىلغۇچى تۆت ئاساسىي ژانىر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە شېئىرىيەت بىلەن دراماتورگىيە بىر قەدەر ئۇزۇن تارىختا ئىگە، قەدىمكى يۇنان ۋە ھىندى داستانلىرى بىلەن تىياتىرلىرى بۇنىڭغا روشەن مىسال بولالايدۇ. شۇنداقلا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سىمىت» ناملىق 27 پەردىلىك دراما ئەسىرى شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قول يازما «مايترى سىمىت» (مايترى بىلەن ئۇچرـ

شىش) (قۇمۇل نۇسخىسى) 27 پەردىدىن تەشكىل تاپقان چوڭ ھەجىملىك سەھنە ئەسىرىدۇر. ئۇ ھازىرغا قەدەر ئېلىمىزدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قول يازمىلار ئىچىدە دەۋرى ئەڭ ئۇزۇن بولغان بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ئەدەبىي ئەسەر يەنى زور ھەجىملىك سەھنە ئەسىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئېلىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ئەسەر مۇكەممەل بەدىئىي شەكىل، كونكرېت ئوبراز، جانلىق ۋە راۋان قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئارقىلىق بۇددا دىنى مۇرتلىرىنىڭ نەزىرىدىكى قۇتقازغۇچى ئىلاھ — كەلگۈسى بۇرخان مايترىنىڭ ھاياتىدىكى ئىش - پائالىيەتلىرىبايان قىلىنغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سىمىت» دېگەن سۆز توخرىچە نۇسخىلاردا «مايترىيا سامىدى» دەپ يېزىلىدۇ. ئۇ «مايترىيا» (ئادەم ئىسمى، مەنىسى رەھىمدىللىك) بىلەن «سامىدى» (مەنىسى ئۇچرىشىش، كۆرۈشۈش) دېگەن سۆزلەردىن ياسالغان قوشما سۆز بولۇپ، «مايترىيانىڭ (ساكيامۇنى بۇددا بىلەن) ئۇچرىشىشى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇددىزم تەلىماتلىرىدا چۈشەندۈرۈلۈشىچە، بۇددا (مەنىسى ئەقىل تاپقان كىشى، ئاقىل يەنى ساكيامۇنى) نىرۋانا (بۇددىزمچىلارنىڭ ئەقىدىسىدىكى ئەڭ يۈكسەك مەنىۋى مەنزىل، يەنى بۇددىزم يولىدىكى ئۆلۈم) غا كېتىش ۋاقتىدا قىلغان ۋەسىيىتىدە مايترىنىڭ كەلگۈسىدە بۇددا بولىدىغانلىقىنى مۇنەججىملىك بىلەن ئېيتقانمىش.

تارىخىي خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە، تارىم ۋادىسىدىكى كۇچا، قاراشەھەر قاتارلىق قەدىمكى يۇرتلاردا ياشىغان كىشىلەر مايترىغا چوقۇنغان. بۇ شۇ جايلاردىكى مىڭ ئۆي رەسىملىرىدە ئىسپاتلىنىدۇ. شۇ رايوندا تېپىلغان «مايترى سىمىت» بۇنى يازما بايانلار بىلەن ئىسپاتلىدى. «مايترى سىمىت» دراممىسى سەككىز ياشلىق مايترىيانىڭ ئۇستازى بادارى بىراھمانىنىڭ چۈشىدە «ۋايىشراۋانا» ناملىق ئىلاھلار بىلەن سۆھبەت قىلىشىپ ماگاتا (ھازىرقى نېپالدا) دۆلىتىدىكى باراناس تېغىدا ساكيامۇنىنىڭ بۇددا بولغانلىقىنى غىل - پال كۆرۈپ قالغاندىن كېيىن ئۆزى بەك قېرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن مايترىيانى 16 شاگىرتى بىلەن بىللە بۇددانىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەنلىكىدىن باشلىنىدۇ. قالغان كۆرۈنۈشلەردە يول يۈرۈش، ئۇچرىشىش جەريانى ۋە بۇ توغرىلىق ئاسماندا پەيدا بولغان ئاجايىپ - غارايىپ تەنتەنىلەر، سۆھبەتلەر ۋە باشقا ۋەقەلەر تەسۋىرلىنىدۇ.

دېمەك، ئەسەرنىڭ تىلى راۋان ۋە گۈزەل، بەدىئىي ۋاسىتىلىرى خىلمۇ خىل بولۇپ، ئۆز زامانىسىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى ۋە يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى تەرجىمانىنىڭ قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق تەرجىمان، شائىر سىڭقۇسەلىگە ئوخشاش يېتىلگەن تىل ئۇستىسى ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا بىز ئۇنى ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر بۇددىست زىيالىيلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە سانسكرىتچە تەخەللۇس ۋە نام بېرىش ئادىتى بويىچە ئۆزىگە «پىرتانراكشىت كىرما ۋاژاك» دەپ تەخەللۇس ياكى نام قويغان ئۇيغۇر بۇددا ئالىمى دەپ تەسەۋۋۇر قىلساق ئارتۇقچە كەتمىسە كېرەك.

8 - ئەسىردىن 11 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇيغۇر تىلى (ئاساسەن ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر تىلى) تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى ۋە گۈللەندى. بۇ دەۋرلەردە ئىلىم - پەن ساھەسىنىڭ ھەرقايسى مۇھىم تارماقلىرىدىن ئالىم، مەشھۇر ئەدىب - سەنئەتكارلار، تىلشۇناسلار، تارىخشۇناسلار، تىۋىپلار يېتىشكەن. ئۇلار شۇ زامانلاردا ئۆز ئانا تىلىغا پۇختا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە قەدىمكى كۇچا، قەدىمكى قاراشەھەر تىلى، سوغدى تىلى، سانسكرىت تىلى، خەنزۇ تىلىغا ئوخشاش تىللارنىمۇ پۇختا ئىگىلىگەن ھەمدە شۇ دەۋردىكى چوڭ دىنلار (بۇددا دىنى، مانى دىنى، نىستورىيان دىنى، شامان دىنى قاتارلىقلار) ۋە ئۇلارنىڭ پەلسەپە، ئەدەبىيات - سەنئەت بايلىقلىرىدىن

تولۇق خەۋەردار بولغان. بۇ ئۇلارنىڭ ئىدىئولوگىيە جەھەتتە شۇ دەۋرىدىكى باشقا مەدەنىيەتلىك خەلقلەردىن كېيىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، بېشبالىقلىق سىڭقۇسەلى، ئەدىب ئەخمەت يۈكنەكىلەردىن باشقا نۇرغۇنلىغان ئالىملار خەنزۇچە ئەسەرلەرنى ئۆز مىللىي تىلىغا ئىجادىي تەرجىمە قىلغان. مەسىلەن، تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن قەشقەرلىك خۇيلىن (مىلادىيىنىڭ 737 — 820 - يىللار) «بارلىق نوملاردا ئۇچرايدىغان ئاتالغۇلارنىڭ تاۋۇشى ۋە مەنىسى» دېگەن 100 جىلدلىق ئەسەرنى خەنزۇچە يازغان. كۇچالىق لى يەن (مىلادىيىنىڭ 789 — 795 - يىللار ئارىلىقىدا ۋاپات بولغان) «بىراھمى تىلىدىكى ئاتالغۇلار» دېگەن ئەسەرنى يازغان.. بۇنىڭدىن باشقا خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە يەنە تۆۋەندىكىچە بايانلارنى كۆرۈشكە بولىدۇ: بېشبالىق ئارغۇن سەلى خەنزۇچە ئەسەرلەرنى يازاتتى. تۆت ئەركان، بەش ئەھكامدىن خەۋەردار ئىدى... بىلال ناسىلى قۇمۇللۇق بولۇپ، خەنزۇچىدىن نۇرغۇنلىغان بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلغان.

يۇقىرىدىكى پاكىتلاردىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تىل يېزىقى «يىپەك يولى»دا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. خۇددى سوغدىلار غەربنىڭ مەدەنىيىتىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقتىكى مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغىنىدەك، شەرقنىڭ مەدەنىيىتىنى غەربكە تونۇشتۇرۇش، شۇنداقلا غەربنىڭ مەدەنىيىتىنى شەرققە تونۇشتۇرۇشتەك بۈيۈك ئىشتا، ئۇيغۇرلار ئۆچمەس تۆھپە قوشقان» (ئىبراھىم مۇتىئى «قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئۇچ ئاساسىي مىللەت ۋە ئۇلارنىڭ تىللىرى»، «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى»)، 1980 - يىل خەنزۇچە تۇنجى سانىغا قارالسۇن.

( 5 )

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى سوغدى يېزىقى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ يېزىق بەزى كىتابلاردا «پەھلىۋى يېزىقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پەرغانە ئويمانلىقىدا ياشىغان شەرقى ئىران شىۋىسىدە سۆزلىشىدىغان سوغدىيانلار مىلادىيىنىڭ 3 - ئەسىردە ئىراننىڭ ئاۋستا يېزىقى ئاساسىدا سوغدى يېزىقىنى تۈزۈپ چىققان. شۇ زامانلاردا سوغدىيانلار ھىندى ۋادىسى، موڭغۇلىيە يايلاقلىرى، لوپنۇر كۆلى رايونىغا سودا تىجارىتى بىلەن داۋاملىق قاتنايتتى. مىلادىيىنىڭ 5 - ئەسىرگە كەلگەندە، بۇ يېزىق خەلقئارالىق سودا مۇئامىلە يېزىقىغا ئايلانغانىدى. دۇنخۇاڭ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن مىلادىيىنىڭ 5 -، 6 - ئەسىرلەرگە خاس سوغدىچە ۋەسىقىلەر ۋە بۇددا نوملىرى تېپىلدى. ئۇرقۇن ۋادىسىدىن 9 - ئەسىردىكى سوغدىچە، تۈركچە، خەنزۇچە يېزىقلىق ئابىدىلەر تېپىلدى. سوغدى يېزىقى شىنجاڭدا تەخمىنەن 13 - ئەسىرگىچە قوللىنىلغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئىشلىتىشكە قولايلىق بولۇپ، جەمئىي 19 دىن 22 گىچە ھەرىپى بار. بۇرۇن ئوڭدىن سولغا يېزىلاتتى. كېيىن سولدىن ئوڭغا قۇر ئېلىپ، ئۈستىدىن ئاستىغا تىك يېزىلىدىغان قىلىپ ئۆزگەرگەن. مەن بىر نەچچە يىل ئىزدىنىش، قېتىرقىنىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسىنى جەدۋەللەشتۇردۇم ھەم ياش تارىخ تەتقىقاتچىلىرى ۋە كەڭ كىتابخانلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇم.

ئۇيغۇر يېزىقى ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخى تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى. تۈرك يېزىقى خېلى زامانلارغىچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن بىللە ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، بارا - بارا ئۇيغۇر يېزىقى تۈرك يېزىقىنىڭ ئورنىنى ئېگىلەپ، شۇ دەۋردىكى بارلىق تۈركى خەلقلەرنىڭ ئورتاق يېزىقىغا ئايلانغان. ئۇيغۇر خەلقى بۇ يېزىق ئارقىلىق ئۆز تىلىنى خاتىرىلەپ، ئالاقىلىشىش ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى نۇرغۇن مەشھۇر ئەسەرلەرنى يېزىپ كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرغان. شۇ دەۋرلەردە يېزىلغان مەشھۇر

ئەسەرلەردىن «ئوغۇزنامە» (تارىخىي داستان)، «قەدىمكى تۇرپان قوشاقلىرى»، «ئالتۇن ياروق»، «مايترى سىمىت» (سەھنە ئەسىرى)، «شۆەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «قۇتادغۇبىلىك» (ۋېنا نۇسخىسى)، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، «ئىدىقۇت قوچو خاقانلىرىنىڭ تۆھپىلىرى ھەققىدىكى يادنامىلىرى»، «قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى» قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر بۇلارنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى دراما ئەسىرى «مايترى سىمىت» (قۇمۇل نۇسخىسى) دىن خەتتاتلارنىڭ پىشقان قەلىمىنى ۋە ئەينى زاماندىكى تۇتقان ئورنىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ شۇ زاماندىكى ناچار شارائىتلاردىمۇ قېتىرقىنىپ ئىلىم تەھسىل قىلغانلىقى، دۇنياغا مەشھۇر ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش يولىدا ئۆزلىرىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئىنسانىي بۇرچىنى ئادا قىلغانلىقى ھازىرقى دەۋردىكى ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسىنى چوڭقۇر ئويلارغا ئېلىپ كىرىدۇ!؟...

(6)

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سىمىت» نىڭ (قۇمۇل نۇسخىسى) بۇددا دىنىنىڭ ھىنايانا مەزھىپىنى (شەخسىنىڭ كامالەتكە يېتىشى، تەربىيىلىنىشىنى) تەشۋىق قىلىدىغان دراما ئەسىرى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە شۇ چاغدىكى قوچو بۇددىست ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەقدىرىگە تەن بېرىش، ھازىرقىغا سۈكۈت قىلىپ، ئۈمىدىنى كەلگۈسى غايىۋى مەنزىلگە باغلاشتەك ئىدىيىۋى ھالىتىنى، شۇنىڭدەك ئۆزلىرىنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇپ بەختكە ئېرىشىش ئارزۇسىنى بۇددا ئىلاھىغا بېغىشلاشتەك پاسسىپ روھىي ھالىتىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇددا نومىنى كۆچۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئالتۇنلۇق، كۈمۈشلۈك قەغەزلەرنى ئىختىدا قىلىپ، ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىگە ماسلاشقان ھالدا ئۇلاردىكى گۈزەللىككە ئىنتىلگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى. سۈپىتىدە مارجان، بىلەيزۈك، ئۈزۈك، زەنجىر قاتارلىقلارنى ئىشلەتكەن. بۆز، تاۋار توقۇپ، ئالتۇن ئۆگلۈك يالتىراق - يېپىنچا، تون قاتارلىقلارنى كىيگەن. شۇنىڭدەك بۇ خىل مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ماسلاشقان شەھەر - كوچا قۇرۇلۇشلىرى، ئالتۇن - كۈمۈشتىن بېزەلگەن ساغرام - بۇتلار، دەرەخزار مەھەللىلەر، ئۆي سەرەمجانلاشتۇرۇش ئىشلىرى قاتارلىقلار قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى چاغلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى دراما ئەسىرى «مايترى سىمىت» (قۇمۇل نۇسخىسى) ئۇيغۇر درامىچىلىق تارىخىنىڭ 2000 يىلدىن ئاشىدىغانلىقى ھەم ئۇنىڭ سەۋىيىسىنى نامايان قىلىدىغان ئەسەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر ئىدىئولوگىيىسى تارىخىي مەدەنىيەت ئامىللىرىنى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى مىللەتلەردىن بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر ئالىم، ئەدىب، سەنئەتكار، تارىخشۇناس، تەرجىمان، تىۋىپلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىنى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى، تۇرمۇش ئەھۋالىنى، دىنىي مەزھەپلىرىنىڭ نەزەرىيە كۆز قاراشلىرىنى، مىڭ ئۆيلەرگە سىزىلغان تام رەسىملىرىنىڭ يازما ئىزاھلىرى، دراما ئىجادىيىتىنىڭ باشلىنىشى ۋە تەرەققىياتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بىز ئىلمىي تەتقىقات ئۇسۇلىنى ۋە پرىنسىپىنى قوللىنىپ، بۇ ئەسەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتنىڭ دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىشىمىز ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز لازىم.

(ئاپتور: قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاممىۋىي مەدەنىيەت - سەنئەت سارىيىدا)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى






قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى دراما ئەسىرى «مايترى سىمىت» (قومۇل نۇسخىسى)

# ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنى توغرىسىدا

ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى

ئۇيغۇر مىللىتى دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا، ئەڭ دەسلەپتە يېزىقسىز بىر مىللەت ئىدى. كېيىنچە، ئالدىدا تەسۋىرى يېزىقنى، كېيىن تاۋۇشلۇق يېزىق (ئېلىپبەلىك يېزىق) نى ئىختىرا قىلىپ، يېزىق قوللىنىدىغان بولغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆزى بېقىنغان تىلغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى، يەنى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە قېلىپلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇكەممەللىشىشى، بېيىشى ۋە بىرلىككە كېلىشىگە زور ياردەم بەرگەن. يېزىقنىڭ تىل تەرەققىياتىدا ئوينايدىغان مۇھىم رولىغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ.

ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى ۋە نەچچە مىليون خەلق قوللىنىدىغان بۈگۈنكىدەك ئېلىپبەلىك يېزىققا ئايلىنىشى ئېيتىشقا ئاسان گەپ بولغىنى بىلەن، ئەمەلدە ئۇ ناھايىتى ئۇزۇن ۋە مۇرەككەپ جەرياننى بېشىدىن كەچۈرگەن. دېمەك، ئۇيغۇر يېزىقى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئەپسۇسكى، ئىلىم ساھەسىدە ئۇيغۇرلار زادى قاچاندىن باشلاپ يېزىق قوللانغان دېگەن مەسىلىدە تا ھازىرغىچە بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق.

ئۇيغۇر مىللىتى دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش، ئۆزىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا پارلاق مەدەنىيەت ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت ياراتقان ھەمدە خېلى بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى خاتىرىلەپ ئەۋلادلارغا قالدۇرۇش، ئىنسانىيەتنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتى ۋە پەن ـ تېخنىكا ئۇتۇقلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش، ئۇنى كېڭەيتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، جەمئىيەتنى ئىلگىرىلىتىش ۋە كەڭ ئالاقىلىشىش ۋە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشتا مۇھىم بىر ۋاستە بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. بۇ ۋاستە دەل يېزىق ئىدى. ئۇيغۇرلار ئۇزاق ئەسىرلىك تىرىكچىلىك ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ئارقىسىدا ئاخىرى تاۋۇشلۇق تىلنى خاتىرىلىگۈچى شەرتلىك بەلگىلەر سىستېمىسى — يېزىقنى ئىختىرا قىلدى، ئۇيغۇر يېزىقلىرى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر تىلىنى خاتىرىلەيدىغان شەرتلىك بەلگىلەر سىستېمىسىدۇر. يېزىقنىڭ يارىتىلىشى ئىنسانىيەتنىڭ پەن ـ مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپ بەردى①. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئېنگلس يېزىقنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى ۋە ئوينىغان رولىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىپ: «... ئىنسانىيەت تۆمۈر رودىسىنى تاۋلاشتىن باشلاپ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يېزىق يارىتىپ ھەم ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، يادىكارلىقلارنى خاتىرىلەپ قالدۇرۇشتىن باشلاپ مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغان» دېگەن ئىدى②. بۇ يەكۈندىن چىقىپ تۇرۇپتىكى، جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى يېزىققىلا باغلىق بولمىسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن يېزىقنىڭ بولۇشى ناھايىتى مۇھىم. يېزىقسىز جەمئىيەتنىڭ يۈكسەك پەللىگە تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئۇيغۇرلار تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا، ھەرقايسى دەۋرلەردە زور ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، كۆپ

2005.1

خىل يېزىقلارنى ئىختىرا قىلغان ۋە قوللانغان. سەھىپە چەكلىك بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە؛ ئۇ يېزىقلارنىڭ بەزىلىرى توغرىسىدا مۇھاكىمە، تەتقىقاتلار بولۇنىۋاتقاچقا، يەنە بەزى يېزىقلار توغرىسىدا يەكۈنلەر چىقىرىلغاچقا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تارىخىدا قوللانغان ھەممىلا يېزىقلىرى توغرىسىدا توختىلىش بىھاجەت. بۇ يەردە مەن ئۇيغۇرلار ئەڭ دەسلەپ قوللانغان ھەم كەڭ قوللانغان ۋە تەسىرى زور بىر نەچچە خىل يېزىق توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىمەن.

**1 . قەدىمكى تۈرك يېزىقى .** قەدىمكى تۈرك يېزىقى تۈرك خانلىقى دەۋرى ( مىلادىيە 552 — 744 ـ يىللار ) دا قوللىنىلغاندىن باشقا، يەنە تۈركىي تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان ئۇيغۇر قاتارلىق نۇرغۇنلىغان قەبىلە ۋە مىللەتلەر قوللانغان بىر خىل يېزىقتۇر . بۇ يېزىق شەكىل جەھەتتىن ئىسكاندىناۋىيىدىن تېپىلغان قەدىمكى گېرمانلار ئىشلەتكەن رونىك يېزىقىغا ئوخشاپ كەتكەنلىكتىن ئالىملار بۇ يېزىقنى تۈرك ـ رونىك يېزىقى دەپ ئاتىغان. بۇ خىل يېزىق چېكىلگەن مەڭگۇ تاشلار موڭغۇلىيە دالىسىنىڭ شىمالىدىكى ئورقۇن دەرياسى بويىدىن ۋە سىبىرىيە دالىسىدىكى يېنسەي دەرياسى ۋادىلىرىدىن تېپىلغاچقا، بۇ يېزىق مەڭگۇ تاشلار تېپىلغان يەر نامى بىلەن يەنە «ئورقۇن ـ يېنسەي يېزىقى » دەپمۇ ئاتالغان. ئۇيغۇرلار بۇ قەدىمكى تۈرك ـ رونىك يېزىقىنى مىلادىيە 5 — 15 ـ ئەسىرگىچە قوللانغان.

مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، رونىك يېزىقىنىڭ تارقالغان دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇ جەنۇبىي سىبىرىيە، شىمالىي جۇڭگو، موڭغۇل دالاسى، يەتتە سۇ رايونى (بۈگۈنكى قازاقىستان، قىرغىزىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) ، ئوتتۇرا ئاسىيا، ۋولگا ـ دۇن ـ دوناي دەرياسى ۋادىلىرىغىچە بولغان كەڭ رايونلارغا تارقالغان.

ئا. شېرباك ۋە س. ۋ. كىسىلېۋ قاتارلىق ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، تۈرك ـ رونىك يېزىقى تۈركىي تىلغا لايىقلاشتۇرۇلغان ئارامىي يېزىقى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بىر خىل يېزىق بولۇپ، بۇ يېزىق ئەڭ دەسلەپتە يەتتە سۇدا پەيدا بولغان ۋە يەتتە سۇدىن شەرقىي ياۋروپاغا ۋە ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىغا تارقالغان.

ئالىملارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، تۈركىي تىللىق قەبىلە ۋە خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ يېزىق مەدەنىيىتىنى سوغدىلاردىن قوبۇل قىلغان. سوغدىلارنىڭ ( سوغداق دەپ ئاتالغان ) توپلىشىپ ياشىغان ئاساسىي ماكانى ماۋرا ئۇننەھر، پەرغانە ئويمانلىقى ( بۇخارا بىلەن سەمەرقەنت ئارىلىقى ) قاتارلىق جايلار بولۇپ، سوغدىلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 5 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 10 ـ ئەسىرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا، بولۇپمۇ دۇنياۋى سودا يولى — يىپەك يولى سودىسىدا ناھايىتى ئاكتىپ ۋاستىچىلىك رول ئوينىغان ئىران تىللىق قەبىلە ئىدى. سوغدىلار مىلادىيە 3 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئىراندا قوللىنىلغان ئاۋستا يېزىقى ئاساسىدا ئۆزلىرىنىڭ تىلى —شەرقىي ئىران شىۋىسىنى خاتىرىلەيدىغان يېزىق ئىختىرا قىلىپ، ئۇنى قوللانغانىدى . بۇ يېزىق «سوغدى يېزىقى» دەپ ئاتالغان ( بەزى كىتابلاردا «پەھلىۋى يېزىقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) . سوغدىلارنىڭ بىر قىسمى مىلادىيە 4 ـ ئەسىردە ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرى يەتتە سۇغا، يەنى تالاس (تىراز ) ، سۇياپ ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلاشقانىدى. دېمەك، يەتتە سۇ رايونىدا كېيىن دېگەندىمۇ مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىلا سوغدى يېزىقى مەۋجۇت ئىدى. ئاڭغىچە شۇ جايلاردا ياشاپ كېلىۋاتقان تۈركىي قەبىلىلەر سوغدىلارنىڭ كېلىشى بىلەن ئۇلارغا قوشنا ياشىغان ھالدا ئۇلارنىڭ يېزىقىنى قوبۇل قىلدى. كېيىنچە يەتتە سۇ رايونىغا كۆچۈپ كېلىپ جايلاشقان تېلې قەبىلىلىرى ۋە ئۇ قەبىلە تەركىبىدىكى قەدىمكى بۇلغار قەبىلىلىرىنىڭ غەربكە كۆچۈشى نەتىجىسىدە بۇ يېزىق شەرقىي ياۋروپاغا تارقالدى؛ يەنە بىر قىسىم تۈركىي قەبىلىلىرىنىڭ شەرققە كۆچۈشى نەتىجىسىدە بۇ يېزىق ئورقۇن ـ يېنسەي ۋادىلىرى، جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە شىمالىي جۇڭگوغىچە تارقالدى.

تاشقا چېكىلگەن تۈرك ـ رونىك يېزىقىنى
تۇنجى بولۇپ بايقىغان ۋە تۈرك ـ رونىك يېزىقى
توغرىسىدا تۇنجى بولۇپ خەۋەر بەرگەن كىشى
ئامىستېردام شەھىرىنىڭ باشلىقى بولغان نى-
كولاي ۋىدزىن بولۇپ، ئۇ 1692 ـ يىلى سىبىر-
يىدىكى ۋېرخوتۇرى دېگەن يەردە تاشقا چېكىلگەن
رونىك يېزىقىنى كۆرگەن. تاشپۈتۈكلەر توغرى-
سىدا ئىككىنچى بولۇپ خەۋەر بەرگەن كىشى
سىبىرىيىدىكى توبولىسكى شەھىرىدە تۇرۇشلۇق
سېمون رېمېزوف بولۇپ، ئۇ موڭغۇلىيە دالى-
سىدىكى تۇلا دەرياسى بويىدا تاشقا ئويۇلغان رو-
نىك يېزىقىنى كۆرگەن ۋە 1696 ـــ 1697 ـ يىل-
لىرى «ئورقۇن تاشلىرى» ناملىق ماقالە ئېلان
قىلىپ، رونىك يېزىقى توغرىسىدا مەلۇمات
بەرگەن. رونىك پۈتۈكلىرى توغرىسىدا ئۈچىنچى
بولۇپ مەلۇمات بەرگۈچى سىبىرىيىدە ئۇزۇن
ۋاقىت تۇرغان شىۋېد ئوفىتسېرى ف. ئى.
ستراليېنبېرگ بولۇپ، ئۇ موڭغۇلىيە دالىسى-
دىكى يېنسەي دەرياسى بويىدا رونىك يېزىقى ئو-
يۇلغان بىر قانچە تاشنى كۆرگەن ۋە تاشپۈتۈك-
لەرنىڭ جەدۋىلىنى سىزىپ، رەسمىي ھۆججەت
سۈپىتىدە ئېلان قىلغان.

«رونا» (Rona) دېگەن سۆز ئىسكاندىنو-
ۋىيىچە «سىر»، «سىرلىق» دېگەن مەنىنى
بىلدۈرەتتى. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىمۇ
يۇقىرىدا ئېيتىلغان تاشقا چېكىلگەن يېزىقلارمۇ
«سىرلىق يېزىق» بولۇپ قالغانىدى. بۇنداق
«سىرلىق يېزىق»لارنىڭ كۆپلەپ تېپىلىشى
ئىلىم ساھەسىنىڭ زور دىققىتىنى قوزغىدى.
ئالدى بىلەن بۇ يېزىقنىڭ ئېتنىك جەھەتتە
كىمگە تەئەللۇقلۇقى، بۇ يېزىقنىڭ ئوقۇلۇشى،
مەنىسى قاتارلىقلارنى ئىلمىي ۋە توغرا بىر تەرەپ
قىلىش تارىخشۇناسلار، ئارخېئولوگلار ۋە تىل-
شۇناسلارنىڭ زېھنىگە چۈشتى. نۇرغۇن
ئىزدىنىش ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش ئارقى-
سىدا بۇ مۇھىم، مۇرەككەپ ۋە قىزىقارلىق
بولغان مەسىلە ئاخىرىقى ھېسابتا توغرا بىر تە-
رەپ قىلىندى. يەنى دۇنيا ئىلىم ساھەسىنى
ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرغان بۇ «سىرلىق يېزىق
» ئېتنىك جەھەتتە تۈركىي قەبىلە ۋە خەلقلەرگە
مەنسۇپ قىلىپ يەكۈنلەندى. بۇ يەردە ئىلىم
ساھەسىدىكىلەرنىڭ بۇ دۇنياۋى زور مەسىلىدە
مانا شۇنداق توغرا، ئوبيېكتىپ ۋە ئىلمىي خۇ-
لاسىگە كېلىشىگە زور ئىلمىي ئاساس سېلىپ
بەرگەن ۋە مۇشۇنداق ھۆكۈم چىقىرىلىشنى تە-
شەببۇس قىلغان كاتتا ئالىم ئابىل رېميوزىنىڭ
ئىسمىنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك.
بۇ ئالىم ئۆزىنىڭ توغرا كۆز قارىشى ۋە تەشەب-
بۇسىنى ئۆز كۆز قارىشىنىڭ ئەكسىدىكىلەر
ئالدىدا رەت قىلىپ ۋە قايرىپ بولالمايدىغان دە-
رىجىدىكى چوڭقۇر ئىزدىنىش نەتىجىلىرى
ھەمدە نۇرغۇن پاكىتلار ئاساسىدا ئىسپاتلاپ ئوت-
تۇرىغا قويۇشى بىلەن يەڭدەپ چىققان. «ئور-
قۇن ـ يېنسەي يېزىقى»نىڭ ئېتنىك جەھەتتە
خەلقلەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى، بۇ يەكۈننىڭ
ھەقىقەتەن توغرا ئىكەنلىكى كېيىنكى ۋاقىتتا
بۇ يېزىقنى ئوقۇش ۋە يېشىش ئىختىرا قىلى-
نىشى بىلەن تېخىمۇ كۈچلۈك ئىسپاتلاندى.

«ئورقۇن ـ يېنسەي يېزىقى» بايقالغاندىن
تارتىپ ئۇنى ئوقۇش ۋە يېشىشكىچە ئار-
لىقتا 200 يىلچە ۋاقىت ئۆتتى. 1893 ـ يىلى
12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى دانىيىلىك شەرقشۇناس
ۋ. تومسېن دانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ
ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا دوكلات بېرىپ،
«سىرلىق يېزىق» دەپ ئاتالغان «ئورقۇن ـ يېن-
سەي يېزىقى»نى ئوقۇشنى ئىختىرا قىلغانلى-
قىنى ئېلان قىلدى. بۇ غايەت زور مۆجىزە-
ئىدى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن،
ئاتاقلىق تۈركولوگ ۋ. ۋ. رادلوف 1894 ـ يىلى
1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى روسىيە پەنلەر ئاكادېمى-
يىسىنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا «سىر-
لىق يېزىق» دەپ ئاتالغان «ئورقۇن ـ يېنسەي
يېزىقى»دا يېزىلغان «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»
تېكىستىنى تۈركىي تىلدا ئوقۇدى، شۇنىڭ بى-
لەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن قى-
لىنغان تەرجىمىسىنىمۇ ئوقۇدى. بۇمۇ ئىلىم
دۇنياسىدىكى پەۋقۇلئاددە زور ئىختىرا ئىدى.
مانا شۇ كۈندىن باشلاپ قەدىمكى تۈركىي تىل-
لارنى تەتقىق قىلىش تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ
مەخسۇس بىر تارمىقىغا ئايلاندى ۋە بۇ ھەقتىكى

تەتقىقات روسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، ياپونىيە، شىۋېتسىيە، ۋېنگرىيە، فرانسىيە، دانىيە، فىنلاندىيە، تۈركىيە قاتارلىق بىر قانچە ئون دۆلەتكە يېيىلىپ، ئۇ دۆلەتلەردىكى زور، مۇھىم تەتقىقات كۈنتەرتىپىگە قويۇلۇپ، كەڭ دائىرىلىك تەتقىقات قانات يايدۇرۇلدى ③.

ئورقۇن – يېنسەي يېزىقى «تۈرك – رونىك يېزىقى»، «قەدىمكى تۈرك يېزىقى» دەپ ئاتالغاندىن باشقا، يەنە ئەرەب تارىخچىسى ئىبىن ئەرەبشا (1388؟ – 1450؟ – يىللار) بۇ يېزىقنىڭ خېلى بۇرۇنلا «دۆلبارچىن يېزىقى» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنىمۇ تىلغا ئالغان④. يەنە بەزى ئاپتورلار بۇ «دۆلبارچىن يېزىقى»نىڭ ئورقۇن ۋارىيانتى، يېنسەي ۋارىيانتى، تۇرپان ۋارىيانتىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ۋارىيانتى بارلىقىنىمۇ تەكىتلەيدۇ⑤.

تۈرك – رونىك يېزىقى ئېلىپبەلىك (تاۋۇشلۇق) يېزىق بىلەن بوغۇملۇق يېزىقنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ئىبارەت بولغان بىر خىل يېزىق. ئۇ 38 – 40 بەلگىدىن تەشكىل تاپقان. بۇ بەلگىلەرنىڭ تۆتى سەككىز سوزۇق تاۋۇشنى، قالغانلىرى ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ياكى قوش ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ يېزىق ئوڭدىن سولغا، توغرىسىغا يېزىلىدۇ. سۆز بىلەن سۆز قوش چېكىت ( : ) ئارقىلىق ئايرىلىدۇ. بەزىدە بىر سۆز بىرىكمىسىنى بىر سۆز قىلىپ يېزىش ئەھۋالىمۇ ئۇچرايدۇ.

بۇ خىل يېزىق «رونىك يېزىقى»، «سىبىرىيە يېزىقى»، «دۆلبارچىن يېزىقى» ۋە «تۈرك – رونىك يېزىقى» دېگەندەك بىر قانچە خىل ناملار بىلەن ئاتالغان. بۇ بىر خىل يېزىقنىڭ بىر قانچە خىل ئاتىلىشىدۇر. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ توغرا ۋە مۇۋاپىق ئاتاش بۇ خىل يېزىقنى ئىختىرا قىلغۇچى ۋە قوللانغۇچىلارنى نەزەردە تۇتقاندا ئەڭ ئاخىرقى ئاتاش شەكلىدۇر.

قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا يېزىلغان يادىكارلىقلار ــــ ئاساسەن مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى بولۇپ، بۇلاردىن خېلى كۆپلەپ تېپىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇرلىرىدىن «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»، «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»، «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى»، «توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» قاتارلىقلار بار. بۇ مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىنىڭ تېپىلىشى، ئوقۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ يېشىلىشى بىر تەرەپتىن، تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈپ، تۈركىي تىللارنى دۇنياۋى مىقياستا تەتقىق قىلىشنى تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ مەخسۇس بىر تارمىقىغا ئايلاندۇرغان (پېتېربۇرگ شەھىرى بۇ تەتقىقات ئورنىنىڭ خەلقئارالىق مەركىزى بولغان) بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلارنىڭ تېپىلىشى قەدىمكى تۈركىي تىللىق قەبىلە ۋە خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى تىل – يېزىقى، تارىخى، سىياسى، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشنى پەۋقۇلئاددە زور قىممەتكە ئىگە بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتتى. ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، تىل – يېزىقى، ئەدەبىياتى، مەدەنىيىتى، سەنئىتى قاتارلىقلار تۈركىي تىللارنى تەتقىق قىلىش خەلقئارا مەركىزى پېتېربۇرگدا رەسمىي كۈنتەرتىپكە قويۇلدى. بۇ تەتقىقات مەركىزىنىڭ خىزمىتىگە داڭلىق رۇس ئالىملىرىدىن رادلوف، مېلىئورانسكى، ۋېسېلوۋسكى، بارتولد، روزېن، زالىمان، ۋاسىلىيېۋ قاتارلىقلاردىن باشقا، يەنە تەكلىپ بىلەن جۇڭگو ئالىملىرى ۋە فرانسۇز ئالىملىرىدىن چاۋاننېس، نېمىس ئالىملىرىدىن ھىرت قاتارلىقلارمۇ ئىشتىراك قىلغان. ئاتاقلىق شەرقشۇناس ئالىم س. گ. كىلياشتورنىي ئۆزىنىڭ بىر ئەسىرىدە جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ پېتېربورگتىكى تەتقىقات خىزمىتىگە رۇس ئالىملىرى بىلەن بىر قاتاردا قاتناشقانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ. ئۇ مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «قەدىمكى تۈركىي تىلدىكى يادىكارلىقلارنىڭ پېتېربۇرگدىكى تەتقىقات مەركىزىگە رۇس شەرقشۇناسلىرى بىلەن بىر قاتاردا جۇڭگو ئالىملىرىمۇ قاتناشتى. ئۇلار ئورقۇن يادىكارلىقلىرى تېكىستلىرىدىكى خەنزۇچە خەت (ئېروگ-

لىق ) لەرنى بېكىتتى ۋە ئىزاھلىدى »⑥ .
جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ بۇ تەتقىقات خىزمىتىگە قاتناشقانلىقى قەدىمكى تۈرك يېزىقىنى توغرا يېشىش جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ ئوخشاشلا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. تارىخچى ئۇيغۇر سايرانى ئەپەندىمۇ ئۆزىنىڭ بىر ماقالىسىدا جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ پېتېربورگتىكى تەتقىقات مەركىزىدە تۈرك ـ رونىك يېزىقلىرىنى ئىزاھلاش، يېشىش خىزمىتىگە قاتناشقانلىقىنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇلار قاتناشمىغان بولسا، بۇ يېزىقنى يېشىش ۋاقتىنىڭ ئۇزىراپ كېتىش ئېھتىماللىقىنىڭ بولىدىغانلىقىنى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ خىزمەتكە قاتناشقان جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ ئىسىملىرىنىڭ تېخىچە چېلىقمىغانلىقىنى، ئەمما ئۇلارنىڭ تۆھپىسى ۋە نام ـ شەرىپىنىمۇ بۈيۈك ئالىم تومسېن، رادلوفلار قاتارىدا يادلىشىمىزنى قەيت قىلىدۇ ⑦. بۇ ھەقىقەتەن قوللاشقا تېگىشلىك قاراش.

**2 . قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى .** قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى سوغدى يېزىقى ( يەنى سوغدىلار مىلادىيە 3 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئىراندا قوللىنىلغان ئاۋېستا يېزىقىنى ئۆزلىرىنىڭ تىلى — شەرقىي ئىران تىلى ۋە شىۋىسىنى خاتىرىلەشكە لايىقلاشتۇرۇپ ئىسلاھ قىلىپ قوللانغان بىر خىل يېزىق ) ئاساسىدا تۈزۈلۈپ بارلىققا كەلگەن ئېلىپبەلىك يېزىقتۇر.

1975 ـ يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق موزېينىڭ ئارخېئولوگىيە گۇرۇپپىسى تۇرپان ناھىيىسىنىڭ يالقۇنتاغ گۈڭشېسى قاراغوجا مەھەللىسىنىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن 40 نى قېزىپ، 500 ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇمىنى تاپقان. ئۇنىڭ ئىچىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقىدا خەت يېزىلغان 18 دانە تارشا بولۇپ، بۇ تارشىلار بىلەن بىللە يەنە ئېنىق يىلنامە يېزىلغان خەنزۇچە خەت ـ چەكلەرمۇ چىققان. ئارخېئولوگلار ۋە قەدىمكى يېزىقشۇناسلار «75TKM 91» نومۇرلۇق قەبرىدىن چىققان تارشىدىكى يېزىقلارنى ۋە بۇ تارشىلار بىلەن بىللە چىققان «75TKM91: 18» نومۇرلۇق خەنزۇچە خەت ـ چەكتىكى يىلنامىلەرنى؛ «75TKM90» نومۇرلۇق قەبرىدىن چىققان تارشىلاردىكى يېزىقلارنى ھەمدە يەنە شۇ تارشىلار بىلەن بىللە چىققان «75TKM90: 27» نومۇرلۇق خەنزۇچە خەت ـ چەكتىكى يىلنامىلەرنى تارىخشۇناسلىق، ئارخېئولوگىيە ۋە يېزىقشۇناسلىق ئاساسىدا تەتقىق قىلىپ، قەدىمكى زاماندا تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىيە 422 ـ يىللارغا كەلگەندە، يەنى شىمالىي لياڭ خانلىقىنىڭ خانى ھۇنلارنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان جورچى مۇنسۇن خانىنىڭ شۈەنشى ( 玄始 ) 11 ـ يىلىدا خەنزۇچە سۆزلەرنى سوغدى ھەرپلىرى بىلەن ترانسكرىپسىيە قىلىشقا باشلىغانلىقىنى، مىلادىيە 481 ـ يىلىغا كەلگەندە سوغدى ھەرپلىرىدىن پايدىلىنىپ تۈرك ـ ئۇيغۇر تىلىنى خاتىرىلەشنى باشلىغانلىقىنى، قىسقىسى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئەڭ بۇرۇن تۇرپان ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار مىلادىيە 5 ـ ئەسىردە قوللانغانلىقىنى قەيت قىلماقتا⑧ .

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئەينى دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە بىر قەدەر ئۇيغۇنلاشقان، «تۈرك ـ رونىك يېزىقى» («دۆلبارچىن يېزىقى») دىن بىر قەدەر ئىلمىي، ئەينى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ئىپادىلەپ بېرىشكە تېخىمۇ يېقىن، ئىشلىتىشكە ئوڭاي، بولۇپمۇ بۇ يېزىق ئېلىپبەلىك يېزىق بولغانلىقى بىلەن بۇرۇنقى قوللانغان يېزىقلاردىن ئىپادىلەش ۋە ئىلمىيلىك جەھەتلەردىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ.

بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، بۇ يېزىق ھەممە تۈركىي تىللاردا قوللىنىلىدىغان يېزىقلاردىن ئىپادىلەش ۋە ئىلمىيلىك جەھەتلەردىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ.

بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، «ھەممە تۈركىي تىللاردا قوللىنىلىدىغان ئاساسىي ھەرپلەر 18 »، «. . . ئاساسىي ھەرپلەردىن تاشقىرى، يېزىقتا يوق، پەقەت ئېغىزدىلا ئىشلىتىلىدىغان، يەنى ئاساسىي ھەرپ ھېسابلانمايدىغان يەنە يەتتە ھەرپ بار

. تۈركىي تىللار بۇلارسىز بولمايدۇ » ، «بۇ يەتتە ھەرپ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئاساسىي ھەرپلەرگە ئوخشاش يېزىلىپ، ئۇلاردىن پەقەت چېكىت قويۇلۇش بىلەن پەرقلىنىدۇ »⑨ .

«قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاتاقتا 14 ھەرپتىن ئىبارەت بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ شەكلى ئەمەلدە 4 ـ، 5 ـ ھەرپتىن نېرى بارمايدۇ. قالغان ھەرپىنىڭ ھەر خىل قوشۇلمىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. بەزى ھەرپلەر شۇنداق كۆپ تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدۇكى، ئۇلارنى مۇستەقىل ھەرپ دېيىش تەس. . . . قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئوقۇشنىڭ تەسلىكىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ يېزىقنىڭ شۇنچە ئۇزۇن زامانغىچە (5 ـ ئەسىردىن 18 ـ ئەسىرگىچە ) ئىشلىتىلىپ كېلىشى بۇ يېزىق بىلەن ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەتنىڭ يۇقىرىلىقىدىن بولغان» ⑩.

يەنە بەزى ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا 19 دىن 22 گىچە ھەرپ ئىشلىتىلگەن بولۇپ، باش، ئوتتۇرا، ئاياغ ھەرپلەردىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە بەشى سەككىز سوزۇق تاۋۇشنى، قالغانلىرى ئۈزۈك تاۋۇشنى ئىپادىلەش رولىنى ئوينايدۇ. «بۇ يېزىقنىڭ ئوڭدىن ـ سولغا قارىتىپ توغرىسىغا يېزىلىدىغان شەكلى ۋە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ تىك يېزىلىدىغان شەكلىمۇ بار ئىدى» ⑪. بۇ يېزىقنىڭ خەت نۇسخىسىغا كەلسەك، ئۇنىڭ خۇددى ئەرەب يېزىقىنىڭ سۇلۇس، نەستەئلىق ، رىققە نۇسخىلىرىغا ئوخشاش ئۈچ خىل خەت نۇسخىسى بار . 1 ـ خىلى باسما نۇسخا ، 2 ـ خىلى فارسى نەستەلىققە ئوخشاش يازما نۇسخا، 3 ـ خىلى رىققە خەت نۇسخىسىغا ئوخشاش مارجانDEK دانە ـ دانە قىلىپ تىزىلىدىغان ئۇششاق ھۆسن خەت نۇسخىسىدۇر.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى دەسلەپكى چاغلاردا تارراق دائىرىدە قوللىنىلدى . مىلادىيە 8 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئۇيغۇرلار «قەدىمكى تۈرك يېزىقى »دىن «يېڭى ئۇيغۇر يېزىقى »غا كۆچتى. «بۇ يېزىق تىلشۇناسلىق كاتېگورىيىسى بويىچە ئۆزىگە خاس بىر مۇنچە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى ، ئۇنىڭ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ـــ كەڭ تەدبىقلانغانلىقىدا . ئەگەر ئورقۇن دەۋرىدە ئۇيغۇرلار قوللانغان يېزىقلار مەڭگۈ تاشلاردىن ئىبارەت چەكلىك دائىرىدە ئىپادىلەنگەن دېيىلسە ، يېڭى ئۇيغۇر يېزىقى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە جەھەتلىرىدە ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ئىزلىرىنى قالدۇرغان »⑫ .

ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان دەسلەپكى يازما يادىكارلىقلاردىن مىسال ئالساق؛ يۇقىرىدا كۆرسەتكەن مىلادىيە 5 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق يازما يادىكارلىقتىن باشقا، لۇشۇن مۇزېيىنىڭ «تۇرپاندىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۆلۈمى »گە قويۇلغان مىلادىيە 5 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق «3441 » نومۇرلۇق ئەر مومىيانىڭ سول پۇتىغا ئورالغان يىرىك توقۇلغان رەخت يۈزىگە قارا سىيادا يېزىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە خەت ⑬، 1965 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، تۇرپاننىڭ سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى ئەتراپىدىكى ئەنجان خارابىلىقىدىكى بىر قەدىمكى بۇددا ئىبادەتخانىسى ئىزىدىن بىر مۇنچە يادىكارلىقلار بىلەن بىللە، مىلادىيە 7 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بار 25 تال تارشا ⑭ ۋە باشقا يادىكارلىقلار بار. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۇيغۇرلار ئورقۇن بويلىرىدا ياشاۋاتقان چاغلاردىلا قوللىنىپ تۇرغان ئىدى. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ بەزى ئاپتورلىرىمىز تاھازىرغىچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى مىلادىيە 9 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلار ئورقۇن ۋادىسىدىن تەڭرىتاغ ئەتراپىغا كۆچۈپ كەلگەندە بىللە ئېلىپ كەلگەن، ئۇيغۇرلار 9 ـ ئەسىردىن باشلاپ يېزىق قوللىنىشقا باشلىغان دەپ قارىماقتا. بۇ ئەمەلىيەتكە ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخى ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىر تەرەپلىمە ۋە خاتا قاراشتۇر. رادلوف 1890 ـ يىلى قارابالغاسۇندىن تېپىلغان «توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى » دىكى سوغدى تىلى ۋە سوغدى يېزىقى بىلەن يېزىلغان قىسمىنى ئەڭ بۇرۇنقى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى دەپ خاتا تونۇپ قالغان. بەزىلەر بۇ قاراشنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئورقۇن

ۋادىسىدىن تەڭرىتاغ ئەتراپىغا كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ بارغان دەپ ھېساپلاشتى. كېيىن گېرمانىيىلىك ئالىم مۇللېر ۋە لاۋزېر قاتارلىقلار رادلوفنىڭ بۇ قارىشىدا بىر تەرەپلىمىلىك ۋە سەھۋەنلىك كۆرۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، ئۇ « ئۇيغۇر يېزىقى » دەپ ئېيتقان يېزىقنىڭ ھەقىقەتەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئەمەس، بەلكى سوغدى يېزىقى ئىكەنلىكىنى، بۇ يادنامىدىكى يېزىقنىڭ ئۇرقۇن ـ يېنسەي يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى ۋە سوغدى يېزىقىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل يېزىقتا يېزىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سەھۋەنلىكنى تۈزەتتى. بۇ تۈزىتىشكە ئەلۋەتتە 50 يىلچە ۋاقىت كەتتى. يەنى ئۇنىڭغا موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇلانخوم دېگەن يېرىدىن تېپىلغان (ئورنىتىلغان يىل دەۋرى ئېنىق بەلگىلەنمىگەن) مەڭگۈ تاش يادىكارلىقى زور تۈرتكە بولغانلىقىدا گەپ يوق. چۈنكى، بۇ مەڭگۈ تاشتا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا سەككىز قۇر خەت يېزىلغانىدى. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ تېپىلىشى ھېچقانداق مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ئاندىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغانىدى دەيدىغان قاراشنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قەدىمكى يېزىقلار تەتقىقاتچىسى گېڭ شىمىن ئەپەندى ئۆزىنىڭ بىر مۇھىم ئىلمىي ئەمگىكىدە ئېنىق قىلىپ: «1950 ـ يىللاردا موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇلانخوم دېگەن يېرىدىن تېپىلغان ئۇيغۇر يېزىقىدا سەككىز قۇر خەت يېزىلغان مەڭگۈ تاشتىن قارىغاندا، بۇ يېزىقنى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇنلا (بەلكى 8 ـ ئەسىر ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىلا — نەقىل ئالغۇچىدىن) ئۇيغۇرلار قوللىنىشقا باشلىغان» دەپ قەيت قىلغان⑮. گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ بۇ يەكۈنىنىڭ توغرىلىقىنى تۇرپان ئويمانلىقىدىن تېپىلغان مىلادىيە 5 — 7 ـ ئەسىرگە تەۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازمىلار ۋە مىلادىيە 8 ـ ئەسىردە يەتتە سۇ ۋادىسىنى ماكان قىلغان تۈركەش قەبىلىلىرى ئىشلەتكەن «تۈركەش تەڭگىسى» نىڭ ئۈستىگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ئويۇپ قالدۇرۇلغان يادىكارلىقلىرى تېخىمۇ دەلىللىك ئىسپاتلايدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئۇيغۇرلارغا قوشنا ياشىغان نۇرغۇن قەبىلە ۋە خەلقلەرگىمۇ زور تەسىر كۆرسەتتى. بۇ يېزىق پەقەت ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قوللىنىلىپ قالماي، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەبىلە ۋە خەلقلەر ئارىسىدىمۇ ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغانىدى. بۇ يېزىق قاراخانىيلاردا مىلادىيە 9 ـ ئەسىردىن 11 ـ ئەسىرگىچە تۇرپان، قۇمۇل ۋادىلىرىدا 15 ـ ئەسىرگىچە، گەنسۇ، دۇنخۇاڭ رايونىدا تاكى 18 ـ ئەسىرگىچە قوللىنىلغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى تارىختا ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت قوللانغان ۋە مۇشۇ يېزىقتا ناھايىتى نۇرغۇن يازما يادىكارلىقلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان نۇرغۇنلىغان مۇئەللىم ـ ئۇستازلار موڭغۇل، تاڭغۇت ۋە قىتان شاھزادىلىرىگە قەدىمكى ئۇيغۇر راھىبلىرى مانى دىنى، بۇددا دىنىنى خەنزۇلارغا، تاڭغۇتلارغا ۋە موڭغۇللارغا تارقىتىپ، ھەر خىل نوملارنى شەرھلەپ تەپسىر قىلىپ بەرگەن. نۇرغۇن تالانتلىق ئۇيغۇر تىلماچلار تۈرلۈك يېزىقتىكى دىنىي، ئەدەبىي، پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىغا ئۆرۈپ چىققان. نۇرغۇن ئۇيغۇر باقشى ـ ئۇستاز، خەتتاتلار كۆپ ساندىكى ۋە زور ھەجىمدىكى كىتاب ـ ئەسەرلەرنى كۆچۈرۈپ چىققان. تام، ياغاچ، تېرە، ئۇستىخان، تاش ۋە قەغەز قاتارلىق نەرسىلەرگە چىرايلىق ھۆسنىخەتلەرنى پۈتكەن.

«ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېڭى ئۇيغۇر يېزىقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنلىكى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى مۇھىم مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ»، شۇنداقلا «ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىغا قوشقان مۇھىم تۆھپىلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ يېزىقنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن تارىم بويلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا ھەتتا شەرقىي ئىران ئېگىزلىكىدىكى خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرالىدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك ۋە پاراسەت نەتىجىلىرىنى خاتىرىلەپ ساقلىيالىدى»⑯. ھازىر مەلۇم بولۇشىچە، بۇ يېزىق ھۆكۈمەت ئالاقىلىرى، پۇقرالار ئارىسىدىكى توختام، تىلخەتلەر، سودا كېلىشىملىرى قاتارلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىدە كەڭ قوللىنىلغاندىن باشقا، بۇددىزم كىتابلىرىنى ئۇرۇشتە، مانى دىنى، نېستورىيان دىنى مۇرتلىرىنىڭ بۇددا دىنى، مانى دىنى، نېستورىيان دىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ كلاسسىك كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىشتا، تىلاۋەتنامە، شېئىر-نەزمە، ھېكايىلەرنى تەرجىمە قىلىش ئىشلىرىدىمۇ قوللىنىلغان. ئەدەبىي ئەسەرلەر، تىبابەتچىلىك كىتابلىرى ۋە رېتسېپلار، مەڭگۈتاش-خاتىرىلەر، كالىندار، كۇسەنچە-ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما سۆزلۈكلەر ۋە باشقا لۇغەتلەر مۇشۇ جۈملىدىندۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرلىرى «ئالتۇن يارۇق»، «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «مايترى سىمىت»، «ئىككى يىلتىزلىق نوم»، «مانى مۇخلىسلىرىنىڭ تۆۋە-ئىستىغپار نامىسى»، «مەدھىيە»، «ئىنجىل»، «ئىزوپ مەسەللىرى» قاتارلىقلار بار. بۇلاردىنمۇ مۇھىملىرىدىن «ئوغۇزنامە»، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاتارلىقلارمۇ بار. ئومۇمەن، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان يادىكارلىقلارنى بۇ يەردە بىر-بىرلەپ كۆرسىتىپ ئۆتمەيمەن. بۇنىڭغا قىزىقىقۇچىلار تۈركىي تىللار تەتقىقاتى ساھەسى بويىچە مەشھۇر ئالىملىرىمىزدىن ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندىنىڭ «مەملىكىتىمىزدىكى تۈركىي تىللار ۋە بۇ ھەقتىكى ئىلمىي تەتقىقات» ۋە گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان مۇھىم يادىكارلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ تەتقىق قىلىنىشى» قاتارلىق قىممەتلىك ئىلمىي ئەمگەكلىرىگە مۇراجەت قىلغاي.

«10-ئەسىردىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ يېزىقى چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ كۈچىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئاسىيا ۋە ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا قوللىنىلىدىغان ئاساسلىق يېزىق بولۇپ قالدى. بۇ ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئەڭ روناق تاپقان مەزگىلى ئىدى»⑰. بۇ يېزىق 1204-يىلىدىن باشلاپ موڭغۇللار تەرىپىدىن ئازراق ئۆزگەرتىلگەن ئاساستا قوبۇل قىلىنىپ، پۈتكۈل موڭغۇل تىلىدىكى خەلقلەر ئۈچۈن 700 يىلچە خىزمەت قىلدى. 16-ئەسىردە، مانجۇلار بۇ يېزىقنى موڭغۇللاردىن قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا يەنە بىر مۇنچە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ يېزىقى قىلدى. تارىخ كىتابلىرىدا يېزىلىشىچە «كىدانلارنىڭ ئېلىپبەلىك يېزىقى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىغا تەقلىد قىلىپ ئىجاد قىلىنغانىكەن»⑱. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى، غەربىي لياۋ تەزكىرىسى» دىمۇ «مەملىكىتىمىزنىڭ ئاساسىي ئۆلى شىمالدا، بۇرۇن ئىش كونىچە ئادەت بويىچە ئېلىپ بېرىلاتتى. شۇڭا يېزىق يارىتىلمىغان. يېزىق قوللىنىشقا توغرا كەلگەندە خەنزۇچە خەت ۋە ئۇيغۇر يېزىقى ئارقىلىق سۇلالىمىزدە قوللىنىلىۋاتقان تىل ئىپادىلەنگەن» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئېيتساق، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى 5—15-ئەسىرلەردە ئالتۇن ئوردا خانلىقىدا، تۆمۈرىيلەر خاندانلىقىدا ۋە چاغاتاي خانلىقىنىڭ

دۆلەت ئورگىنىدا قوللىنىلىدىغان يېزىق بولغان. بۇ يېزىق ھەققىدە ئەرەب تارىخچىلىرىنىڭ يازغانلىرىمۇ بار. ئالايلۇق، ئەرەب تارىخچىسى ئىبىن ئەرەپشا (تەخمىنەن 1388 ـ 1450 ـ يىللىرى ياشىغان) مۇنداق دەپ يازغاندى: «چاغاتاي ئادەملىرىدە ئۇيغۇر يېزىقى دېگەن يەنە بىر خىل يېزىق بار. بۇ يېزىق موڭغۇللارنىڭ يېزىقى بولۇشى سۈپىتى بىلەن ھەممىگە مەلۇم. . بۇ يېزىق بىلەن ۋەزىپىگە بەلگىلەش پەرمانلىرى، بۇيرۇقلار، خەت ـ ئالاقىلەر، غەزەللەر، تارىخ، ھېكايە شۇنىڭدەك چىڭگىزخاننىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرى يېزىلدى. كىمكى بۇ يېزىقنى بىلسە ئۇ خار بولمايدۇ. . . »[19].

قىسقىسى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ كەڭ دائىرىدە ۋە ئۇزاققىچە ئىشلىتىلىشىگە زور ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگۈچىلەر يەنىلا ئۇيغۇرلار بولدى. ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى، مەشھۇر تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى بۇ يېزىق ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «قەدىمدىن بېرى، قەشقەردىن يۇقىرى چىنغىچە بولغان ھەممە تۈرك يۇرتلىرىدا بارچە خاقانلار بىلەن سۇلتانلارنىڭ يارلىق ۋە خەت ـ ئالاقىلىرى ئەنە شۇ يېزىقتا يېزىلىپ كەلگەن». بۇ باياندىن بىز بىرىنچىدىن، ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ناھايىتى كەڭ دائىرىدە قوللىنىلغانلىقىنى، ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قوشنا ياشاپ كەلگەن باشقا قېرىنداش تۈركىي تىللىق قەبىلە ۋە خەلقلەرنىڭ، يەنە شۇنىڭدەك موڭغۇل، مانجۇ، قىتان قاتارلىق قەبىلە ۋە خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى بىلىپ يېتىمىز.

**3 . ئەرەب يېزىقى** 10 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق شىنجاڭ رايونىغا (ئالدى بىلەن قەشقەر رايونىغا) تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا ئۇزۇن ئۆتمەي ئەرەب يېزىقىمۇ قوبۇل قىلىنىدى. ئاخىرىدا پۈتكۈل قاراخانىلار سۇلالىسىدە ئەرەب يېزىقىنى قوللىنىشقا باشلىدى. مۇشۇنداق زور تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئەرەب يېزىقىغا ئورۇن بوشىتىپ بەردى. ئەرەب يېزىقى قارا خانىلار سۇلالىسى تەۋەسىدە تاكى 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە دېگۈدەك قوللىنىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەت قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى يازما ئەدەبىياتىدىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن تۇنجى بەدىئىي ئەسەر — پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدىكى پارلاق نامايەندە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تارىخىدىمۇ زور قىممەتكە ئىگە داستان، 11 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ «قاھىرە نۇسخىسى» بىلەن «پەرغانە نۇسخىسى» ئەرەب ھەرپى ئاساس قىلىنغان ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن.

**4 . چاغاتاي يېزىقى** «چاغاتاي» دېگەن ھەممىگە مەلۇم بولغان بۈيۈك خاقان چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئېتى. «چاغاتاي تىلى»، «چاغاتاي يېزىقى»، «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دېگەنلەر چىڭگىزخاننىڭ 2 ـ ئوغلى چاغاتاي ياراتقان تىل، چاغاتاي ياراتقان يېزىق، چاغاتاي ياراتقان ئەدەبىيات دېگەن مەنىدىكى گەپ ئەمەس. مۇشۇنداق ئاتاش مېنىڭچە بىر تارىخىي يېڭىلىش، چاغاتاي يېزىقى دېگىنىمىز ئەرەب يېزىقى ئېلىپبەسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، ئەرەب، پارس يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىلىرى مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگەرتىلىپ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىر قەدەر تولۇق ئىپادىلەش تەلىپىگە لايىقلاشتۇرۇلغان ھالدا مەيدانغا كەلگەن بىر خىل يېزىقتۇر. تۈركىي تىللارنى

خاتىرىلەيدىغان بۇ خىل يېزىق چاغاتاي سۇيۇر-
غاللىقى —دۇنياۋى ئىستىلاچى چىڭگىزخان
بويسۇندۇرۇۋالغان يەرلىرىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى
يىللىرىدا تۆت ئوغلىغا سۇيۇرغال قىلىپ بۆلۈپ
بەرگەندە چاغاتايغا تەگكەن سۇيۇرغاللىق—
جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربى، بالقاش كۆلى-
نىڭ جەنۇبىدىكى يەتتە سۇ رايونى ۋە ماۋرا ئۇن-
نەھر، خۇراسان رايونى (ھازىرقى تۈركمەنىس-
تاننىڭ جەنۇبىي قىسمى)، ئىراننىڭ شەرقىي
قىسمى، ئافغانىستاننىڭ غەربىي قىسمى ھەم
قەشقەرنى مەركەز قىلغان جەنۇبىي تەڭرىتاغ را-
يونى قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خان-
لىق تىكلەپ، ئالمالىق شەھىرى (شىنجاڭدىكى
ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىنىڭ چىڭسىخوزا
ئەتراپى)نى پايتەختى قىلىپ ھاكىمىيەت يۈر-
گۈزگەن دەۋردە قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن، شۇن-
داقلا چاغاتاي خانلىقىنىڭ مەمۇرىي دائىرىلىرىگە
خىزمەت قىلدۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن شۇ خان نامى
بىلەن «چاغاتاي يېزىقى» دەپ ئاتىلىپ قالغان.
«چاغاتاي تىلى» ۋە «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دې-
گەنمۇ دەل چاغاتاي ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە مەي-
دانغا كەلگەن ئەدەبىيات بولغانلىقى ئۈچۈن «چا-
غاتاي» نامى بىلەن ئاتىلىپ قالغان.

چاغاتاي ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە قوللىنىلغان
بۇ ئۇيغۇر يېزىقى مىلادىيە 13 ـ ئەسىردىن تاكى
20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا قەدەر ئۇيغۇرلار
ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر تەرىپىدىن نا-
ھايىتى كەڭ دائىرىدە قوللىنىلغان. 700 يىل
قوللىنىلغان بۇ خىل يېزىقتا ئىنتايىن نۇرغۇن
ۋە ناھايىتى قىممەتلىك ئەسەرلەر، يازما يادى-
كارلىقلار مەيدانغا چىققان. ئاتاقلىق تىلشۇناس
جامال قارشىنىڭ «سورراھ» لۇغىتى، رابغۇزى-
نىڭ «قىسسەئى رابغۇزى» رومانى، بۈيۈك مۇ-
تەپەككۇر ئەدىب ناۋائىنىڭ 52 مىڭ مىسرالىق
«خەمسە»سى، بابۇرنىڭ «بابۇرنامە»سى، دور-
بېكنىڭ «يۇسۇپ ـ زىلەيخا»سى ۋە باشقا نۇرغۇن
ئېسىل ئەسەرلەر ۋە لىرىك شېئىرلار توپلاملىرى
مانا شۇ يېزىقتا يېزىلغان، كۆچۈرۈلگەن،
جاي ـ جايلارغا تارقىتىلغان ۋە ھەتتا زامانىمىز-
غىچىمۇ يېتىپ كەلگەن.

**5. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى** ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىق بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەرەب ۋە پارس تىللىرىغا خاس ھەرپ ۋە بەلگىلەر چىقىرىپ تاشلىنىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا خاس بەزى ھەرپلەر قوشۇلۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە پەيدىنپەي ماسلاشتۇرۇلۇپ، يېزىقنىڭ ئىملا قائىدىسىمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇلغان ھالدا تۈزۈلگەن يېزىقتۇر. بۇ يېزىق پەيدىنپەي تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ ھازىرقى زامان يېزىقىغا ئايلانغان.

ئۇيغۇرلار تارىختا يۇقىرىدا ئېيتىلغان يېزىقلاردىن باشقا، يەنە داۋاملاشقان ۋاقتى بىر ـ بىرىگە ئوخشاش بولمىغان سوغدى يېزىقى، مانى يېزىقى، توخرى يېزىقى، ساك يېزىقى، كاروشتى يېزىقى، سۇرىيە يېزىقى، پارس يېزىقى (پەھلىۋى يېزىقى)، براھما يېزىقى، يۇنان يېزىقى قاتارلىق يېزىقلارنى قوللانغان. شۇڭلاشقا مەرھۇم تارىخچى ليۇ زىشياۋ ئەپەندى ئۆزىنىڭ كىتابىدا قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېزىق مەدەنىيىتى ھەققىدە توختالغىنىدا شۇ ۋاقىتلاردا تۇرپان ئويمانلىقىدا 16 خىل يېزىقنىڭ قوللىنىلغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ «تۇرپان ئويمانلىقى ئېلىمىز بويىچە ئېيتقاندا، ھەقىقەتەنمۇ يېزىق گۈلزارى دەپ ئاتاشقا مۇناسىپ جاي»، «شۇنىمۇ ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، يېڭى ئۇيغۇر يېزىقى (قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى دېمەكچى —نەقىل ئالغۇچىدىن) ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدا ئەڭ بالدۇر باسما ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگەن يېزىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ»، «7

—8 ـ ئەسىرلەر ئويما باسما تېخنىكىسى راسا گۈللەنگەن دەۋر ئىدى. ئېلىمىزنىڭ بىپايان زېمىنىدا نۇرغۇن باسما مەركەزلىرى پەيدا بولدى . تۇرپان ئويمانلىقى شۇلارنىڭ بىرى ئىدى » ، «بۇ مەزگىلدىكى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى باسما تېخنىكىسىنىڭ تاكامۇللىقى ۋە نەپىسلىكى شۇنى نامايەن قىلىدۇكى. . . بولۇپمۇ باسما ئىشلىرىدا ئىشلىتىلگەن تىل ۋە يېزىقنىڭ كۆپلۈكى 11 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ باسما ئىشلىرىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ » ، تۇرپان ئويمانلىقىدا قوللىنىلغان تىل، يېزىق ۋە مەتبەئە ئىشلىرىغا دائىر نۇرغۇن.ئىشەنچىلىك «پاكىتلاردىن بىز قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بولغان تۇرپان ئويمانلىقى شۇ دەۋردە ئېلىمىز بويىچە مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى رايونلارنىڭ بىرى ، شۇنداقلا ئاسىيا رايونىنىڭ غايەت زور مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز » دەپ ئوچۇق كۆرسىتىپ ئۆتكەن ㉑.

ئىزاھاتلار :

① نەسرۇللا يولبۇلدى: «تىلشۇناسلىق ھەققىدە ئاساسىي بىلىملەر » ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1983 ـ يىل 1 ـ نەشرى 145 ـ بەت.
② يۇقىرىقى كىتابتا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، 145 ـ 146 ـ بەتلەر .
③⑥⑦ ئۇيغۇر سايرانى: «ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق مەدەنىيىتى توغرىسىدا بىر نەچچە ئېغىز سۆز » ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » ، ئۇيغۇرچە، 2001 ـ يىل 1 ـ سان.
④⑤ ئىسمايىل تۆمۈرى: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى »دە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 117 ـ 119 ـ بەتلەر .
⑧⑬⑭ «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز » ، 1 ـ، 9 ـ، 57 ـ، 123 ـ، 201 ـ، 202 ـ بەتلەر ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل.
⑨ مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى » ، 1 ـ توم 8 ـ، 9 ـ بەتلەر ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.
«ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى » ، 26 ـ، 28 ـ بەتلەر ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1990 ـ يىل.
⑩ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى » 145 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىل.
⑫⑯⑰⑳ ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى » ، 1 ـ قىسىم 238 ـ، 243 ـ، 244 ـ، 250 ـ بەتلەر ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىل.
⑮⑱ گېڭ شىمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان مۇھىم يادىكارلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ تەتقىق قىلىنىشى » ، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى » 2 ـ كىتاب، 3 ـ، 4 ـ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1983 ـ يىل.
⑲ يۇ. كلاپروتنىڭ «ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈشلەر » دېگەن ئەسىرىنىڭ 56 ـ بېتى. گېڭ شىمىننىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، يۇقىرىقى كىتاب 5 ـ بەت.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنىدىن )

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم

# ئەجدادلىرىمىزنىڭ مېۋىچىلىكى توغرىسىدا

ئابلىم قېيۇم

تۇرپان رايونى يىراق تارىختىن بۇيان يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان بولۇپ، دۇنياغا مەشھۇر تارىم ئويمانلىقىنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ ئويمانلىقنىڭ شەرقىي شىمالى قىسمىغا جايلاشقان ھەم مۇناسىپ ھالدا خېلى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

تۇرپاننىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن سۆز ئاچساق، تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتتىكى ئەھۋالنى بىلىۋالايمىز.

1. تۇرپان دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا ۋە دۆلىتىمىز بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئويمانلىق، خەرىتىدە ئىپادىلەنگەن جۇغراپىيىلىك ئورنىغا قارىتا دېڭىز يۈزىدىن 155 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا تۇرىدۇ دەپ ئالاھىدە شەرھىلەنگەن.

2. تۇرپان ئالاھىدە ئىسسىق يۇرت بولۇپ، ياز كۈنى ھاۋا تازا ئىسسىغان ۋاقىتتىكى تېمپېراتۇرىسى 75℃ – 80℃ قىچە بولىدۇ. بۇ ئەھۋاللار ھاۋارايى تارماقلىرىنىڭ ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىدا ئالاھىدە خاتىرىلەنگەن.

3. تۇرپان ھۆل – يېغىن مىقدارى ناھايىتى ئاز، يىللىق ھۆل – يېغىن مىقدارى 16 مىللىمېتىردىن 23 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ. بىراق يىللىق پارغا ئايلاندۇرۇش مىقدارى 3000 مىللىمېتىردىن 3300 مىللىمېتىرغىچە بولۇپ، بۇمۇ مېتېئورولوگىيە تارماقلىرىنىڭ ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىدا ئالاھىدە خاتىرىلەنگەن.

4. پۈتكۈل تۇرپان ۋادىسى دائىرىسى ئانچە چوڭ بولمىغان بىر ئويمانلىقتىن شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۈزۈك – ئۈزۈك بىر نەچچە بوستانلىقتىن تەركىب تاپقان، بۇ بوستانلىقلار ئاساسەن، تۇرپان شەھىرىنى مەركەز قىلغان تۇرپان بازىرى، يار، بۇيلۇق، چاتقال، ئايدىڭكۆل، ئاستانە، قارغوجا، چىمچان، سىڭگىم قاتارلىق بوستانلىقلار؛ پىچان ناھىيىسىنى مەركەز قىلغان پىچان بازىرى، چىقتىم، تۇيۇق، لۈكچۈن، دالانكارىز، لەمجىن، دىغار قاتارلىق بوستانلىقلار؛ توقسۇن ناھىيىسىنى مەركەز قىلغان توقسۇن بازىرى، غول بويى، شا، بوستان، ئىلانلىق، كۈمۈش، كۆجەي قاتارلىق بوستانلىقلاردىن ئىبارەت.

5. تۇرپان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئىز – خارابىلىرى بىر قەدەر مول ھەم مەركەزلىك جايلاشقان رايونلارنىڭ بىرى. بۇنىڭ دەلىلى تۇرپان شەھىرىنىڭ غەربىگە 12 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا داڭلىق يارغول قەدىمكى شەھىرى جايلاشقان. تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىگە ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە داڭلىق سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى جايلاشقان. تۇرپان شەھىرىگە 40 كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە داڭلىق قوچو (ئىدىقۇت) قەدىمكى شەھىرى جايلاشقان. تۇرپان شەھىرىنىڭ 37 كىلومېتىر شەرقىي تەرىپىگە داڭلىق بېزەكلىك مىڭ ئۆيى جايلاشقان. تۇرپان شەھىرىنىڭ 35 كىلومېتىر شەرقىگە زامانىمىز تېبابەتچىلىك ئىشلىرىنى قەدىمكى ئادەم جە-

سىتى ئەۋرىشكىلىرى ۋە باشقا ئىلىم-پەننىڭ ھەرقانداق تەرەپلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارلىق ئەمەلىي ئۈلگىلەر بىلەن تەمىنلەۋاتقان ئاستانە، قاراغوجا قەدىمكى قەبرىستانلىقى جايلاشقان. دېمەك، يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن، تۇرپان ئويمانلىقىدىن ئىبارەت بۇ بوستانلىقنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ناھايىتى قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تارىخىمىزنىڭ يەنە ئەجدادلىرىمىز تارىخىنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە قېزىپ چىقىلدى. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىزگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى زامان تۇرمۇشىدىكى ھەر خىل پائالىيەتلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى.

ئىنسانلار ئۆزلىرى ياشىغان يىراق ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىدىن باشلاپلا ئالدى بىلەن ئوۋ نېمەتلىرىنى ھەم ھەر خىل زەھەرسىز ياۋايى مېۋىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ بىردىنبىر ھاياتلىق مەنبەسى قىلغان. قەدىمكى تۇرپان ۋادىسىدا ياشاپ، ئاۋۇپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىزمۇ باشقا يۇرتلارغا ئوخشاشلا ئىپتىدائىي دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، تەرەققىي قىلىپ ھەر خىل ياۋايى مېۋىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ، گۈزەل مېۋىلىك باغلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. دېمەك، جەمئىيەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى ئەجدادلىرىمىزنى بارغانسېرى تاكامۇللاشتۇرغان ھەم مۇكەممەللەشتۈرگەن. نەتىجىدە ھەممە ئىشلاردا يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان، ئۆزلۈكسىز كەشپىيات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ھارماي ئىختىرا قىلىدىغان ئەقىللىق ۋە پاراسەتلىك ئىنسانلارغا ئايلاندۇرغان. ئەجدادلىرىمىز تەرەققىي قىلىپ پاراسەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، دەسلەپكى ئىپتىدائىي باغلارنى بەرپا قىلغىچە بولغان ئارىلىقتىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن زامانلارنى باشتىن كەچۈردى. ئېرىشكەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن، تۆۋەندە مەن تۇرپان ۋادىسىنىڭ قەدىمكى زامان باغۋەنچىلىك ئىشلىرى ئۈستىدە ھەم مېۋە يېتىشتۈرۈش ئىشلىرى ھەققىدە توختالماقچىمەن.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭ رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردا ناھايىتى نۇرغۇن مېۋە-چىۋە ئەۋرىشكىلىرى تېپىلدى. جۈملىدىن تۇرپان رايونىدىمۇ ناھايىتى نۇرغۇن مېۋە ئەۋرىشكىلىرى تېپىلدى. يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان مېۋە ئەۋرىشكىلىرى قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا تۇرپان ۋادىسىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ باغۋەنچىلىك ئىشلىرى بىلەن كەڭ شۇغۇللانغانلىقىنىڭ دەلىل ۋە پاكىتلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈشلەر داۋامىدا تارىم ۋە تۇرپان ئويمانلىقلىرىدىن ئۈزۈم، چىلان، ئۆرۈك، بادام، ياڭاق، قوغۇن ۋە نەشپۈت قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ ئەۋرىشكىلىرى تېپىلدى. بۇ مېۋە ئەۋرىشكىلىرىنىڭ تېپىلىشى، بۇ رايوندا ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان خېلى كۆپ دائىرىدە مېۋە يېتىشتۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەجدادلىرىمىز يېتىشتۈرگەن ھەر خىل تاتلىق، مېزىلىك مېۋە-چىۋىلەر ئەينى زامانلاردىن تارتىپلا ئۆز يۇرتىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، ھەر خىل ئوزۇقلۇقلار بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن بەلكى، دۇنياغا داڭلىق قەدىمكى يىپەك يولى ئارقىلىق دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغىمۇ كەڭ كۆلەمدە تارقالغان ھەم ئۆزلەشكەن ۋە شۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، ھەر خىل ئوزۇقلۇقلار بىلەن تەمىنلىگەن. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز يۇرت ماكانىدىلا باغۋەنچىلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي

2005.1

قىلدۇرۇپلا قالماي، يەنە دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى باغۋەنچىلىك ئىشلىرىغا قوشقان ئۆچمەس تۆھپىلىرىگە ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭ ھەر بىر تارىخىي دەۋرىدىكى تارىخنامىلەرگە پۈتۈلگەن ھەم ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈشلەر داۋامىدا ئەمەلىي بايقالغان ئەھۋاللار .

**1 . ئۈزۈم** ئۈزۈم دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمكى مېۋىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىرى بولۇپ، شىمالىي يېرىم شاردىكى مىئوتسېن دەۋرى ۋە ئۈچىنچى دەۋر چۆكۈندىلىرى ئىچىدىن ئۈزۈم يوپۇرمىقى، غولىنىڭ پارچىلىرى ۋە ئۇرۇقىنىڭ تاشقاتمىلىرى بايقالغان①.

ئۈزۈمدىن ئىبارەت بۇ شېرىن مېۋە خېلى بۇرۇنقى دەۋردىن تارتىپلا تۇرپان ئويمانلىقىدا ئۆستۈرۈلگەن ۋە يېتىشتۈرۈلۈشكە باشلىغان. 1992 ـ يىلى شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى خادىملار پىچان سۇ بېشىدىكى 3 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتا قېزىش قىلغاندا M16 ۋە M30 نومۇرلۇق ئىككى قەبرىنىڭ ئىندۇرما توپىلىرى ئارىسىدىن ئۈزۈم ئۇرۇقلىرىنى بايقىغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە M16 دىن تېپىلغىنى 30 دانە ئەتراپىدا، M30 دىن چىققىنى تەخمىنەن 100 دانە، بۇ قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان ئۈزۈم ئۇرۇقىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى ئېلان قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ قەبرىستانلىقنىڭ دەۋرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3—5 ـ ئەسىرلەر ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ②.

بۇ تۇرپان رايونىدا مىلادىيىدىن خېلى ئەسىرلەر ئىلگىرىلا ئۈزۈم ئۆستۈرۈلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۈزۈم ئادەتتىكىدەك ئۆستۈرۈش ۋە يېتىشتۈرۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، مەخسۇس كەسىپلىشىشكە، باغۋەنلىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن، بولۇپمۇ جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە كەلگەندە، تۇرپان رايونىدا ئۈزۈمچىلىك تېخىمۇ روناق تاپىدۇ ھەمدە ئەينى ۋاقىتتا تۇرپاننىڭ ئالاھىدىلىكىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان مېۋىلەردىن بىرىگە ئايلىنىدۇ. بۇنى 1959 ـ يىلدىن بۇيانقى تۇرپان ئاستانە ـ قاراغوجا قەبرىستانلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا 44 ـ، 60 ـ، 61 ـ، 117 ـ، 186 ـ، 192 ـ، 198 ـ، 226 ـ نومۇرلۇق قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان قۇرۇپ كەتكەن ئۈزۈملەر چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۈزۈملەرنىڭ بەزىلىرى ساپىقىدىن ئاجرىماي ئۆز پېتى قۇرۇپ قالغان③.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە تۇرپان ئاستانىدىن ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش داۋامىدا خېلى كۆپ ساندا خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر تېپىلغان بولۇپ، بۇ ھۆججەتلەردىمۇ ئۈزۈم، ئۈزۈملۈك باغ ھەققىدە نۇرغۇن خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. بۇ خاتىرىلەردە ئۈزۈملۈك باغ مەيدانى، ئۈزۈمزارلىقنىڭ كۆلىمى، ئۈزۈم مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق ئەھۋاللار ناھايىتى ئەتراپلىق ۋە تەپسىلىي يېزىلغان. ئۈزۈم شۇ زامانلاردا پۈتكۈل تۇرپان رايونىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ۋە ئىقتىسادىي ئىگىلىكىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن.

بۇ يەردە ئېتىبار بىلەن تەكىتلەشكە ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا شۇكى، تۇرپان رايونىدا ئۈزۈم ناھايىتى بۇرۇنلا ئۆستۈرۈلۈش بىلەن بىرگە ئۈزۈملۈك باغلارمۇ ناھايىتى كۆپ. ئەينى زاماندىكى بۇ ئۈزۈمزارلىقلار ھۆكۈمەتكە، ئىبادەتخانىلارغا، شەخسىي ئائىلىلەرگە تەۋە ئۈزۈمزارلىقلار ۋە ھەمكارلىق تىپىدىكى

ئۈزۈمزارلىقلار دەپ ئاتىلغان. بۇ خىل ئەھۋال تۇرپان ئاستانىدىن تېپىلغان ھەر خىل تىل - يېزىقلاردىكى ھۆججەتلەردە ئېنىق خاتىرىلەنگەن. بۇ ئۈزۈمزارلىقتىن چىققان ئۈزۈم مەھسۇلاتلىرىدىن پايدىلىنىش شەكلىمۇ ئۈزۈملۈكنى باشقۇرۇش شەكلى بىلەن ئوخشاش بولغان. بۇ يەردىن چىققان ئۈزۈملەرنى يەرلىك ئاھالىلەر ھۆل پېتى ئىستېمال قىلغان. ئۇنىڭدىن سىرت، يەنە قايتىدىن پىششىقلاپ مەيزاپ، ئۈزۈم مۇرابباسى، سۇچۇكى ئۈزۈم مۇسەللەسى قاتارلىق كۆندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئىشلەپ چىقارغان. بۇ خىل ئىستېمال بۇيۇملىرى كىشىلەرنىڭ قارشى ئېلىنىشىغا ئېرىشكەچكە، كېيىنچە ئۈزۈم سۇچۇكى (ھارىقى) ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىغان.

مەيزاپ، ئۈزۈم مۇرابباسى، ئۈزۈم مۇسەللەسى، ئۈزۈم سۇچۇكى قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىشتا كېتىدىغان ئۈزۈم مەھسۇلاتىنى بىز مۆلچەرلەپ بولالمايمىز. ئەگەر ناھايىتى كۆپ ئۈزۈملۈك باغ، كەڭ دائىرىدىكى ئۈزۈمزارلىقنىڭ مەھسۇلاتى بولمىسا، ئۈزۈمدىن ئىشلەنگەن كۆندىلىك بۇيۇملارنى، ھەر خىل ئىچىملىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، ئەجدادلىرىمىز يىراق زامانلاردىن تارتىپلا باغۋەنچىلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغان ھەم شۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئۈزۈم مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرغان.

**2 . ئۆرۈك :** ئۆرۈك ياغاچ غوللۇق مېۋىلىك دەرەخ بولۇپ، ئېگىزلىكى بىر مېتىردىن بەش مېتىرغىچە بولىدۇ. ئۆرۈك دەرىخىنىڭ مېۋىسى بولغان ئۆرۈك ئاچچىق ئۆرۈك، تاتلىق ئۆرۈك، توكلۇك ئۆرۈك دېگەندەك تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. ئاچچىق ئۆرۈكنىڭ گۈتى قاقسىراق كېلىدۇ. مېغىزى ئاچچىق بولىدۇ. تاتلىق ئۆرۈكنىڭ گۈتى تاتلىق، شېرىن ھەم مېغىزىمۇ تاتلىق مېزىلىك كېلىدۇ. توكلۇك ئۆرۈكنىڭ گۈتى ھەم يۇقا ھەم ئاچچىق بولىدۇ، مېغىزىمۇ ئاچچىق كېلىدۇ. بىراق مۇشۇ بىر نەچچە خىل ئۆرۈكنىڭ ھەممىسىنىڭلا ئۆزىگە خاس دورىلىق رولى بار ھەم ئوزۇقلۇق قىممىتى بار.

ئاپتونوم رايونىمىز، جۈملىدىن تۇرپان ناھايىتى يىراق زامانلاردىن تارتىپلا ئۆرۈك يېتىشتۈرگەن رايونلارنىڭ بىرى، تۇرپان كام دېگەندىمۇ خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدىن باشلاپ ئۆرۈك ئۆستۈرگەن. تۇرپان رايونىدا ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈشتىن تېپىلغان بۇيۇملار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

تۇرپان تەۋەسىدە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا، ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى 33 - نومۇرلۇق قەبرىدىن ئۆرۈك ئۇرۇقچىلىرى خېلى كۆپ ساندا تېپىلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى نىيە قەدىمكى خارابىلىقىنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش داۋامىدا، خەن، جىن سۇلالىلىرى دەۋرلىرىگە تەۋە ئۆرۈك ئۇرۇقچىلىرى بىلەن ئۆرۈك كۆچەتلىرىنى بايقىغان. قەدىمكى نىيە خارابىسىدىن باشقا، يەنە مارالبېشىدىكى قەدىمكى تىم شەھىرى خارابىلىقىدىنمۇ ئۆرۈك ئۇرۇقچىلىرىنى تاپقان، قەدىمكى تىم شەھىرى خارابىلىقىنىڭ دەۋرى ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلارغا ئاساسەن شىمالىي سۇلالە دەۋرىدىن باشلاپ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان زامانلارغا تەۋە دەپ قارىلىدۇ ④.

دېمەك، ئاپتونوم رايونىمىز، جۈملىدىن تۇرپان ئۆرۈك ئەڭ بالدۇر ئۆستۈرۈلگەن، ئۆزلەشتۈرۈلگەن، يېتىشتۈرۈلگەن رايونلار-

نىڭ بىرى.

**3. نەشپۈت:** نەشپۈت خەلقىمىزگە تونۇش بولغان بىر خىل ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈك مېۋىسى بولۇپ، بۇنىڭدىن 3000 يىل ئىلگىرى ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا ئۆستۈرۈلگەن ⑤. ئازادلىقتىن كېيىنكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش داۋامىدا تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى تەۋەلىكىدىكى 66-، 186-، 188-، 211-، 315-ۋە 320-نومۇرلۇق قەبرىلەردىن خېلى كۆپ ساندا نەشپۈت ئەۋرىشكىسى تېپىلغان ⑥. تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن نەشپۈت ئەۋرىشكىلىرىنىڭ تېپىلىشى تۇرپان رايونىدا يىراق زامانلاردىن تارتىپ نەشپۈت ئۆستۈرۈلگەنلىكىنىڭ پاكىتىدۇر. تۇرپان رايونى ھاۋاسى ئىسسىق، ھول-يېغىن مىقدارى ئاز، قۇرغاق رايون بولغاچقا، تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان نەشپۈت ئەۋرىشكىلىرى. بۇ نەشپۈتلەر ئەسلىدە قەبرە ئىگىسى بىلەن ھەمدەپنە قىلىنغان ۋاقىتتا ھۆل نەشپۈت بولۇشى مۇمكىن. ئۇزۇن زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن، نەشپۈتنىڭ ھۆللۈكى پارغا ئايلىنىپ كېتىپ، قۇرۇپ قاق بولۇپ قالغان. ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن نەشپۈتنىڭ قۇرۇپ قاق بولۇپ قالغان ئەۋرىشكىلىرىلا تېپىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە نەشپۈتكە ئالاقىدار خەنزۇچە ھۆججەتلەرمۇ تېپىلغان. نەشپۈتكە مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتتە: «... 26 مىسقال پۇلغا يېمەكلىك، يەنە 20 مىسقال پۇلغا نەشپۈت ئېلىندى...»⑦ دەپ خاتىرىلەنگەن.

**4. چىلان:** چىلان — خوزۇر ئائىلىسى چىلان ئۇرۇقدىشىغا تەۋە مېۋىلىك دەرەخ بولۇپ، ئۇ ياغاچ غوللۇق دەرەخ. شاخلىرى تېكەنلىك، يوپۇرمىقى ئانار يوپۇرمىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئاق رەڭدە چېچەكلەيدۇ. پىشقاندا جىگدىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. پىشقانلىرى تەدرىجىي قىزىرىشقا باشلاپ قىزىل بولۇپ پىشىدۇ ⑧.

تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا 306-، 117-، 128-، 194-، 204-، 226-، 191-، 192-، 193-، 197-، 198-، 199-، 208-، 213-، 214-، 221-ۋە 222-نومۇرلۇق قەبرىلەردىن چىلان ئەۋرىشكىسى تېپىلدى. بۇ قەبرىلەرنىڭ بىر قىسمى جەنۇبىي-شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە تەۋە قەبرىلەر بولۇپ، بىر قىسمى ئېنى زامانىدىكى چۇ جەمەتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى قوچو خانلىقى دەۋرىگە تەۋە قەبرىلەر، يەنە بىر قىسمى بولسا تاڭ دەۋرىگە تەۋە قەبرىلەر⑨.

**5. قوغۇن:** 1972-، 1973-يىللىرى تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى قېزىش جەريانىدا، 211-نومۇرلۇق قەبرىدىن تاڭ دەۋرىگە تەۋە قۇرۇپ كەتكەن قوغۇن شاپىقى تېپىلدى⑩.

قوغۇن دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىلىدىغان ھەم ئۆستۈرۈلىدىغان مېۋىلەرنىڭ بىر تۈرى. قوغۇن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن چىقىدىغان ئالاھىدە مېۋىلەرنىڭ بىرى، تەمىنىڭ تاتلىقلىقى بىلەن پۈتۈن دۆلىتىمىزگە داڭلىق. قوغۇن يىراق قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا شىنجاڭ رايونىنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا ئۆستۈرۈلۈپ كەلگەن. جۈملىدىن ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى قېزىپ تەكشۈرۈش داۋامىدا چىققان قوغۇن شاپىقى تۇرپان رايونىدىمۇ قەدىمكى زاماندىن تارتىپلا قوغۇن ئۆستۈرۈلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قوغۇن بىر

يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئادەتتە قوغۇن سېرىق شاپاق، قارىغاش مىجىگەن، ئاق كۆكچى، بەگزادە. . . دېگەندەك نۇرغۇن تۈرلىرى بار. قوغۇن يەنە ئۆز تۈرلىرى بويىچە ئايرىم – ئايرىم سورتلارغا ئايرىلىدۇ.

ھازىر قوغۇن ئۆستۈرۈش ئىشلىرى تېخىمۇ ئىلمىيلاشتى ھەم قوغۇن تۈرلىرىمۇ كۆپەيدى، سورتلىرىمۇ سەرخىللاشتى. بولۇپمۇ تۇرپان ئويمانلىقىدا ئۆستۈرۈلۋاتقان قوغۇنلار پەن – تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ھەر خىل سورتلىرى يېتىشىپ، تۈرلىرى كۆپىيىپ بارغانسېرى تەرەققىي قىلىپ، تۇرپان قوغۇنىنىڭ داڭقى يىراق – يېقىنلارغا تارقالماقتا.

**6 – ياڭاق**: ياڭاق ئەڭ بالدۇرقى زامانلاردىن تارتىپلا ئېلىمىزدە ئۆستۈرۈلگەن مېۋىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆستۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ مېۋىسىدىن خەلقىمىز ھەر تەرەپلىمە پايدىلانماقتا.

ياڭاق غوللۇق دەرەخلەر تۈرىگە تەۋە. بويى 5 – 6 مېتىرغىچە ئۆسىدۇ. مېۋىسى، پوستى قاتتىق، سەل سوزۇنچاق يۇمۇلاق شەكىلدە بولىدۇ. مېغىزى بىر خىل شېرىن تەملىك بولۇپ، ماي تەركىبى يۇقىرى. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تىبابەتچىلىكىدە دورا ئورنىدا پايدىلىنىپ نېرۋا ئاجىزلىقلىرىنى داۋالاش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش ئىشلىرىدا پايدىلىنىدۇ. چاچنى قارايتىدۇ، چاچ ئۆستۈرىدۇ. جۈملىدىن ياڭاقنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتىمۇ يۇقىرى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز يىراق قەدىمىي زامانلاردىن تارتىپلا ياڭاقتىن پايدىلانغان.

تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىق 320 – نومۇرلۇق قەبرىدىن ئىككى دانە ياڭاق شاكىلى تېپىلغان، 338 – نومۇرلۇق قەبرىدىن ئۈچ دانە ياڭاق شاكىلى قېزىۋېلىنغان. بۇ قەبرە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە قەبرە بولۇپ، ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى 1974 – يىلى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرگەن ۋاقىتتا 195 – نومۇرلۇق قەبرىدىن بىر دانە ياڭاق شاكىلى تېپىلغان.

يۇقىرىقى ئارخېئولوگىيىلىك ۋە تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ياڭاق بۇنىڭدىن 2000 يىللار ئىلگىرىلا پۈتكۈل شىنجاڭ رايونىدا، جۈملىدىن تۇرپان رايونىدا ئۆستۈرۈلگەن ۋە يېتىشتۈرۈلگەن مېۋىلەر تۈرىگە تەۋە دەپ قارالماقتا.

**7 – بادام**: بادامنىڭ پۈتكۈل ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۆستۈرۈلۈش تارىخى ناھايىتى قەدىمىي بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش داۋامىدا بىر مۇنچە بادام ئەۋرىشكىلىرى تېپىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، دۆلىتىمىزنىڭ تارىخىي خاتىرىلىرىدىمۇ بادام ھەققىدە خېلى كۆپ خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. بولۇپمۇ تاڭ دەۋرىدە يېزىلغان «بۇيالڭ مەجمۇئەسى»، لى شىجىننىڭ «دورا ئۆسۈملۈكلەر قامۇسى»، يوللىغ چۇسايىنىڭ «غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرى» قاتارلىق مەنبەلەردە بادام ھەققىدە خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. 1960 – يىلى تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى320 – نومۇرلۇق قەبرىدىن شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە تەئەللۇق بىر دانە بادام چىقتى ⑪.

شۇڭداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىنكى، تۇرپان رايونى مەملىكىتىمىزدىكى بادام خېلى بۇرۇنلا ئۆستۈرۈلۈشكە باشلىغان رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**8 . ئالۇچا**: ئالۇچا ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان مېۋىلىك دەرەخ بولۇپ، قىزغۇچ قىزىل چېچەكلەيدۇ. چېچەكلىرى غۇژمەك، ئۇششاق بولىدۇ. ئۇنىڭ

غورىسى كۆك ۋە يۇمىلاق بولۇپ، پىشقانسېرى سارغىيىدۇ ياكى قىزىرىدۇ. ئۇنىڭ سېرىق ۋە قىزىل قاتارلىق كۆپ خىل تۈرى بار. قىزىل ئالۇچا سېرىق ئالۇچىغا قارىغاندا كىچىكرەك بولىدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ ئىچىدە ئۇرۇقى بار بولۇپ، تەمى تاتلىق.

شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش داۋامىدا، بىر تۈركۈم ئالۇچا ئەۋرىشكىلىرى ئاساسەن تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان، ئاساسلىقى تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىنىڭ جىن، تاڭ دەۋرلىرىگە تەۋە قەبرىلەرگە مەركەزلەشكەن، سۈي دەۋرىگە تەۋە 48 ـ نومۇرلۇق قەبرە بىلەن تاڭ دەۋرىگە تەۋە 318 ـ ۋە 73 ـ نومۇرلۇق قەبرىلەردىن تېپىلغان. بۇ قەبرىلەردىن تېپىلغان ئالۇچا ئەۋرىشكىلىرى شەكلى يۇمىلاق، رەڭگى قوڭۇر، قورۇپ كەتكەن. بۇ ئالۇچىلارنىڭ قەبرىلەرگە ھەمدەپنە قىلىپ قويۇلۇشى ئەينى زاماندىكى ئەجدادلىرىمىز بىر قەدەر ياخشى كۆرىدىغان ھەم ئەتىۋارلاپ ئىستېمال قىلىدىغان مېۋە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھازىرغا قەدەر ئالۇچا ئەۋرىشكىلىرى پەقەت تۇرپان رايونى تەۋەسىدىلا بايقالغان بولسىمۇ، تارىخىي مەنبەلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭنىڭ ئالۇچا ئۆستۈرۈش تارىخى كام دېگەندىمۇ 2000 يىلدىن ئاشىدۇ دەپ قاراشقا بولىدۇ ⑫.

**9. جۈجەم:** جۈجەم دۆلىتىمىزدە يىراق تارىختىن بېرى ئۆستۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان قەدىمكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ بىرى. جۈجەمنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆستۈرۈلىشىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئازادلىقتىن ئىلگىرى نۇرغۇن چەت ئەللىك ئېكىسپېدىتسىيىچىلەر شىنجاڭغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېلىپ بارغان ئېكىسپېدىتسىيىلىك پائالىيەتلىرىدە نۇرغۇن جۈجەم دەرىخىنىڭ بارلىقىنى بايقىغان.

بولۇپمۇ ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئارخېئولوگىيە خادىملىرىنىڭ تۇرپان ئاستانە، قارغوجا قەدىمكى قەبرىستانلىقلىرىنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرگەندە نۇرغۇنلىغان نەپىس يىپەك توقۇلمىلارنى قېزىۋالغان ھەم بۇلاردىن سىرت يەنە غەربىي لياڭ دەۋرىگە (مىلادىيە 400 ـ 421 ـ يىللارغا) تەۋە نەچچە پارچە يىپەك پىلىچىلىك توغرىسىدىكى خەنزۇچە يازما ھۆججەتلەر تېپىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، 1972 ـ، 1973 ـ يىللىرى تۇرپان ئاستانىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە تازىلاشتا، ئاشلىق زىرائەتلىرى بىلەن ھەر خىل مېۋىلەردىن سىرت، پىلە غوزىكىمۇ تېپىلدى. بۇ تارىخىي بايقاشلار بىزگە يىراق قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرى ياشىغان بۇ قەدىمكى ماكاندا جۈجەم ئۆستۈرۈلگەنلىكىنى، باغۋەنچىلىك ھەم مېۋىلەرنى يېتىشتۈرۈش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تۇرپان ئاستانىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە تازىلاشتا، ئاشلىق زىرائەتلىرى بىلەن ھەر خىل مېۋىلەردىن سىرت، تۇرپان ئاستانىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە تازىلاشتا، ئاشلىق زىرائەتلىرى بىلەن ھەر خىل مېۋىلەردىن سىرت، قورۇق جۈجەم تېپىلدى⑪. بۇ تارىخىي بايقاشلار بىزگە يىراق قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرى ياشىغان بۇ ماكاندا باغۋەنچىلىك ئىشلىرىنى ياخشى، سۈپەتلىك راۋاجلاندۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

دېمەك، بىز يۇقىرىدا ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلارنى ئەمەلىي مىسال كەلتۈرۈپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ پۈتكۈل تۇرپان رايونىدىكى باغۋەن-

چىلىك ئىشلىرىنى ئەسلەپ ئۆتتۇق. پەقەت مىسال كەلتۈرگەنلىرىلا باغۋەنچىلىكتە قوللىنىپ ۋە ئۆستۈرۈلگەن بولۇپ، ئەمەلىي مىسال كەلتۈرۈلمىگەنلىرى تۇرپان رايونىدا يوق دېگەنلىك ئەمەس، بەزىبىر مېۋىلەر تا ھازىرغا قەدەر تۇرپاندا ئەتىۋارلىنىپ يېتىشتۈرۈلمۋاتىدۇ ھەم مەھسۇلاتى يىلدىن يىلغا ئاشۇرۇلۇپ، خەلقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا مۇھىم روللارنى ئوينىماقتا. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يۇرتىمىزدا قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۆستۈرۈلۈۋاتقان مېۋىلەر تۈرلۈك تۇرمۇش ئىستېمالىدىن قالغىنى يوق. قەبرىلەرگە ھەمدەپنە قىلىنمىدى دېگەنلىك، تارىختا بۇ يۇرتتا ئۆستۈرۈلمىدى دېگەنلىك ئەمەس.

ئۈجمىنى (جۈجەم) مىسال قىلىپ توختالساق، ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ۋە ئازادلىقتىن كېيىنكى تۇرپاندا ئېلىپ بېرىلغان ئېرخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈشلەردە، تۇرپاندىكى ھەرقانداق ئىز، خارابە ۋە قەبرىدىن ئۈژمە ئەۋرىشكىسى چىققانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. پەقەت پىلە غوزىكى ھەققىدە توختالغان يازما يادىكارلىق بارلىقى ھەققىدە مەلۇمات بار. پىلە ئۆستۈرۈش تۇرپان رايونىدا ناھايىتى يىراق قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا باشلانغان، پىلە بېقىش، جۈجەم ئۆستۈرۈش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش داۋامىدا، پىلە غوزىكى ھەققىدىكى يازما يادىكارلىقلارنىڭ تېپىلغانلىقى، تۇرپاندا جۈجەم ئۆستۈرگەنلىكى بىلەن باراۋەر دەپ قارايمەن. چۈنكى پىلە قۇرتى بېقىش جۈجەم ئۆستۈرۈش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. كەڭ كۆلەمدىكى جۈجەم دەرەخلىرى بولمىسا، پىلە قۇرتلىرىنى بېقىش، يېتىشتۈرۈش تەسكە توختايدۇ.

ئەجدادلىرىمىز قۇرغان قەدىمكى قوچو (ئىدىقۇت) دۆلىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىر پارچە يازما يادىكارلىقتا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «قوچو ... بۇ ئەلنىڭ سەككىز شەھىرى بولۇپ، ھەممىسىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر بار، يەرلىرىنىڭ كۆپى چۆل، ھاۋاسى ئىسسىق، تۇپرىقى مۇنبەت، تېرىق ۋە بۇغداي يىلدا ئىككى قېتىم پىشىدۇ. پىلە بېقىشقا باب، ھەر خىل مېۋە- چېۋە چىقىدۇ... مۇسەللەس كۆپ چىقىدۇ». دېمەك بۇ خاتىرىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، تۇرپان رايونى قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ھەر خىل مېۋە- چېۋە كۆپ ئۆستۈرۈلگەن، ھەر خىل مېۋىلىك باغلار كۆپ ياسالغان، ھەر خىل مېۋىلەر تۈرى، سورتى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ھەر خىل مېۋىلىك باغلار كۆپ تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ بىرى. بىز يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرگەن ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار بۇ نۇقتىلارنى تولۇق ئىسپاتلىدى.

---

**ئىزاھاتلار:**

① تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى 2004 ـ يىل 1 ـ سان 65 ـ بەت.
② تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى 2004 ـ يىلى 1 ـ سان 66 ـ بەت.
③ تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى 2004 ـ يىلى 1 ـ سان. ھازىر تۇرپان ۋىلايەتلىك موزېيدا كۆرگەزمىگە قويۇلغان ئەمەلىي ئەۋرىشكە بار.
④، ⑤، ⑥، ⑦، ⑧، ⑨، ⑩ تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى 2004 ـ يىل 1 ـ سان.
⑪ «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» 2004 ـ يىل 1 ـ سان.
⑫⑬ «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى 2004 ـ يىللىق 1 ـ سان» 74 ـ بەت.

(ئاپتور تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچىسى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# تويۇق مىڭ ئۆيىنىڭ 2 ـ نومۇرلۇق غارىنى رەتلەش ئەھۋالى

ئابدۇگۇل ئابلىمىت

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىق-
لىرى ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن تۇرپان
ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدار-
سىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن 2004 ـ
يىل 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 4 ـ ئاينىڭ
2 ـ كۈنىگىچە تويۇق مىڭ ئۆيىنىڭ 2 ـ،
38 ـ، 41 ـ، 42 ـ غارلىرىدا رەتلەش خىزمىتى
ئېلىپ باردۇق. بۇ قېتىم رەتلەش خىزمىتىگە
باشتىن ـ ئاخىر نازارەتچىلىك قىلدىم. تۆۋەندە
مەن 2 ـ نومۇرلۇق غارغا قارىتا ئېلىپ بارغان
رەتلەش خىزمىتىنى قىسقىچە دوكلات قىلىپ
ئۆتمەكچىمەن.

### تويۇق مىڭ ئۆيىنىڭ جوغراپىيىلىك مۇھىتى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى

تويۇق مىڭ ئۆيى پىچان ناھىيىسى تويۇق
يېزىسىنىڭ مازار ئالدى كەنتىنىڭ شىمالىدى-
كى تويۇق جىلغىسىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا
جايلاشقان بولۇپ، تۇرپان شەھىرىگە 46 كى-
لومېتىر، پىچان ناھىيە بازىرىغا 41 كىلومې-
تىر كېلىدۇ. جوغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي
مېردىئان "38'41°89 شىمالىي پاراللېل°42
'51غا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز-
لىكى 80 مېتىر.

تويۇق جىلغىسى يالقۇنتاغنىڭ شەرقىدى-
كى سىرلىق، ئۆزگىچە مەنزىرىگە ئىگە ئاجا-
يىپ بىر جىلغا بولۇپ ، «غەربىي ئايماقنىڭ
خەرىتىلىك تەزكىرىسى » دېگەن كىتابتا دىگگو
جىلغىسى دەپ ئاتالغان. جىلغىنىڭ جەنۇبىتىن
شىمالغا ئۇزۇنلۇقى يەتتە كىلومېتىر كېلىدۇ،
جىلغىنىڭ غەربىدە قەلبداشلار يولى بار . شى-
مال تەرىپىدە سۇ بېشى كەنتى بار . كەنتنىڭ
تەخمىنەن بىر كىلومېتىر جەنۇبىدا دەسلەپكى
تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە تەۋە بولغان قەدىمكى سۇ
بېشى قەبرىستانلىقى بار . غولنىڭ جەنۇبى
ئاغزىغا نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان ئەسھابۇل-
كەھف دېگەن سىرلىق يېپىنچا بىلەن قوغدى-
لىپ كېلىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ مەشھۇر تا-
ۋابگاھى تويۇق غوجام مازىرى جايلاشقان.
جىلغا ئەگرى ـ توقاي بولۇپ قىشتىمۇ يازدى-
كىدەك سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ، ئەڭ كەڭ يېرى بىر
نەچچە ئون مېتىر ، ئەڭ تار يېرى بىر نەچچە
مېتىر كېلىدۇ. تاغ ئۈستىدە بىر تالمۇ گى-
ياھنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. غولنىڭ ئىچىدە
دائىم سۇ ئېقىپ تۇرغاچقا قۇمۇچ ، دەل ـ دەرەخ
، يۇلغۇن ، يانتاق قاتارلىق ياۋا ئۆسۈملۈكلەر
ئۇچراپ تۇرىدۇ.

تويۇق مىڭ ئۆيلىرى چەت تاغ ئىچىدە
بولۇپ ، ئۇزاق زامانلاردىن بېرى تاشلىنىۋېتىل-
گەن، 1879 ـ يىلى روسىيىلىك بوتانىكا ئالى-
مى رېگىل تەرىپىدىن بايقالغاندىن كېيىن چەت
ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ ئېغىر دە-
رىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا ئۇچراپ نۇر-
غۇن قىممەتلىك يادىكارلىقلار چەت ئەلگە ئې-
لىپ چىقىپ كېتىلگەن . ئۇندىن باشقا يەنە
تەبىئىي ئاپەتلەر تولا بولۇپ تۇرغانلىقتىن مىڭ
ئۆيلەرنىڭ تولىسى ۋەيران بولۇپ كەتكەن .
سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا تويۇق مىڭ ئۆ-
يىدە ھازىرغىچە جەمئىي 46 غار ساقلانغان بو-
لۇپ، تام رەسىم بار غاردىن ئون نەچچىسى بار ،
غولنىڭ غەربى تەرىپىدە 25 تاش غار ، غولنىڭ
شەرقىدە 21 تاش غار بار .

**2 ـ نومۇرلۇق غارنىڭ شەكلى**

2 ـ نومۇرلۇق غار جىلغىنىڭ جەنۇبىي ئاغزىغا جايلاشقان بولۇپ، تويۇق خوجام مازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 150 مېتىر كېلىدۇ. غار ئاساسەن تاغ باغرىنى كولاپ قېزىلغان، ئوتتۇرىسىدا كۆچا قىزىل مىلىڭ ئۆي تاش غارلىرىنىڭكىگە ئوخشاش مەركىزىي تۆۋرۈك قالدۇرۇلۇپ ياسالغان ئايلانما كارىدورلۇق غار بار. غارنىڭ غەربتىن شەرققە ئۇزۇنلۇقى 8.70 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 6.10 مېتىر، ئېگىزلىكى 3.80 مېتىر كېلىدۇ. غارنىڭ ئۈستى ناھايىتى قېلىن بولغاچقا ياز كۈنلىرى سالقىن، قىش كۈنلىرى ئىسسىق بولىدۇ. غارنىڭ ئالدى تېمى بىلەن مەركىزىي تۆۋرۈك ئوتتۇرىسىنىڭ تورۇس قىسىم ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر، كەڭلىكى ئىككى مېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئالتە مېتىر كېلىدىغان يەر ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ 0.70 ـ 0.80 مېتىر قېلىنلىقتا توپا دۆۋىسىنى شەكىللەندۈرگەن. غەربىي تامنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى ئىككى تەرىپىدە ئەگمە تورۇسلۇق قېلىن كارىدور چىقىرىلغان بولۇپ، كارىدورلار ئۆزئارا تۇتۇشۇپ كەتكەن. شىمالىي تەرەپتىكى كارىدورنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5.55 مېتىر، كەڭلىكى 1.25 مېتىر، ئېگىزلىكى 3.80 مېتىر كېلىدۇ. مەركىزىي تۆۋرۈك ستوپالىق (مۇنارلىق) رولىنى ئوينىغان. ئەسلىدە مەركىزىي تۆۋرۈكتە تام رەسىملىرى ۋە لاي بۇت بار بولۇپ، تۆۋرۈكنىڭ كەينى تەرىپىدىكى ئازراق گۈل ـ گىياھلارنىڭ رەسىمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھازىر ھېچنەرسە ساقلىنىپ قالمىغان. مەركىزىي تۆۋرۈكنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئەينى زاماندا كولانغان ئالتە دانە تۆشۈك بار بولۇپ، ئېھتىمال بۇت تارقاتقان نۇرىنى پۇختا تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن تۆشۈكچىلەر بولۇشى مۇمكىن. تۆۋرۈكنىڭ ئەتراپىدا ئېگىزلىكى 0.45 مېتىر كېلىدىغان قىرماق (سۇپا) بار بولۇپ، بۇ قىرماقتىمۇ تام رەسىمى بار ئىكەن. لېكىن ئۇزۇن زامان توپا ـ چاڭنىڭ ئىچىدە تۇرغاچقا ئېنىق كۆرۈش مۇمكىن بولمىدى. ئالدى خانىسى ئايلانما كارىدوردىن 0.50 مېتىر ئېگىز بولۇپ ئاساسلىق بۇددا پائالىيىتى ئېلىپ بارىدىغان سورۇن بولۇشى مۇمكىن، ئالدى خانىنىڭ ئۈستى قىسمىغا قىر چىقىرىلغان، تام رەسىملىرى پۈتۈنلەي قىرىپ چىقىرىۋېتىلىپ تاقىر تامغا ئايلاندۇرۇلۇپ قويۇلغان، ئالدى تامدىكى توپا دۆۋىسىنى تازىلىغاندىن كېيىن بۇت سۇپىسى ئېچىلدى. بۇت سۇپىسىنىڭ ئېگىزلىكى 0.45 مېتىر، يانلىرىدىكى ئازراق بۇزۇلغان جايلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئەسلى قىياپىتى ساقلىنىپ قالغان. سۇپىنىڭ تېمىدا ئەسلىدە تام رەسىملىرى بار بولۇپ، ئۇزۇن مەزگىل نەم توپىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆچۈپ كەتكەچكە ئېنىق كۆرگىلى بولمىدى. توپا ئىچىدە قالغان بۇت سۇپىسىغا ئائىت بەزى بۇيۇملار چىرىپ كېتىپتۇ. بىز غارنى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن تام رەسىملىرىنىڭ ۋە سايىۋەنلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قېلىنلىقى بەش مىللىمېتىر، ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر كېلىدىغان ئەينەكتىن توساق ئورناتتۇق. ئېگىزلىكى 3.80 مېتىر كېلىدىغان پولات تاختاي تۆۋرۈك بىلەن تىرەك قويدۇق. يەر يۈزىگە ئۇزۇنلۇقى 0.25 مېتىر، كەڭلىكى 0.25 مېتىر كېلىدىغان چاسا شەكىللىك كۆك خىش يېيىلىپ سايىۋەنلەرگە ئازادە ئېكسكۇرسىيە مۇھىتى ھازىرلاندى. غارنىڭ بۇرۇنقى ئىشىكى ئۆلچەمسىز بولغاچقا قايتىدىن يېڭى ئىشىك ئورنىتىلدى.

**2 ـ نومۇرلۇق غاردا ساقلىنىۋاتقان تام رەسىملەر**

بۇ غار تاغ باغرىنى چېپىپ كېمىر شەكلىنى ھاسىل قىلىپ، ئىچى ئۆتكۈر ئەسۋاب

2005.1

بىلەن قىرىپ يىرىك ھالەتكە كەلتۈرگەندىن كېيىن سامان، قوي يۇڭى، چىگە قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلغان سېغىز لاي بىلەن سۇۋاپ ئاندىن ھاك بىلەن ئاقارتىپ چىققاندىن كېيىن رەسىم سىزىلغان. بۇ غار ئۇزاق زامانلار تاشلىنىۋېتىلگەچكە تامدىكى رەسىملەر ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن. ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان تام رەسىملەر ئوڭ تەرەپتىكى تامنىڭ غەربىي تەرىپى، كەينى تامنىڭ ئۈستى قىسمى، سول تەرەپتىكى تامنىڭ ئۈستى قىسمى ۋە كارىدورنىڭ تورۇسىغا مەركەزلەشكەن. ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان تام رەسىمى تەخمىنەن 25 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئاساسلىقى ئولتۇرغان مىڭ بۇددانىڭ سۈرىتىدىن ئىبارەت.

**1 ) سول تەرەپتىكى تام رەسىملەر**

سول تەرەپ تامدىكى تام رەسىملەر ئاساسلىقى تامنىڭ ئۈستى تەرىپىدە بولۇپ تامنىڭ ئاستى قىسمىدىكى رەسىملەر ئوغرىلىقچە قېزىش ئېلىپ بارغۇچىلار تەرىپىدىن نابۇت قىلىۋېتىلگەن. تامنىڭ ئۈستى تەرىپىدە ئالتە قۇردا جەمئىي 129 دانە ئولتۇرغان مىڭ بۇددىنىڭ سۈرىتى بار، بىرىنچى قۇردا 20 دانە، ئىككىنچى قۇردا 24 دانە، ئۈچىنچى قۇردا 31 دانە، تۆتىنچى قۇردا 27 دانە، بەشىنچى قۇردا 16 دانە، ئالتىنچى قۇردا 11 دانە رەسىم بار بولۇپ، بۇ تام رەسىملەر ئاساسەن يېشىل، كۈل رەڭ، جىگەر رەڭ، سۆسۈن ۋە قارا رەڭلەر بىلەن سىزىلغان. رەسىملەرنىڭ ھەممىسى نېلۇپەر گۈل تاختىسى ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ قولىنى تىزىغا قويۇپ ئولتۇرغان، ئۈچىسىغا ياقىسى تۆۋەنگە چۈشۈپ تۇرىدىغان كاسايا كەيدۈرۈلگەن، چاچلىرىنى بېشىغا يۇمىلاق قىلىپ يۆگىۋالغان، ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھىندىستان قىزلىرىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان قارا مەڭ چېكىلگەن ھالەتتە سىزىلغان بۇت سۈرىتى بار.

**2 ) جەنۇبىي كارىدورنىڭ تورۇسىدىكى تام رەسىملەر**

جەنۇبىي كارىدوردىكى تام رەسىملەرمۇ مەلۇم دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، يەتتە قۇردا جەمئىي 55 دانە مىڭ بۇددىنىڭ سۈرىتى ساقلىنىپ قالغان. بىرىنچى قۇردا 13 دانە، ئىككىنچى قۇردا 8 دانە، ئۈچىنچى قۇردا 7 دانە، تۆتىنچى قۇردا 6 دانە، بەشىنچى قۇردا 10 دانە، ئالتىنچى قۇردا 7 دانە، يەتتىنچى قۇردا 4 دانە رەسىم بار. بۇ رەسىملەر يېشىل، جىگەر رەڭ، قارا، كۈل رەڭ ۋە سۆسۈن رەڭلەر بىلەن سىزىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى نېلۇپەر گۈل تاختىسى ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ قولىنى تىزىغا قويۇپ ئىستىقامەت قىلىپ ئولتۇرغان، ئۈچىسىغا ئۇزۇن كاسايا كىيدۈرۈلگەن، چاچلىرىنى بېشىغا تۈگۈۋالغان، ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا مەڭ چېكىلگەن ھالەتتە سىزىلغان.

**3 ) ئوڭ تەرەپ تام ۋە شىمالىي كارىدوردىكى تام رەسىملەر**

ئوڭ تەرەپ تام ۋە شىمالىي كارىدورنىڭ تورۇسىدىكى رەسىملەر ئەڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، پەقەت غەربىي تەرىپىدە ئازراقلا رەسىملەر ساقلىنىپ قالغان. بۇ يەردىكى رەسىملەرنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنى باشقا تامدىكى رەسىملەرنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى بىلەن ئوخشاش، بۇ يەردە جەمئىي 38 دانە رەسىم ساقلانغان بولۇپ، بىرىنچى قۇردا 4 دانە، ئىككىنچى قۇردا 3 دانە، ئۈچىنچى قۇردا 4 دانە، تۆتىنچى قۇردا 7 دانە، بەشىنچى قۇردا 6 دانە،، ئالتىنچى، يەتتىنچى قۇرلاردا 5 دانە، سەككىزىنچى قۇردا 1 دانە رەسىم بار. بۇ رەسىملەرنىڭ ئاغزى، بۇرنى، كۆزى ئويۇۋېتىلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى نېلۇپەر گۈل تاختىسى ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ قولىنى تىزىغا قويۇپ ئىستىقامەت قىلىۋاتقان، ئۈچىسىغا ئۇزۇن كاسايا كىيدۈرۈلگەن، ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھىندىستان قىزلىرىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان مەڭ چېكىلگەن ھالەتتە سى-

زىلغان.

**4 ) كەينى تەرەپتىكى تامدىكى ۋە كارىدورنىڭ تورۇسىدىكى تام رەسىملەر**

بۇ تام رەسىملەر باشقا تامدىكى رەسىملەرگە قارىغاندا بىر قەدەر ياخشى ساقلانغان بولۇپ، رەڭلىرىمۇ ناھايىتى ئوچۇق. 10 قۇردا جەمئىي 173 دانە مىڭ بۇرھاننىڭ سۈرىتى سىزىلغان بولۇپ بىرىنچى قۇردا 13 دانە، ئىككىنچى قۇردا 15 دانە، ئۈچىنچى قۇردا 22 دانە، تۆتىنچى قۇردا 27 دانە، بەشىنچى قۇردا 28 دانە، ئالتىنچى قۇردا 22 دانە، يەتتىنچى قۇردا 15 دانە، سەككىزىنچى قۇردا 14 دانە، توققۇزىنچى قۇردا 10 دانە، ئونىنچى قۇردا 8 دانە رەسىم بار. كەينى كارىدورنىڭ تورۇسىدا جەمئىي 61 دانە سانا تاختىسى ئۈستىدە ئىستىقامەت قىلىپ ئولتۇرغان مىڭ بۇرھاننىڭ سۈرىتى سىزىلغان. بىرىنچى قۇردا 14 دانە، ئىككىنچى قۇردا 8 سانە، ئۈچىنچى قۇردا 6، تۆتىنچى قۇردا 6 دانە، بەشىنچى قۇردا 7 دانە، ئالتىنچى قۇردا 8 دانە، يەتتىنچى قۇردا 7 دانە، سەككىزىنچى قۇردا 4 دانە رەسىم بار. بۇلار يېشىل، قارا، كۈل رەڭ، جىگەر رەڭ قاتارلىق رەڭلەر بىلەن سىزىلغان. رەسىملەر نىلۇپەر تاختىسى ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ قولىنى تىزىغا قويۇپ ئىستىقامەت قىلىپ ئولتۇرغان ئۈچىسىغا ئۇزۇن كاسايا كىيدۈرۈلگەن، چېچىنى چوققىسىغا تۈگۈۋالغان، ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا مەڭ چېكىلگەن ھالەتتە سىزىلغان.

**2 ـ نومۇرلۇق غاردىن تېپىلغان يادىكارلار**

غار ئىچىدىكى دۆۋلەنمە تۇپىنىڭ قاتلىمى خېلى قېلىن بولۇپ، ئايلانما كارىدوردىكى تۇپىنىڭ قېلىنلىقى 0.40 ـ 0.50 مېتىر كېلىدۇ. بۆت سۇپىسى بىلەن غار ئىچىدىكى ئوتتۇرىسىدىكى تۇپىنىڭ قېلىنلىقى 0.7 ـ 0.8 مېتىر كېلىدۇ. تۇپۇرىقى سېرىق رەڭدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ تولىسى تامدىن چۈشكەن كاكىل لاي ۋە رەڭ بوياقلىرى چۈشمىگەن تام رەسىم پارچىلىرىدىن ئىبارەت. تۇپا دۆۋلەنمىسى ئىچىدىن تازىلاش جەريانىدا بىر تۈركۈم قىممەتلىك يادىكارلىقلار تېپىلدى. ئۇلار ئوت ـ چۆپ سامان ئارىلاشتۇرۇلغان سېغىز لاي، تام رەسىم پارچىلىرى، كەندىر پاخىلى، قوي يۇڭى ئارىلاشتۇرۇلغان لاي، ھەيكەلنىڭ پارچىلىرى، ساپال پارچىلىرى، بۆت تارقاتقان نۇرنىڭ چۆرىسىگە تىزىلىدىغان ئەجدىھا بېشى، يەر يۈزىگە تىزىلىدىغان كۆك خىش پارچىلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى ۋە خاراكتېرىگە ئاساسەن ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

**( 1 ) تام رەسىملىرى**

بۇ يادىكارلىقلار ئەسلىدە تامدا بولۇپ، ئوغرىلىقچى قېزىش قىلغۇچىلار تەرىپىدىن كۆپ قېتىم ئوغرىلىنىپ، توپا ـ چاڭغا ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن. ئۇلارنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمەن:

**تام رەسىم پارچىسى :** بېرىلگەن نومۇر 2004SHT: 6 شەكلى ئۆلچەمسىز، ئۇزۇنلۇقى 17 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 11 سانتىمېتىر، يېشىل، جىگەر رەڭ قاتارلىق رەڭلەردە سىزىلغان. سىزىلغىنى نىلۇپەر پەشتىقىدا ئىستىقامەت قىلىپ ئولتۇرغان مىڭ بۇددىنىڭ تۆۋەن پارچىسى بولۇپ، غارنىڭ كەينى تەرىپىدىكى كارىدوردىن تېپىلغان. بەلكىم مەدەنىيەت يادىكارلىق ئوغرىلىرى ئوغرىلىقچە قېزىش ئېلىپ بارغاندا توپا دۆۋىسى ئارىسىغا چۈشۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

**تام رەسىم پارچىسى :** بېرىلگەن نومۇر 2004 SHT: 7 شەكلى ئۆلچەمسىز، ئۇزۇنلۇقى 27 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 20 سانتىمېتىر،

سامان ئارىلاشتۇرۇلغان كاكىل لايدىن ياسالغان، جىگەر رەڭ، يېشىل رەڭلەر بېرىلگەن. بۇ نىلۇپەر گۈل تاختىسىدا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئىستىقامەت قىلىنۋاتقان مىڭ بورھاننىڭ پارچىسى بولۇپ، غارنىڭ كەينىدىكى كارىدوردىن تېپىلغان. ئېھتىمال مەدەنىيەت يادىكارلىق ئوغرىلىرى ئوغرىلىقچە قېزىش ئېلىپ بارغاندا توپا ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

**تام رەسىم پارچىسى**: بېرىلگەن نومۇر 2004 SHT: 8، شەكلى ئۈلچەمسىز، ئۇزۇنلۇقى 24 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 22 سانتىمېتىر، ئولتۇرغان مىڭ بۇددىنىڭ پارچىسى بولۇپ، سامانلىق كاكىل لايدىن ياسالغان، قوڭۇر رەڭ ئاساسىي رەڭ تۇسى قىلىنغان، ئەسلىدە غەربىي تەرەپتىكى تامدا بولۇپ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئوغرىلىرى ئوغرىلىقچە قېزىش ئېلىپ بارغاندا توپا ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. نىلۇپەر گۈلىنىڭ نۇسخىسى سىزىلغان بولۇپ چىرايلىق ۋە ئوچۇق كۆرۈنىدۇ.

**ساپال كومزەكنىڭ پارچىسى**: بېرىلگەن نومۇر 2004SHT: 9، شەكلى ئۈلچەمسىز قارا رەڭدە سىدام بولۇپ، سىغىز توپىنى پىشۇرۇپ ياسالغان، غارنىڭ كەينى تەرەپتىكى كارىدوردىن تېپىلغان.

**تام رەسىم پارچىسى**: بېرىلگەن نومۇر 2004SHT: 10، شەكلى ئۈلچەمسىز، جىگەر رەڭ ئاساسىي رەڭ تۇسى قىلىنغان، نىلۇپەر گۈل تاختىسى ئۈستىدە ئىستىقامەت قىلىپ ئولتۇرغان مىڭ بۇرھاننىڭ رەسىمى بولۇپ، غارنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى كارىدوردىن تېپىلغان.

**تام رەسىم پارچىسى**: بېرىلگەن نومۇر 2004SHT: 12، شەكلى ئۈلچەمسىز، ئۇزۇنلۇقى 22 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 14 سانتىمېتىر، جىگەر رەڭدە سىزىلغان.

**تام رەسىم پارچىسى**: بېرىلگەن نومۇر 2004SHT: 13، شەكلى ئۈلچەمسىز، ئۇزۇنلۇقى 25 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 19 سانتىمېتىر، جىگەر رەڭ ئاساسىي رەڭ تۇسى قىلىنغان، غارنىڭ جەنۇبىي تەرەپتىكى كارىدوردىن تېپىلغان.

**تام رەسىم پارچىسى**: بېرىلگەن نومۇر 2004SHT: 27، نىلۇپەر گۈل تاختىسى ئۈستىدە ئىستىقامەت قىلىپ ئولتۇرغان مىڭ بۇددىنىڭ باش قىسمى بولۇپ، بەش ئەزاسى بېجىرىم تۇرغان، يېشىل رەڭدە سىزىلغان بولۇپ، چېچىنى بېشىغا تۈگۈۋالغان، جەنۇبىي تەرەپتىكى كارىدوردىن تېپىلغان. ئۇزۇنلۇقى 15 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 11 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

**تام رەسىم پارچىسى**: بېرىلگەن نومۇر 2004SHT: 29، شەكلى ئۈلچەمسىز، نىلۇپەر گۈل تاختىسى ئۈستىدە ئىستىقامەت قىلىپ ئولتۇرغان مىڭ بۇددىنىڭ باش قىسمىدىن ئىبارەت، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 16 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 15 سانتىمېتىر، ئۇچۇسىغا كاسايا كەيدۈرۈلگەن، چېچىنى بېشىغا تۈگۈۋالغان، بەش ئەزاسى بېجىرىم ساقلانغان.

### (2) سۇپىغا مۇناسىۋەتلىك يادىكارلىقلار (لاي بۇتقا مۇناسىۋەتلىك يادىكارلىقلار)

**بۇتنىڭ ئوڭ قولىقى**: بېرىلگەن نومۇر 2004SHT: 16، كەندىر پاخىلى ئارىلاشتۇرۇلغان سىغىز لايدىن ياسالغان، سىرتىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن، ئۇزۇنلۇقى 11 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 5 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 2 سانتىمېتىر، خېلى بېجىرىم ساقلانغان بولۇپ شىمالىي تەرەپتىكى كارىدوردىن تېپىلغان.

**بۇتنىڭ سول پۇت تاپىنى**: بېرىلگەن نومۇر 2004SHT: 1، سىغىز توپىغا كەندىر پاخىلى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان، پۇتنىڭ بارماقلىرى خېلى بېجىرىم ساقلانغان، ئۇزۇنلۇقى

15 سانتىمېتىر، كەڭلىكى سەككىز سانتىمېتىر كېلىدۇ، مەركىزىي تۆۋرۈك بىلەن كەينى تام ئارىلىقىدىكى كارىدوردىن تېپىلغان.

**بۇتنىڭ ئو پۇت تاپىنى**: بېرىلگەن نومۇر 2004SHT: 2 سېغىز توپىغا كەندىر پاخىلى ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان، خېلى بېجىرىم ساقلانغان، ئۇزۇنلۇقى 14 سانتىمېتىر، كەڭلىكى سەككىز سانتىمېتىر، ئاق رەڭ بېرىلگەن بولۇپ، كەينى تەرەپتىكى كارىدوردىن تېپىلغان.

**بۇتنىڭ ئولڭ پۇت تاپىنى**: بېرىلگەن نومۇر 2004SHT: 3 سېغىز توپىغا كەندىر پاخىلى ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان، ئۇزۇنلۇقى 15 سانتىمېتىر، كەڭلىكى سەككىز سانتىمېتىر، خېلى بېجىرىم ساقلانغان. مەركىزىي تۆۋرۈك بىلەن كەينى تام ئارىلىقىدىكى كارىدوردىن تېپىلغان.

**بۇت بېشى**: بېرىلگەن نومۇر 2004SHT: 4 بۇت بېشىنىڭ سول يۈزى بولۇپ، كەندىر پاخىلى بىلەن سامان ئارىلاشتۇرۇلغان لايدىن ياسالغان. سول كۆزى بېجىرىم تۇرغان، سۇس جىگەر رەڭ بېرىلگەن، ئۇزۇنلۇقى 26 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 17 سانتىمېتىر، غارنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى كارىدوردىن تېپىلغان.

**لاي ھەيكەلنىڭ پارچىسى**: بېرىلگەن نومۇر 2004SHT: 18 سامان ۋە كەندىر پاخىلى ئارىلاشتۇرۇلغان لايدىن ياسالغان، ئۇزۇنلۇقى 25 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 20 سانتىمېتىر، جىگەر رەڭ بېرىلگەن، بۇتنىڭ ئۇچىسىغا كەيدۈرۈلگەن كاسايانىڭ پارچىسى بولسا كېرەك، بۇتنى چاققاندا توپا-چاڭ ئارىسىغا چۈشۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

**لاي ھەيكەلنىڭ پارچىسى**: بېرىلگەن نومۇر 2004SHT: 19 ئۇزۇنلۇقى 22 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 13 سانتىمېتىر، بۇتنىڭ ئۇچىسىغا كەيدۈرۈلگەن كاسايانىڭ پارچىسى بولۇشى مۇمكىن، بۇتنىڭ مۈرە قىسمىدىن چۈشكەن ئۇزۇن سىزىقچىلار بار.

**لاي ھەيكەلنىڭ پارچىسى**: بېرىلگەن نومۇر 2004SHT: 21 شەكلى ئۆلچەمسىز، بۇتنىڭ ئۇچىسىغا كەيدۈرۈلگەن كاسايانىڭ پارچىسى، جىگەر رەڭ بېرىلگەن، ئۇزۇنلۇقى 26 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 14 سانتىمېتىر، بۇتنىڭ بەدەن قىسمىدىن چۈشكەن بولۇشى مۇمكىن، سىزىقچىلار ناھايىتى ئوچۇق تۇرغان.

**لاي ھەيكەلنىڭ پارچىسى**: بېرىلگەن نومۇر 2004SHT: 22 بۇت ئۈستىگە كەيدۈرۈلگەن كاسايانىڭ پارچىسى بولۇپ، جىگەر رەڭ بېرىلگەن، سىزىقچىلار ناھايىتى ئوچۇق تۇرغان، ئۇزۇنلۇقى 19 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 10 سانتىمېتىر.

**لاي ھەيكەلنىڭ پارچىسى**: بېرىلگەن نومۇر 2004SHT: 23 ئۇزۇنلۇقى 12 سانتىمېتىر، كەڭلىكى توققۇز سانتىمېتىر، بۇتنىڭ ئۈستىگە كەيدۈرۈلگەن كاسايانىڭ پارچىسى بولۇپ، شەكلى ئۆلچەمسىز، جىگەر رەڭ ۋە كۆك رەڭ بېرىلگەن.

**لاي ھەيكەلنىڭ پارچىسى**: بېرىلگەن نومۇر 2004SHT: 24 بۇتنىڭ ئۈستىگە كەيدۈرۈلگەن كاسايانىڭ پارچىسى بولۇپ، شەكلى ئۆلچەمسىز، جىگەر رەڭ بېرىلگەن، ئۇزۇنلۇقى 22 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 13 سانتىمېتىر، سىزىقچىلار ناھايىتى ئوچۇق تۇرغان.

**لاي ھەيكەلنىڭ پارچىسى**: بېرىلگەن نومۇر 2004SHT: 25 بۇتنىڭ مۈرە قىسمىدىن چۈشكەن بولۇپ، شەكلى ئۆلچەمسىز، جىگەر رەڭ بېرىلگەن، كاسايا پارچىسىدىكى سىزىقچىلارغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن، ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 14 سانتىمېتىر، جەنۇبىي كارىدوردىن تېپىلغان.

**يۇمىلاق نەقىش بۇيۇم**: بېرىلگەن نومۇر 2004SHT: 26 خەس سېغىز لايدىن ياسالغان، بۇت تارقاتقان نۇرنىڭ چۆرىسىگە تىزىلىدىغان بۇيۇمدۇر. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر دانە تو-

شوكچە بار، ئۇزۇنلۇقى 19 سانتىمېتىر، كەڭلىكى ئالتە سانتىمېتىر، جەنۇبىي كارىدوردىن تېپىلغان.

**يۇمۇلاق زىننەت بۇيۇم**: بېرىلگەن نومۇر 2004SHT: 27، سىغىز لايدىن ياسالغان يېرىمى چېقىلىپ كەتكەن، ئۇزۇنلۇقى 26 سانتىمېتىر، ئوتتۇرىسىدا بىر دانە تۆشۈكچە بار بولۇپ، بۇت تارقاتقان نۇرنىڭ چۆرىسىگە تىزىلغان زىننەت بۇيۇمىدۇر.

**ھەيكەلنىڭ بارمىقى**: بېرىلگەن نومۇر 2004SHT: 30، ئۈچ دانە بارمىقى ناھايىتى بېجىرىم ساقلانغان بولۇپ، قوڭۇر رەڭ بېرىپ ياسالغان، كەندىر پاخىلى ئارىلاشتۇرۇلغان.

**ھەيكەلنىڭ ئوڭ قولى**: بېرىلگەن نومۇر 2004SHT: 31، قولاقنىڭ سىرتىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن، كەندىر پاخىلى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان بولۇپ، خېلى ياخشى ساقلانغان.

**بۇت قولىنىڭ بارمىقى**: بېرىلگەن نومۇر 2004SHT: 33، سىغىز لايغا كەندىر پاخىلى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان، يېرىم ئاي شەكلىدە، ئوڭ يۈزىدە نەقىش بار. كەينى تەرىپىدە ھېچنەرسە يوق، ئايلانمىسى 22 سانتىمېتىر، جەنۇبىي كارىدوردىن تېپىلغان.

## خۇلاسە

تويۇق مىڭ ئۆيىنىڭ 2 ـ نومۇرلۇق غارى مىلادىيە 460 — 640 ـ يىللارغىچە داۋام قىلغان كۆي جەمەتى قوچۇ خانلىقى مەزگىلىدە قېزىلغان تىپىك كۆسەن ئۇسلۇبىدىكى مەركىزىي تۈۋرۈكى بار ئايلانما كارىدورلۇق غاردىن ئىبارەت. مەركىزىي تۈۋرۈك ئالدىدا بۇت سۇپىسى بار بولۇپ، سۇپا غارنى قازغان مەزگىلدە ئەسلى توپىنى چاچماي قالدۇرۇپ شەكىللەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئازراقمۇ كېسەك ئىشلىتىلمىگەن. سۇپا ئۈستىگە ئەسلىدە بۇت قويۇلغان بولۇپ، بۇ يەردىكى بۇت ۋە بۇت ئويۇقىدىكى بۇت تارقاتقان نۇرى ساقلىنىپ قالالمىغان. سۇپىنىڭ چۆرىسىگە ئايلانما كارىدور چىقىرىلغان. بۇتقا چوقۇنىدىغان چاغدا بۇددانىڭ قائىدىسى بويىچە مەركىزىي تۈۋرۈكنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ، سۇپا ئالدى بىلەن غار ئىشىكى ئارىلىقىدىكى ئوچۇق يەر بۇددا دىنى پائالىيىتى ئېلىپ بارىدىغان ئاساسى سورۇن. غار ئەتراپىدىكى تىك يارلىقتا تەبىئىي قۇدۇق ۋە باشقا غارلار ساقلىنىپ قالغان. غار ئالدىدا بىر كىچىك ئېرىق ۋە دېھقانلارنىڭ ئۈزۈملۈك ئېتىزى بار. تويۇق مىڭ ئۆيىنىڭ 2 ـ نومۇرلۇق غارى كۆي جەمەتى خان جەمەتىنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان ئىبادەتخانىسى بولۇپ، خان ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى قەرەللىك ھالدا بۇ يەرگە كېلىپ تاۋاپ قىلىپ تۇرغان.

غاردىكى تام رەسىملەر ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ ئاز بىر قىسىم تام رەسىملەر ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ رەسىملەر ئىنتايىن نەپىس، رەڭلىرى كۆركەم ھەم بېجىرىم تۇرغان. ساقلىنىپ قالغان تام رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنى بىر خىل بولۇپ، دىئاننادا ئولتۇرغان بۇددانىڭ رەسىمى بولۇپ، قوچودىكى جاپالىق تەربىيىلىنىش ۋە دىئاننادا تەربىيىلىنىشتىن ئىبارەت دىئاننا تەلىماتىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. غار ئىچىنى تازىلاش جەريانىدا تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، تۇرپاننىڭ بۇددىزم تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

**(ئاپتور: تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ ياردەمچى تەتقىقاتچىسى)**

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم

# تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانا توغرىسىدا①

گالڭ نىيسەنجىن

كۇي جەمەتىدىكى قوچو دۆلىتىدىن تالىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە تۇرپان رايونىدىكى قەبرىستانلىقلاردىن ئادەم باشلىق، يىلان تەنلىك رەسىملەر قېزىۋېلىندى. بۇ غەلىتە رەسىملەر ئەر ـ ئايال ئەۋلىيالار رەسمى ياكى پىر ئاتا ۋە غوز ئانا دەپ ئاتالدى. شۇنداق قاراشقا بولىدۇكى، بۇ خىل ئەر ـ ئايال ئەۋلىيالار سۈرىتى دەپنە بۇيۇملار ئىچىدىكى روھى دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ماتېرىياللاردۇر.

ئادەم باشلىق، يىلان تەنلىك رەسىملەر تۇرپاندىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن ناھايىتى كۆپ قېزىۋېلىندى. بولۇپمۇ ئاساسلىق قوچو قەدىمكى شەھىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىندى. رەختلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا قارا سىزىق بىلەن ئىككى ئىلاھ ۋە ئاي، كۈن، يۇلتۇزلارنى سىزغان. ئۈستۈنكى يېرىم قىسمىغا ئەر ـ ئايالنىڭ باش ۋە بەدەن قىسمى، ئاستىنقى يېرىم قىسمىغا ئۆزئارا چىرماشقان يىلان تېنى سىزىلغان. غەلىتە ئادەم باشلىق، يىلان تەنلىك ئەر ـ ئايالنىڭ رەسمى ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ شۇ كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا بىر خىل ئېكىس ئېتىشىدۇر.

تۆۋەندە تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ئەر ـ ئايال ئىلاھ يەنى ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا رەسىمىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئىلگىرىلىگەن ھالدا بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ئەر ـ ئايال ئىلاھ يەنى ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا رەسىمىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى شۇكى، شايى ۋە كاناپ قاتارلىق رەختلەرگە سىزىلغان بولۇپ، ئىشلىتىش ئورنىمۇ كۆپ، يەنى قەبرىنىڭ تورۇس قىسمى بىلەن قەبرە تېمىغا ئېسىلغانلىرى، جەسەت ساندۇقىنىڭ ئۈستىگە ياپقانلىرى ھەممە جەسەت ساندۇقىنىڭ ئەتراپىغا قويغانلىرى بار. بۇ خىل ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى ئىلاھ — ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانانىڭ ئەينى ۋاقىتتا قانداق رولغا ئىگە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشتىكى يىپ ئۇچى بولۇپ قالدى.

بۇ رەسىملەرنى بىر قانچە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

ھەرقايسىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئىككى تىپقا ئايرىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر تىپى تۆت كىچىك شەكىلگە ئايرىلىدۇ. ئاساسلىق تۈرگە ئايرىش ئۆلچەملىرىنىڭ بىرى، ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا تۇتقان بارلىق بۇيۇملار بىلەن قولىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى، ئەگرى سىزغۇچ تۇتقان، ئەگرى ئۆلچىگۈچ تۇتقان قولىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ خىل ئۇسۇلدىن ئىبارەت.

A شەكىل، قارشى تەرەپ بىلەن ئۇچراشقان بىلەكلەر ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن قول كۆرۈنمەيدۇ.

B شەكىل، قارشى تەرەپنىڭ قولتۇقى ئاستىدىن ئەسۋاب تۇتمىغان قولىنىڭ ئىپادىسى كۆرۈنمەيدۇ.

C شەكىل، قارشى تەرەپنىڭ مۈرە قىسمىدا قول بىلەن بىرگە ئەسۋاب تۇتقان ئىپادىسى كۆرۈنىدۇ.

ئەسۋاب تۇتقان قوللارنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا ئەر ئەگرى سىزغۇچ تۇتقان، ئايالنىڭ ئۆلچىگۈچ تۇتقان شەكلى A شەكىل ئەر بىر قولىدا ئەگرى سىزغۇچ بىلەن دوۋەت تۇتقان ھالىتى B شەكىل ئەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان قولدا ئەگرى سىزغۇچ بىلەن دوۋەت تۇتقان ھالىتى، C شەكىل يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئالاھىدىلىكلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۆۋەندىكىدەك

① ياپونىيىدە چىقىدىغان «يىپەك يولشۇناسلىق تەتقىقاتى خاتىرىلىرى» دېگەن مەجمۇئەنىڭ 10 ـ تومىدىن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى.

2005.1

رەسىملەرنى تۆرگە ئايرىيمەن.

I تىپ Aa شەكىل (رەسىم 1 ـ 1) ئەر ـ ئايال ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانانىڭ بىردىن قولى ئۆزئارا گىرەلەشكەن ھالدا قارشى تەرەپنى قۇچاقلىغان بولۇپ، يەنى بىر قولىدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئەگرى سىزغۇچ ۋە ئۆلچىگۈچ تۇتقان بولۇپ، ناھايىتى ئىخچام ئىپادىلەنگەن.

I تىپ Ab شەكىل (رەسىم 2 ـ 1) بىردىن گىرەلەشكەن قوللار ئۆزئارا قۇچاقلاشقان بولۇپ، ئادەم ئاتا يەنە بىر قولىدا ئەگرى سىزغۇچ بىلەن دوۋەت تۇتقان. ھاۋا ئانا يەنە بىر قولىدا سىزغۇچ تۇتقان.

I تىپ Bc شەكىل (رەسىم 3 ـ 1)، گىرەلەشكەن قوللار مۈرىدىن ئۆتۈپ قارشى تەرەپنى قۇچاقلىغان بولۇپ، قولتۇق ئاستىدا يەنە بىر قول كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئادەم ئاتا ئەگرى سىزغۇچ بىلەن دوۋەتنى ئېگىز كۆتۈرگەن، ھاۋا ئانا ئۆلچىگۈچ تۇتقان.

I تىپ Cd شەكىل (رەسىم 5 . 4 ـ 1) گىرەلەشكەن قوللار قارشى تەرەپنىڭ مۈرىسىدىن قۇچاقلىغان بولۇپ، ئادەم ئاتا مۈرىسى قىسمىدا قولىغا دوۋەت تۇتقان، ھاۋا ئانا يىڭنىگە ئوخشاش بۇيۇم تۇتقان. سىرتىدىكى ئادەم ئاتىنىڭ قولى بولۇپ، ئەگرى سىزغۇچنى ئېگىز كۆتۈرگەن، ھاۋا ئانا ئۆلچىگۈچ تۇتقان.

II تىپ (رەسىم 6 ـ 1)، ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ بەدىنىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنى ئايرىم ئالاھىدە قىلىپ سىزغان بولۇپ، ئۈستۈنكى كىيىملىرىگە ئوخشاش بولمىغان گۈل نۇسخىلىرى سىزىلغان، ھاۋا ئانا تىك يوللۇق يىپەك يوپكا كىيگەن.

بۇ خىل شەكىللەر ئىچىدە I تىپ Aa شەكىل بۇرۇن، II تىپ كېيىن، ئەمما ھەرقايسى شەكىلنىڭ يىل دەۋرىنى ئوچۇق بېكىتىشكە مۇمكىن بولمىسىمۇ، I تىپتىن II تىپقا ئۆزگەرگەنلىكىنى بېكىتىشكە بولىدۇ.

دەپنە قىلىنغان ۋاقىتتا ئەر ـ ئايال ئىلاھ يەنى ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا سۈرەتلىرى قانداق ئىشلىتىلدى؟ قانداق رولغا ئىگە؟

شايى، كاناپ قاتارلىق ماتېرىياللار شۈبھىسىزكى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن يىپەك يولى ئارقىلىق توشۇلغان بولۇپ، رەختلەرنىڭ كەڭلىكى 50 سانتىمېتىر بولۇپ، ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ پارچىنى ئۆزئارا چاتىدۇ. ستەيىن ئاستانە توققۇزىنچى رايون 2 ـ نومۇرلۇق قەبرىنى تەكشۈرگەندە ئۈچ دانە جەسەت ساندۇقى بىلەن ئۈچ پارچە قەبرە تېشىنى قېزىۋالغان، بولۇپمۇ 1 ـ چيەنفىڭ 3 ـ يىلى (667) دىكى 氾巳 فامىلىلىك ئايال ۋە بالىنىڭ قەبرە تېشى. 2 ـ يوڭچاڭيۈەن يىلى (689) ئۆلگەن سى يەنشىنىڭ قەبرە تېشى، 3 ـ شىنلوڭ 3 ـ يىلىدىكى قەبرە تېشىدىن ئىبارەت.

دەپنە قىلىنغان ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا ئىلاھ رەسىملىرى ئىجارىگە بېرىلگەن رەختلەر ئۈستىگە سىزىلغان بولۇپ، ئۈستىدە جو ئوبلاستى شىن ئەن ناھىيىسى شيەن دې يېزىسى مېي شەنلى جو بولسىيالىڭ ئىجارىگە بەرگەن. رەختنىڭ بىر بۇرجىكىدە گۇاڭ تويۈەن يىلى 11 ـ ئاينىڭ □ كۈنى دېگەن ھۆسن خەت بار. تاڭ سۇلالىسى گۇاڭ تو يۈەن يىلى 684 ـ يىلى بولۇپ، بۇ رەخت 684 ـ يىلى رەسىم سىزىلىپ قەبرىگە قويۇلغان. شۇنىڭدىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىجارىگە بېرىلگەن رەخت ياكى يۆتكىگەن رەختلەر (توشۇلغان) بولسۇن ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا رەسىمىنى سىزىدىغان رەخت قىلىپ ئىشلەتكەن.

ئۇنداقتا ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا رەسىمى سىزىلغان رەختلەرنىڭ ئۈستى كەڭ، ئاستى تار قىلىپ توقۇشتىكى سەۋەب شۇكى، ئەڭ بۇرۇنقى جيايۈگۈەن 1 ـ نومۇرلۇق غەربىي جىن قەبرىسىدىكى (北周) بېي جونىڭ جەسەت ساندۇقىنىڭ ياپقۇچىغا سىزىلغان ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ رەسىمىنىڭ شەكلى بويىغا ئۇزۇن بولۇپ، خېشى كارىدورىدا ئىشلىتىلگەن جەسەت ساندۇقىنىڭ ياپقۇچىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئىلگىرى جەسەت ساندۇقىنىڭ ياپقۇچىدا بىۋاسىتە ئىپادىلىنىدىغان رەسىملەر كېيىنچە رەختلەرنىڭ ئۈستىگە سىزىلغان بولۇپ، جەسەت ساندۇقىنىڭ ياپقۇچىغا ئوخشاش ساندۇق ئۈستىگە ياپقان. تۇرپاننىڭ ياغاچ ماتېرىيال مەنبەسى كامچىل بولغانلىقتىن قوچو دۆلىتى دەۋرىدە ياغاچ ساندۇقلارنى

ناھايىتى ئاز ئۇچراتقىلى بولىدۇ. شۇڭا ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا سۈرىتى پاقاچ ساندۇقلارنىڭ ئىچىگە سىزىلماستىن بەلكى قەبرىلەرنىڭ تورۇسىغا ئېسىلغان.

تۇرپان ئاستانە 302 ـ نومۇرلۇق قەبرىگە بىر ئەر بىر ئايال دەپنە قىلىنغان. قەبرە تېشىغا ئاساسلانغاندا بۇ ئۆلگۈچى رۇڭ ۋېي 4 ـ يىلى (653) 11 ـ ئايدا ئۆلگەن جاۋ سۇڭبەي ئەر ـ ئايالنىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. قەبرە ئىچىدىن ئۈچ پارچە ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ رەسىمى قېزىۋېلىندى. ئىككى پارچىسى مىخ بىلەن تورۇسقا مىخلانغان، يەنە بىر پارچىسى ئايالنىڭ باش تەرىپىگە قاتلاپ قويۇلغان. مەزكۇر قەبرە جاۋ فامىلىلىكلەر قەبرىستانىدۇر. قەبرە تېشى ۋە يازما ھۆججەتلەرگە ئاساسەن قەبرىلىكتە 303 ـ نومۇرلۇق قوچو دۆلىتى ۋە پىڭ يۈەن يىلى (551) دىكى جاۋ لىڭدا قەبرىسى، 302 ـ نومۇرلۇق تاڭ يۇڭخۇيى 4 ـ يىلى (653) دىكى جاۋ سۇڭبو قەبرىسى بىلەن 301 ـ نومۇرلۇق تاڭ سۇلالىسى جىنگۈەننىڭ 7 ـ يىلى (643) دىكى قەبرىلەر بار. ئۇنىڭ ئىچىدە 303 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ رەسىمى ئىككى پارچە، 302 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن ئۈچ پارچە، 301 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن بىر پارچە قېزىۋېلىندى.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قوچو دۆلىتىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىن تاكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرىيە دەۋرىگىچە ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ رەسىمى ئۈزۈلۈپ قالماستىن، ياسىلىپ ۋە پايدىلانغانلىقىنى، رەسىملەرنىڭ پەيدىنپەي ئۆزگىرىشىدىن ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

سىزىلغان ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا رەسىمىدىكى رەسىملەرنى كەسپىي رەسساملار سىزغان ئەمەس. 303 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان بىر پارچە ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا رەسىمىنىڭ سول ۋە ئوڭ بۇرجەكلىرىنىڭ ئۈستىگە جاۋجى دېگەن ھوسنىخەت يېزىلغان بولۇپ، ئېھتىمال رەسىم سىزغۇچىنىڭ ئىسمى بولۇشى مۇمكىن. جاۋ فامىلىلىكلەر قەبرىسىدىن قېزىۋېلىنغان ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا رەسىمىنى سىزغۇچى بەلكىم ئوخشاش جاۋ جەمەتىدىن بولغان ئەر. گەرچە ھۆكۈم قىلىش تەس بولسىمۇ، لېكىن ئوخشاش جەمەت ئىچىدىكى ئۇستىلار سىزغان.

كىشىلەر ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا رەسىمىنى تورۇسقا ئېسىپ قويۇپ قانداق ئارزۇ ـ تىلەككە يەتمەكچى؟ ھاۋا بوشلۇقىدىكى دۇنيا بولسا بىر ئالەم. ئىلگىرى تورۇسلارنى ئاي، كۈن، يۇلتۇزلار بىلەن بېزەيتتى. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا قوللىرىغا سىزغۇچ ۋە ئۆلچىگۈچ تۇتۇشى، لايىھىلەش ۋە قۇرۇلۇشتا كام بولسا بولمايدىغان ئەسۋاب ھېسابلىناتتى. ئېنىقى ۋاقىتتا كىشىلەر ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنى يەر ـ زېمىننى تىنجىتقۇچى دەپ قاراپ، ئەتراپىنى ئاي، كۈن ۋە ھەرىكەت قىلىپ تۇرغان يۇلتۇزلار بىلەن تولدۇراتتى. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ ئۆزئارا چىرماشقان سۈرىتى ئۆزئارا جۈپلىشىشنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئەۋلاد قالدۇرۇپ كۆپىيىش ئارزۇسىغا ئايلانغان. ئادەم ئاتىنىڭ ئەگرى سىزغۇچ بىلەن دوۋەت تۇتقان ئوبرازى بارا ـ بارا ئۆزگىرىپ غەلىتە ئىلاھلىشىشتىن رېئال ئادەملەرگە يېقىنلاشقان. ھاۋا ئانا تۇتقان ئۆلچىگۈچ قايچىغا ئۆزگەرگەن بولۇپ، ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىنچىكە يىڭنىگە ئوخشاپ قالغان.

چوقۇنغۇچى ئىلاھلار مۇشۇنداق قۇراللارنى قوللىرىغا تۇتقان بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ غايەت زور كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ ئۈستىدىكى كىيىملەر ئۆز ۋاقتىدا ناھايىتى مودا بولغان كىيىملەر بولۇپ، يۈزلىرىگە قىلىنغان گىرىملىرىمۇ ئوخشاشلا مودا ئىدى.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە گۈللەنگەن بۈيۈك تاڭ مەدەنىيىتى خۇددى ئۆركەشلەۋاتقان دولقۇندەك سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى جايلارغا تارالغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا غەربتىن يات ئەل ئۇسلۇبىدىكى پارس مەدەنىيىتىمۇ ئۈزلۈكسىز تارقالغان. بۇ ئورتاق ئامىللار بۇ جايدىكى يېڭى ئىدىيە، يېڭى ئېتىقادنىڭ پەيدا بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى بېيىتقان ۋە ئۆزگەرتكەن.

تەرجىمان: زۇلپىيە مۇھەممەت
تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق


1


2


3


4


5


6

# تارىخشۇناسلىق بىلەن ئارخېئولوگىيىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

ھەسەنجان جۇمەخۇن

تارىخشۇناسلىق ( 史学 ) ئادەتتە تارىخ ئىلمى ( 历史学 ) دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇ كىشىلىك تۇرمۇش مۇھىتى ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتى پائالىيىتىنىڭ تارىخي ئۆزگىرىش جەريانى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئىچكى باغلىنىشى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدىغان مۇستەقىل پەن ھېسابلىنىدۇ ①. تارىخشۇناسلىق ئىنسانلارنىڭ بېسىپ ئۆتكەن تارىخي تەرەققىيات جەريانى ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى بۆلەك، تۈرلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدىغان بولغاچقا، تەتقىقات ئوبيېكتى، يۈزلىنىشى، ئۇسۇلى، پاكىت ـ ئاساسلىرى، مەدەنىيەت ئىزنالىرى ۋە يالدامىلىرى، ئېتنىك تەركىبلىرى، شۇنىڭدەك ئەسلى يىلتىزى، مەدەنىيەت ـ سەنئەت سېلىشتۇرمىسى قاتارلىق تەرەپلەردە ھامان ئارخېئولوگىيە ياراتقان مەدەنىيەت تىندۇرمىلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە تەۋرەنمەسلىكىنى گەۋدىلەندۈرەلەيدۇ. ناۋادا تارىخشۇناسلىقتىكى پاكىت، ماتېرىياللار ئارخېئولوگىيە ئارقىلىق تولۇقلانمىسا، ئۇ ھالدا ئۇ تارىخ ۋە پاكىتلار قىسمەن سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولالمىغان بولىدۇ. ئەمما ئارخېئولوگىيىمۇ تارىخشۇناسلىق تەرىپىدىن تولۇقلانمىسا ياكى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار تارىخي ماتېرىياللار ئارقىلىق دەلىللەنمىسە، ئارخېئولوگىيىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. چۈنكى، تارىخ ئىنسانىيەتنى ياراتقان، ھالبۇكى ئىنسانىيەت تارىخنىڭ ئۇلىنى سالغان، شۇنىڭدەك ئىنسانىيەت ئارخېئولوگىيىنى ئاپىرىدە قىلغان بولسا، تارىخ ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى تاكامۇللاشتۇردى.

شۇ مەنىدىن قارىغاندا، ئارخېئولوگىيە ئىنسانىيەت ۋە تارىخشۇناسلىقنىڭ قىممىتىنى يارىتىش ۋە بەلگىلەشتە ئۆزىگە خاس قىممەت خاراكتېرىنى يارىتالىغان.

ئارخېئولوگىيە دېگەن بۇ سۆز ئەسلىدە گرېك تىلىدىكى «قەدىمىي يادىكارلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «archaira» سۆز بىلەن «ئىلىم ياكى نەزەرىيە» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «logos» سۆزىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، يەر ئاستىدىن قېزىپ چىقىلغان ھەر خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى يەنى قەبرە، شەھەر ( بازار )، كەنت خارابىلىرى، ئاھالىلىكلەر خارابىلىرى، قەدىمكى دەۋردە ئىشلەتكەن قورال ـ جابدۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇ مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، تارىخشۇناسلىقنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى ھېسابلىنىدۇ. ئارخېئولوگىيىنىڭ تارىخ تەتقىقاتىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرغىنىدەك، تارىخمۇ ئوخشاشلا ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتىدا ئۆزگىچە رولغا ئىگە. ئارخېئولوگىيىنىڭ تەتقىقات دائىرىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئارخېئولوگىيە تار ۋە كەڭ مەنىدىكى ئارخېئولوگىيىدىن ئىبارەت ئىككى خىلغا ئايرىلغان. كەڭ مەنىدىكى ئارخېئولوگىيە — ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، قېزىش ئارقىلىق پەيدا بولغان بىر قىسىم يادىكارلىقلار، خارابىلار ئۈستىدە ئانالىز قىلىش ۋە تەتقىق قىلىشنى كۆرسەتسە، تار مەنىدىكى ئارخېئولوگىيە ئىنسانلار ياسىغان بۇيۇملار ياكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئانالىز قىلىش ۋە تەتقىق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ ②. ئارخېئولوگىيىنىڭ مۇشۇ ئىككى خىل ئايرىلىشىدىن قارىغاندىمۇ ئارخېئولوگىيە بىلەن تارىخشۇناسلىقنىڭ مۇناسىۋىتى بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش، پايدىلىنىش ۋە بىر ـ بىرىنىڭ

قىممىتىنى بەلگىلەشتىن ئىبارەت زەنجىرسىمان مۇناسىۋەتتە بولغاچقا، تارىخشۇناسلىق ياكى تارىخ تەتقىقاتىدىكى ئىشەنچلىك تۈپ ماتېرىيال پەقەت ئارخېئولوگىيىلىك نەتىجىلەر ئارقىلىقلا قولغا كەلتۈرۈلىدۇ. تارىخ تەتقىقاتى گەرچە ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ، ئەڭ مۇھىمى شۇ تەرەققىياتنىڭ خاراكتېرىنى، ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك مۇھىتىنى تاكامۇللاشتۇرۇشتا ئارخېئولوگىيىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، تارىخشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ئارخېئولوگىيە بولمىغان بىلەن، ئۆزىنىڭ ئوبيېكتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلارنى ۋاستە ۋە ماتېرىيال قىلىدۇ. ئالايلى، تارىختا نامى مەڭگۈ قەدىرلىنىدىغان يەتتە سۇ ۋادىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇلۇغ زېمىندا قەدىمدىن تارتىپ نۇرغۇنلىغان مەشھۇر شەھەرلەر بار ئىدى. تارىخ سترېلكىسى تەرەققىي قىلىپ 14 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە چۇ دەريا ۋادىلىرىدىكى شەھەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن خاراب بولدى. پەقەت «يېڭى شەھەر» دەپ ئاتىلىدىغان بىرلا شەھەر ئۇزۇن ھەم ئېچىنىشلىق تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغانىدى. ھالبۇكى، تارىخ 15 ـ ئەسىرگە قەدەم قويۇشى بىلەنلا بۇ قەدىمىي شەھەردە ھاياتلىق ئاخىرلاشتى ③. چۈنكى تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ كۇنسايىن زەئىپلىشىشى، ئۆزئارا قىرغىن قىلىشى، زېمىن، بايلىق تالىشىش كۈرىشىنىڭ ئەۋج ئېلىشى ۋە ئىستىلاچى قوشۇنلارنىڭ تۈمۈر تۇياقلىرى ئەلۋەتتە دۇنيادىكى نۇرغۇن شەھەرلەر ، بولۇپمۇ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نۇرغۇن شەھەرلەرنىڭ خانىۋەيران بولۇشىنى تېزلىتىۋەتكەنىدى ④. ئەنە شۇ شەھەرلەرنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدە ئاجايىپ گۈللەنگەن مەشھۇر ئالمىلىق شەھىرى ئۇرۇش خانىۋەيرانچىلىقى تۈپەيلىدىن 16 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىغا كەلگەندە پۈتۈنلەي خاراب بولغان ⑤. ئېلىمىز، شۇنىڭدەك شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدا تارىخىي ماتېرىياللاردا نامى زىكرى قىلىنغان بۇ شەھەرنىڭ ئىلى قورغاس ناھىيىسىدە ئىكەنلىكى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا دەلىللەنگەن. ئۇندىن باشقا، ئالمىلىق شەھىرى ھەققىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ھۆججەتلەردىن قارىغاندا، چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئىچىدە خرىستىئان دىنى تېخىمۇ ئەۋج ئالغان بولۇپ، ئۇيغۇر دۆلىتى ھەتتا «تەرسا (Tersa) لار دۆلىتى» دەپمۇ ئاتالغان. «تەرسا» (Tersa) ئەسلى پارسچە سۆز بولۇپ، ساسانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە پارسلار خرىستىئانلارنى «تەرسا» دەپ ئاتىغانىكەن. بۇ ھەقتە ھېنرى يۇلى (Henry Yule): «ئۇيغۇر دۆلىتى ۋە يېزىقىنىڭ ‹تەرسا› دەپ ئاتىلىشى نېستورىيان دىنىنىڭ كەڭ تارقالغانلىقىدىن بولغان» ئىدى ⑥. 1880 ـ يىللىرىدىن باشلاپ روسىيە ئالىملىرى يەتتە سۇنى مەركەز قىلغان ھالدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا ۋە 1953 ـ يىلى غەربىي شىمال مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى، 1958 ـ يىلى جۇڭگو ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى ئالمىلىق شەھىرىدە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئېلىپ بارغاندا نېستورىيان (خرىستىئان) دىنىغا ئائىت نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپقان ⑦، تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن ۋەقە ـ ھادىسىلەر ۋە ئۇچۇرلار ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلار ئاساسىدا يەنە بىر قېتىم دەلىللەنگەن.

ئارخېئولوگىيە ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن سېھرى قۇدرىتى بىلەن تارىخشۇناسلىق ۋە تارىخ تەتقىقاتىدا ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. شۇڭا تارىخ تەتقىقاتىدا «ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ ئەقەللىي تەلىپى بويىچە ئالدى بىلەن كەڭ كۆلەملىك، نۇقتىلىق قېدىرىش، قېزىپ تەكشۈرۈش، ئاندىن چوڭقۇر تەتقىق قىلىش، ئاخىرىدا خۇلاسە قىلىش بىردىنبىر ئۇسۇل» ⑧ بولغاچقا، ئارخېئولوگىيە تارىخ تەتقىقاتىدا كەڭ كۆشادە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىز ئۈچۈن يېتەرلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەڭ مۇھىمى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پارتلاش خاراكتېرىدىكى ئىلمىي يەكۈن ۋە كۆز قاراشلار بىلەنمۇ تەمىنلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق، ئۆزىمىز تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان

رايون (يائنى دۆلەت) ۋە قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ مىللىي تەركىبى، ئېتنىك مەنبەسى، ئىرقى، مەدەنىيىتى، مىللەت قاتلىمى، مەدەنىيەت قاتلىمى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ تارىخ ۋە تارىخىي دەۋر قاتلىمى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە دەسلەپكى ئاساسنى سالغىلى بولىدۇ.

قىسقىسى، تارىخشۇناسلىق ۋە تارىخ تەتقىقاتىنىڭ ئارخېئولوگىيە بىلەن بولغان ھەم بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان، ھەم بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، ھەم پاكىت-ماتېرىيال تەلەپ قىلىدىغان، ھەم بىر-بىرىنى چەكلەپ تۇرىدىغان ئورگانىك مۇناسىۋىتىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن ئىزاھلاشقا بولىدۇ.

بىرىنچىدىن، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئەينى دەۋرنىڭ تارىخىي تۈزۈلمىسىنى ۋە دەۋر قاتلىمىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىق. ئىنسانلارنىڭ تارىخى تاشلاردىن پايدىلىنىشتىن باشلانغان. شۇڭا، ئارخېئولوگىيە ئىلمىدا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تارىخى «تاش قوراللار دەۋرى» دەپ ئاتىلىدۇ. تاش قورال دەۋرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ بەلگىسى. ئۇ، بۇنىڭدىن 2-3 مىليون يىللار ئىلگىرىدىن تاكى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3000-يىللارغىچە بولغان دەۋرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ كونا تاش قورال دەۋرى، ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرى، يېڭى تاش قورال دەۋرى قاتارلىق ئۈچ دەۋرگە بۆلۈنىدۇ. يېقىنقى يىللاردا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن قېزىۋېلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار شىنجاڭدا بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل ئىلگىرىكى كونا تاش قورال دەۋرىدە ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. مەسىلەن، تاشقورغان دەرياسىنىڭ شەرقىي ساھىلى، نىيە ناھىيىسى، خوتەن شەھىرى، شۇنىڭدەك يارغول قەدىمكى شەھىرى قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمكى خارابە ئىزلىرىنىڭ بايقىلىشى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق جۇلالىرىنى نامايەن قىلىپ تۇرىدۇ⑨. 1952-يىلى كەلپىن ناھىيىسىدىن تېپىلغان كونا تاش قورال، قۇمۇل-تۇرپان ئارىلىقىدىكى يەتتە قۇدۇق، قۇمۇل قارا تۆپە ئېگىزلىكلىرىدىن بايقالغان كونا تاش قوراللار، شۇنىڭدەك شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلىۋاتقان يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت تاش قوراللار شىنجاڭ رايونىنىڭ تاش قوراللارنى ئىشلىتىش، شۇنىڭدەك پائالىيەت ئېلىپ بېرىش دەۋرىنىڭ قاتلاملىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئارخېئولوگىيە ئارقىلىق تارىختىكى مىللەتلەرنىڭ مىللەت تەركىبىنى ئېنىقلاشقا بولىدۇ. تارىختىكى مىللەتلەرنىڭ مىللەت تەركىبى دېگەندە، ئاساسلىقى مەلۇم بىر جاي ياكى رايوندا، يەنى مەلۇم بىر رايوننى پاسىل قىلغان ھالدا ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ تەركىبى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. 1979-يىلى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئۇرۇقداشلىق جامائەسىگە تەئەللۇق 42 قەبرىنى قازغان ھەم 18 باش سۆڭەكنى تاپقان. ئىلمىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ قەبرىستانلىقنىڭ يىل دەۋرى تەخمىنەن بۇنىڭدىن 3800 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقا مەنسۇپلىقى ئېنىقلانغان. 18 دانە باش سۆڭەكنىڭ ھەممىسى ياۋروپا ئىرقىغا تەۋە ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان.

1986-يىلى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى قۇمۇلدىكى يانبۇلاق قەدىمىي قەبرىستانلىقىنى قېزىپ، ئىنسانلارنىڭ 29 دانە باش سۆڭىكىنى تاپقان. تەجرىبە ۋە ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، مەزكۇر قەبرىلەرنىڭ يىل دەۋرىنىڭ بۇنىڭدىن 3000-3200 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرگە توغرا كېلىدىغانلىقى ئېنىقلانغان، 29 باش سۆڭەكنىڭ 21 ى موڭغۇل ئىرقىغا، سەككىزى ياۋروپا ئىرقىغا تەۋە ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان.

1976—1977-يىللىرى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ياقىسىغا جايلاشقان ئالغوي قەدىمىي قەبرىستانلىقىنى قازغان ھەم ئادەمنىڭ 58 باش سۆڭىكىنى تاپقان. ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە ئانالىز قىلىش ئارقىلىق مەزكۇر قەبرىستانلىقنىڭ يىل دەۋرى بۇنىڭدىن 2100-2600 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدىغانلىقى، 58 ئادەم باش سۆڭىكىنىڭ ئىچىدە گەرچە ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپلىرى كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن موڭغۇل ئىرقى ۋە ئىككى خىل ئىرقنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە

مۇجەسسەملەشتۇرگەن شالغۇتلارنىڭمۇ بارلىقى ئېنىقلانغان⑪.

ئىرق بىلەن مىللەت پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىككى ئۇقۇم. ئىرق دېگەندە، ئورتاق مەنبەگە ۋە ھەرخىل ئورتاق ئىرسىيەت ئالاھىدىلىككە ئىگە ئادەملەر توپى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مىللەت بىر تارىخىي كاتېگورىيە بولۇپ، كىشىلەر تارىختا شەكىللەندۈرگەن ئورتاق تىل، ئورتاق تېررىتورىيە، ئورتاق ئىقتىسادىي تۇرمۇش شۇنداقلا ئورتاق مەدەنىيەتتە ئىپادىلەنگەن ئورتاق پسىخىك ساپاغا ئىگە تۇراقلىق ئورتاق گەۋدىنى كۆرسىتىدۇ.

ئارخېئولوگلار، پالېئانتوپولوگلار، تارىخشۇناسلار، تىلشۇناسلار قەدىمكى زامانىدىكى تارىخى كىتاب، ھۆججەتلەر ۋە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن بۇيانقى شىنجاڭدىن تېپىلغان ھەرخىل ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئىرقشۇناسلىق جەھەتتىن ئۇلارنى ئايرىپ چىققان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3000 يىل ئۆپچۆرىسىدە شىنجاڭدا موڭغۇل ئىرقى، ياۋروپا ئىرقى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن ئىرق بولغان، تىلشۇناسلىق جەھەتتىن ئۇلارنى ھىندى ياۋروپا تىل سىستېمىسى، ئالتاي تىل سىستېمىسى ۋە خەنزۇ ـ تىبەت تىل سىستېمىسىغا ئايرىشقا بولىدۇ؛ مىللەت مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەينى زاماندا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا ساكلار، توخرىلار، ھۇنلار، دىڭلىڭلار، ئۇسۇنلار، ئوغۇزلار (ئۇيغۇرلار)، خەنزۇلار، چاڭلار قاتارلىق نۇرغۇن مىللەت ۋە قەبىلىلەر ئولتۇراقلاشقان ⑪.

ئۇچىنچىدىن، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىيال ئارقىلىق تارىختىكى قەدىمكى شەھەر ۋە ئولتۇراق رايون ئورۇنلىرىنى دەلىللىگىلى، تارىخىي ماتېرىياللاردىكى بايانلارنى ئۇلىغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، تارىختا بىر مەھەل داڭ چىقارغان، جۇڭگو تارىخىي ماتېرىياللىرىدا نامى قالدۇرۇلغان كروران قەدىمكى شەھىرى روران خانى ئانقۇينىڭ ئىنىسى ئوتۇچىنىڭ ساتقىنلىقى تۈپەيلىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، كروران نامى ئۆزگەرتىلگەندىن بۇيانقى ئۇزۇن يىللىق تارىختا روران نامى ئىستىمالدىن قالغان ھەم بۇ شەھەر كېيىنكى دەۋرلەردىكى تەبىئىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئاپەتلەرنىڭ تەسىرى بىلەن غايىپ بولغانىدى. پەقەت 1901 ـ يىلىغا كەلگەندە شىۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىننىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشى داۋامىدا بايقىلىشى بىلەن دۇنياغا قايتىدىن كۆز ئاچقان ۋە دۇنيا ئىلىم ساھەسىنى زور زىلزىلىگە سالغانىدى. شۇ چاغدا سۋېن ھېدىن لوپنۇرلۇق ئۆردەكنىڭ يول باشلىشى بىلەن روران قەدىمكى شەھىرى خارابىسىغا كەلگەن، ئۇ دەسلەپتە بۇ يەردىكى ئېگىز ـ ئېگىز بۇددا مۇنارلىرىنى، بۇددا مۇنارلىرى ئالدىدىكى ھەيۋەتلىك بۇتلارنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ۋە تەكشۈرۈش ئارقىلىق ناھايىتى مۇھىم بايقاشلارغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، نۇرغۇن تارشا پۈتۈكلەرنى قولغا چۈشۈرۈپ تۇرۇقلۇق تارشا پۈتۈكلەردىكى قەدىمكى خەنزۇچە يېزىقلارنى ۋە كارۇشتىچە يېزىقلارنى بىلمىگەنلىكتىن شىۋېتسىيىگە ئېلىپ كېتىدۇ ھەمدە ۋېسبادېن (Wieshaden) دىكى كارھىممىلېر (KarHimmler) ئەپەندىنىڭ تەتقىق قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. ھىملېر ئەپەندى كارۇشتى يېزىقىدىكى ياغاچ تارشانى تەتقىق قىلىۋېتىپ، تەساددىپىي «كرورانا» (Kroraina) نامىنى بايقاپ قالىدۇ ۋە بۇ نامنى قەدىمكى مەشھۇر روران شەھىرىنىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تەرجىمىسى دەپ قاراپ، ئۆز دوكلاتىدا بۇ نامنىڭ قەدىمكى مەشھۇر روران شەھىرى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان⑫. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ نەچچە مىڭ يىللىق ئۇيقۇغا كەتكەن كروران شەھىرى قايتىدىن دۇنيانىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

تۆتىنچىدىن، ئارخېئولوگىيە تارىخىي ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنغان ھەم پارچە ـ پۇرات خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان، ئەمما جايلىشىشى، قۇرۇلمىسى، ئولتۇراق شارائىتى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىلمىگەن قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە پايدىلىق. تارىخىي ماتېرىياللاردا نۇرغۇنلىغان دۆلەت، شەھەرلەر تىلغا ئېلىنىدۇ، ھەم ئۇنىڭ ئورنى، دائىرىسى، شەھەر قۇرۇلمىسى ھەققىدە بىر قىسىم خاتىرىلەر قالدۇرۇلىدۇ. ئەمما كۆپ قىسىم

2005・1

تارىخىي ماتېرىياللاردا بۇ ھەقتىكى بوشلۇقلار ناھايىتى چوڭ بولۇپ، تارىخشۇناسلار ئارخېئولوگلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ۋە تەكشۈرۈپ دەلىللىشى ئارقىسىدىلا تارىخىي ماتېرىياللاردىكى بۇ بوشلۇقلار ئۈستىدە تولۇقلىما ئېلىپ بارالايدۇ. ئالايلى، قەدىمكى تۇرپان يارغول قەدىمكى شەھىرى توغرىسىدا جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ تارىخىي ماتېرىيال، ھۆججەتلىرىدە ناھايىتى ئاز، پارچە - پۇرات ماتېرىياللار، خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. تارىخشۇناسلار شۇ ماتېرىيال، خاتىرىلەر ئارقىلىقلا يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئورنى، تەخمىنىي دائىرىسى، قىسقىچە شەھەر قۇرۇلۇشى ھەققىدىكى بىلىملەرگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، بۇ شەھەر ھەققىدە مۇكەممەل تونۇشقا، قىسقىسى شەھەرنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى، شەھەر قۇرۇلۇش كۆلىمى، ئولتۇراق رايونلىرى، ئەكس ئەتكەن مەدەنىيەت تىندۇرمىلىرى، بىناكارلىق ئۇسلۇبى، شەھەر قۇرۇلۇش ھەققىدىكى ئىختىراسى، شەھەر قۇرۇلۇشى تەرەققىياتى ھەققىدە ھېچقانچە چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس ئىدى.

1993 ـ يىلى باشلانغان دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى بىلەن ب د ت مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى ئىمزا قويغان، ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي ياردەم بەرگەن يارغول قەدىمكى شەھىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ـ رېمونت قىلىش تۈرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى يىللاردىن بۇيان تارىخشۇناسلارنىڭ بېشىنى قاتۇرىۋاتقان بۇ مەسىلىگە ئەتراپلىق جاۋاب تاپتى. مۇتەخەسسىسلەر ئەتراپلىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئادەتتىكى شەھەرلەرنىڭ قۇرۇلۇشى قائىدىسى بويىچە خىش، كاھىشلار بىلەن بىرمۇبىر قوپۇرۇلۇپ چىقىلغان بولماستىن، بەلكى يەرنى قېزىش ئۇسۇلى بىلەن بىنا قىلىنغانلىقىنى، بىناكارلىق كۆلىمىنىڭ 220 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىدىغانلىقى، جەنۇبىي قوۋۇقتىن كىرگەن يولنىڭ كەڭلىكى 11 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 340 مېتىر كېلىدىغان مەركىزىي كوچا ئىكەنلىكىنى، 1600 يىللىق ئىشلىتىش، بىنا قىلىنىش ئارقىلىق قەلئەدىن شەھەرگە تەرەققىي قىلغانلىقىنى، شەھەرنىڭ شەرقىي ئاھالىلەر رايونى، غەربىي نامراتلار رايونى، بازار، قول ھۈنەرۋەنچىلىك كارخانىلىرى ئورنى، جەنۇبىنىڭ چوڭ ـ چوڭ بيۇگراتلار رايونى قورۇلىرى، شىمالىنىڭ ئىبادەتخانا، قەبرىستانلىق رايونى بولغانلىقىنى تەكشۈرۈپ دەلىللەپ چىقتى⑬.

### ئىزاھاتلار :


① «لوكيانوس» («سىخەي») بىر توملۇق. شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى، 725 ـ بەتكە ۋە جاۋ جىخۇيىنىڭ «تارىخشۇناسلىق ھەققىدە ئومۇمىي بايان» (خەنزۇچە نەشرى) ناملىق كىتابىنىڭ 1 ـ بېتىگە قاراڭ.

② خۇ شياۋخۇي «قىياتاش رەسىملىرى ۋە جىنسىي سېھىرگەرلىك» خەنزۇچە نەشرى 22 ـ بەت.

③ بارتولد «تۈركىستاننىڭ قىسقىچە تارىخى»، خەنزۇچە نەشرى، 57 ـ بەت.

④ قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى «يەر ناملىرى ئىلمى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 53 ـ بەت.

⑤ «ئىلى مەنزىرىسى»، خەنزۇچە نەشرى، 85 ـ بەت.

⑥⑦ ئابدۇقېيۇم خوجا «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى، 257 ـ، 259 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

⑧ ئابدۇقېيۇم خوجىنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 45 ـ بەتكە قاراڭ.

⑨ تيەن ۋېيجاڭنىڭ «شىنجاڭ تارىخىنى توغرا شەرھىلەيلى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 5 ـ بەت.

⑩ چېن چاۋنىڭ «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخىنى توغرا شەرھىلەيلى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 4 ـ بەت.

⑪ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1992 ـ يىلى 10 ـ ئاي، مەمتىمىن تۇرسۇن، ۋۇ فۇخۇەنلەر تۈزگەن «شىنجاڭ تارىخىدىكى بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا سوئال ـ جاۋابلار»، 17 ـ بەت.

⑫ مۇ شۈيىنىڭ «سىرلىق روران قەدىمكى شەھىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 27 ـ بەتكە قاراڭ.

⑬ «شىنجاڭ گېزىتى» 2000 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكى سانى (ئۇيغۇرچە).


(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا)

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم

# توقسۇندىكى قىياتاش رەسىملىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش

شازادە ئەرشىدىن

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىر مىللەتنىڭ تارىخىنى تىل ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. مەلۇم بىر خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئارقىلىق، مەلۇم بىر مىللەتنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان تەرەققىيات ئەھۋالىنى چۈشەنگىلى ۋە بىلگىلى بولىدۇ. ھەر بىر ئىنسانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆز نەسەبىنى بىلىش، مىللىتىنىڭ، ۋەتىنىنىڭ تارىخىنى بىلىش، شۇنداقلا دۇنيانىڭ ئومۇمىي تارىخىنى بىلىش بەكمۇ مۇھىم. مەلۇم بىر ئالىم «ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى بىلمەسلىك قاراڭغۇ گۆردە ياشىغان بىلەن باراۋەر» دېگەن ئىكەن. تارىخنىڭ تەرەققىي قىلىشى، كىشىلەرنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، ھۆكۈمىتىمىزنىڭ تارىخ تەتقىقاتىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى نەتىجىسىدە ھازىر كىشىلەردە ئۆزىنىڭ تارىخىغا، ئۆزىنىڭ ئەجدادىغا بولغان قىزىقىش كۈنسېرى يۇقىرىلاپ، تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تارىخ تەتقىقاتىمۇ بارغانسېرى چوڭقۇرلاشماقتا ھەم ناھايىتى ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشمەكتە.

توقسۇن ناھىيىسىدىكى «پەنجىرتاغ»، «توغراقبۇلاق» قىياتاش رەسىملىرى ئەنە شۇ ئىزدىنىشلەر جەريانىدا تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ بىرى.

پەنجىرتاغ قىياتاش رەسىملىرى 1988-يىلى 3-ئايدا توقسۇن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن تەپسىلىي تەكشۈرۈلگەن. توقسۇن ناھىيىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرى 1989-يىلى 10-ئايغىچە بىر قانچە قېتىم كېلىپ مەخسۇس ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، مۇشۇ زېمىندا ياشاپ ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى زاماندا قىيالارغا ئويۇپ قالدۇرغان رەسىملەر تۈركۈمىنى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇ رەسىملەرنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەدەنىيەت-سەنئەت ئەسەرلىرى ئىكەنلىكى ئېنىق. شۇنداقلا بۇ دائىرىدىن تېپىلغان بىر قىسىم قەبرىلەر ئەنە شۇ قەدىمكى ئەجدادلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا 50 كىلومېتىر كېلىدىغان كۆجەينىڭ شىمالىغا تەخمىنەن يەتتە كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە پەنجىرتاغ دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بىر ھەيۋەتلىك تاغ بار. بۇ نام ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى شىددەتلىك بوران-چاپقۇنلارنىڭ بىۋاسىتە تەسىرى بىلەن تاشلارنىڭ يۈزىدە ھاسىل بولغان ئاجايىپ-غارايىپ كاۋاكچىلار ۋە پەنجىرسىمان تۆشۈكچىلەرگە قاراپ قويۇلغان. شۇ جايدىكى قىيا تاشلارغا ھەر خىل تۈردىكى رەسىملەر چېكىلگەن، قىياتاش رەسىملىرى مۇشۇ جايدا بايقالغانلىقى ئۈچۈن، «پەنجىرتاغ» قىياتاش رەسىملىرى دەپ ئاتالغان.

«توغراقبۇلاق» توقسۇننىڭ ئىلانلىق يېزىسىغا قاراشلىق بۇرجاي كەنتىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كۆمۈر كېنىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان. بۇ يەردە قەدىمىي بىر بۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپى قەدىمىي ئورمان، توغراق قاتارلىقلار بىلەن قاپلانغانلىقى ئۈچۈن، بۇ جاي كىشىلەر ئارىسىدا «توغراقبۇلاق» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. «توغراقبۇلاق» قىياتاش رەسىملىرى مۇشۇ جايدا بايقالغانلىقى ئۈچۈن «توغراقبۇلاق» قىياتاش رەسىم-

2005.1

لىرى دەپ ئاتالغان.

**تۇقسۇن ناھىيىسىدىكى قىياتاش رەسىملىرىنىڭ جايلىشىش ئالاھىدىلىكلىرى :** بىرىنچى، ئاساسەن ئىنسانلارقەدىمدىن تارتىپ ياشاپ كەلگەن ھەرقايسى تاغ - داللارنىڭ قىشلاق ۋە يايلاقلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئىككىنچى، رەسىملەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تاغۇ - تاشلاردىكى تەبىئىي تاش تام، بوران - چاپقۇننىڭ زەربىسىگە ئاز ئۇچرايدىغان دالدا جايدىكى نىسبەتەن يۈزى سىلىق، قارامتۇل قىزىل تاشلارنىڭ يۈزلىرىگە ئويۇلغان.

ئۈچىنچى، يۆنىلىشى شەرققە قارىغان ھەر خىل مەزمۇندىكى رەسىملەر مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. رەسىملەرنىڭ مۇنداق ئىپادىلىنىشى قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ئېتىقادىي دىنىي قاراشلىرى بىلەن، قۇياشنى تۆت زاتنىڭ بىرى بولغان ئوتنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە قويۇپ، ئۇنىڭغا باش ئۇرغانلىقى، يەنى قۇياش شەرقتىن چىققانلىقى ۋە پۈتكۈل ھاياتلىقتا شاپائەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئالاھىدە قەدىرلىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ئۇلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق جامائىتىنىڭ ئوتتۇرا دەۋرلىرىدىكى تۇرمۇش ئەھۋالىنى يورۇتۇپ بېرىشىنىڭ مۇھىم ئاساسىدۇر.

تۆتىنچى، قىياتاش رەسىملىرى يەككە - يېگانە بولماستىن، رەسىملەر جايلاشقان ئورۇنلارنىڭ ئەتراپىدىكى بىر نەچچە كىلومېتىر دائىرە ئىچىدە قىياتاش رەسىملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى تۇرالغۇ كەنتلەرنىڭ خارابە ئىزلىرى، قەدىمكى قەبرە ۋە باشقا ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار بىلەن بىرگە ئۇچرايدۇ.

**تۇقسۇن ناھىيىسىدىكى قىياتاش رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئىلمىي قىممىتى توغرىسىدا**

بىرىنچى، بۇ قىياتاش رەسىملىرى كۆچەي ۋە ئىلانلىق يېزىسىغا قاراشلىق بۇرجاي كەنتى تەۋەلىرىدە سىزىلغان بولۇپ، بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرىلا مۇشۇ زېمىندا ياشاپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىككىنچى، قىياتاش رەسىملىرىدە تەكشى يۈزلۈك تاشلارغا ياۋايى ھايۋانلارنىڭ خىللىرى، ئوۋچىلىق - چارۋىچىلىق تۇرمۇش ئوبرازلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بەزى ھايۋاناتلار كۆپ قاتلاملىق، مۇرەككەپ سىزىلغان بولۇپ، بۇلاردا قەدىمكى ئىنسان ئېستېتىكىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ سۈرەتلەردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ دىياردا ئوۋچىلىق تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرىۋاتقان ۋاقىتلاردىلا تۇرمۇشنى دەسلەپكى ئۇقۇم ۋە باشقا ئابستراكت ئوبرازلار بىلەن ئارىلاشما ئەكس ئەتتۈرۈشنى بىلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، بۇ رەسىملەردە ئاساسەن ئات مىنگەن، تۆگە يېتىلىگەن، ياۋايى ھايۋانلارغا قارىتىپ ئوقيا بىلەن ئوق ئېتىۋاتقان، تۆگىلەرگە يۈك ئارتىۋاتقان كۆرۈنۈشلەر بار بولۇپ، بۇ رەسىملەردىن ئۇلارنىڭ ئوقيا ئارقىلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن قوغدىنىشنى، تۆگە قاتارلىق ھايۋانلاردىن پايدىلىنىشنى بىلگەنلىكىنى، قىياتاش رەسىملىرىنى تېخىمۇ ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تۆتىنچى، بىر قىسىم قىياتاش رەسىملىرىدە مال - چارۋا پادىلىرى ۋە چارۋىچىلارنىڭ رەسىملىرى سىزىلغان بولۇپ، بۇ رەسىملەردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ رەسىملەرنى چارۋىچىلىق تۇرمۇشنى كەچۈرۈۋاتقان مەزگىلدە سىزىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

بەشىنچى، قىيالىقنىڭ تەكتىدىن ھېسابلىغاندا ئالتە مېتىر ئېگىزلىكتە (قىياتاشنىڭ ئۈستى تەكشى)، قەدىمكى زامان سۇ سىستېمىسىنىڭ ھالىتى ناھايىتى روشەن ۋە ئوبرازلىق ئويۇلغان بۇلاقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېقىنلىرى، سۇ يىغىلىپ ھاسىل بولغان كۆللەر، ئۇنىڭ ئايىقىدىكى تارماق ئېقىنلار ناھايىتى ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ ناھايىتى

قەدىمكى زامانلاردىلا يەر شەكلىنى ۋە سۇ ئېقىنلارنىڭ جايلىشىشىنى كۆزەتكەنلىكىنى، خەرىتە سىزىشنى، خەرىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى بىلگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز سۇ خەرىتىسىنى سىزغان ۋاقىتتا، تاشقا ئويۇلغان چوڭ-كىچىك ئېقىنلارنىڭ مەنبەسى بولغان بۇلاقلار، ئېقىنلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن قوشۇلغان جايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەبىئىي كۆللەرگە قويۇلۇپ كۆپەيگەندىن كېيىن، يەنىمۇ چوڭراق ئېقىنلارنى ھاسىل قىلغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلىگەن. قەدىمكى سەنئەتكار ئەجدادلىرىمىز مۇنداق كۆرۈنۈشلەرنى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، تاشنىڭ شىمالىدىكى ئېگىزرەك تەرەپتىن باشلاپ، تۆۋەنگە قارىتىپ ئېقىنلارنىڭ يۆنىلىشىنى توغرا ئىپادىلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئۇزۇن ئېقىنلار 3.5 مېتىر كېلىدۇ، ئېقىنلارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئويۇلغان چوڭقۇر سىزىقلار 7-8 سانتىمېتىر ھەتتا تومۇلىقى 15-20 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ سىزىقلارنى تاش بىلەن ئويۇپ سىزىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شۇ ۋاقىتلاردا ئەجدادلىرىمىز ئوتتىن پايدىلىنىشنى بىلگەن. ئۇلار ئوت كۆيۈپ مەلۇم نۇقتىغا يەتكەندە، ئوت كۆيۈۋاتقان جايدىن مېتال جىسىم، يەنى تۆمۈرنىڭ ئېرىپ مەلۇم شەكىلگە ئۆزگەرگەنلىكىگە دىققەت قىلغان ۋە ئۇنىڭدىن ئەڭ ئاددىي ئۇسۇللار ئارقىلىق پايدىلىنىشنى بىلگەن.

مۇتەخەسسىسلەر بۇ رەسىملەر ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ بەزى جايلىرىدىن تېپىلغان رەسىملەر بىلەن ئوخشاش بىر دەۋرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇ رەسىملەر بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ سۇنى مۇقەددەس ھېسابلايدىغان ئىپتىدائىي «زات» كۆز قاراشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، يەنى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ ئوتتۇرا دەۋرلىرىدىكى دىنىي ئېتىقادىنى، ئۇلارنىڭ سۇنى مۇقەددەس، ھايات ئاتا قىلغۇچى، بەخت ئاتا قىلغۇچى شەيئىلەرنىڭ بىرى قاتارىدا ھېسابلىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. بۇ خەرىتە بىزگە يەنە ھازىرقى زامان ئادەملىرى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىۋاتقان خەرىتىلەرنىڭ ئەڭ بالدۇرقى نۇسخىسى ئىكەنلىكىنى، بۇ خەرىتىنى ئەجدادلار بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك مىراس ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرىدۇ.

ئالتىنچى، بىر قىسىم قىياتاش سۈرەتلىرىدە، ھايۋان تۈركۈمى ئالاھىدە ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن، بۇنىڭدا بىر غۇلجىنىڭ يۈگۈمەچ مۈڭگۈزىنىڭ ئىچكى قىسمىغا يەنى بىر غۇلجىنىڭ رەسىمىنى ئويۇپ، ئاجايىپ بىر خىل ئوبرازلاشتۇرۇلغان، بۇ ئەجدادلارنىڭ ئەينى چاغدىكى تۇتېمى، ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد پائالىيەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، بۇ ئەھۋال بىزگە، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى قەدىمكى مىللەتلەر «كالا»، «بۈركۈت»، «ئەجدىھا»، «ئېيىق» قاتارلىق ھايۋانلارنى تۇتېم قىلغان ۋاقىتلاردا، ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىگە غۇلجا (مازار — قەبرىگاھلارنى شۇ خىل ھايۋانات مۈڭگۈزلىرىنى بېكىتىپ قويۇش ئادەتلىرى تېخى يېقىنقى دەۋرلەرگىچە داۋام قىلىپ كەلگەن)، بۆرى، يولۋاس، شىر، قاپلان، بۇغا، بۈركۈت، لاچىن قاتارلىقلارنى تۇتېم قىلغانلىقىنى ۋە شۇ خىل تۇتېم ئېتىقادلىرى ئارقىلىق ئۇرۇقداشلىق ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملەشكە تىرىشقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

يەتتىنچى، پەنجىرتاغ قىياتاش رەسىملىرىنىڭ 90%تىن كۆپرەكىنى چۆپخور ۋە گۆشخور ھايۋانلار رەسىملىرى ئىگىلەيدۇ. بۇ رەسىملەر ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دائىرىسى ئىچىدە نەسلى قۇرۇغان يولۋاس، يىلپىز، خالتىلىق بۆرى، غاز بويۇنلۇق بۆكەن قاتارلىقلارنىڭ ئۆز زامانىسىدا تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇشۇ كەڭ

2005.1

زېمىندا ياشىغانلىقىنى، شۇ ۋاقىتلاردىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇ هايۋانلارنىڭ بۇ جايدا ياشىشىغا ماس كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

سەككىزىنچى، ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولغان هايۋاناتلارنىڭ جىسمانىي خۇسۇسىيەتلىرى، ياشاش ئادەتلىرىنى ئوبدان بىلگەنلىكى ئۈچۈن، قىيا تاش رەسىملىرىدە ئۇلارنى قىياپەت، مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن ئىپادىلەش بىلەنلا قالماي، يەنە مەقسەتلىك هالدا مەلۇم هايۋاننىڭ جىسمانىي خۇسۇسىيەتلىرىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىپادىلەپ، كىشىلەرگە ئىستېتىك زوق بېغىشلاشنى كۆزلىگەن؛ ئالايلۇق، ئۇلارنىڭ خۇي ـ پەيلى، سەكرەپ ئويناقلاۋاتقان، قېچىۋاتقان، هۈركىگەن هالەتلىرى، شاش، شوخ هۇشيارلىقلىرى بىلەن بەدەن قۇرۇلۇشلىرى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن بۇغا رەسىملىرىدە ئۇلارنىڭ بېشىنى تىك تۇتۇپ يىراقلارغا نەزەر سېلىشى، باراقسان مۆڭگۈزلىرى، زىلۋا ـ نازۇك پۇت ـ بەللىرى ئالاھىدە ئىپادىلەنگەن. گۆشخور هايۋانلارنىڭ بولسا جىسمانىي خۇسۇسىيەتلىرى ئالاھىدە ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئوۋ نىشانلىرىمۇ بىللە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. هايۋانلارنىڭ قىياپەت ۋە خۇسۇسىيىتى تەسۋىرلەنگەن مۇنداق رەسىملەر «پەنجىرتاغ» ۋە «توغراقبۇلاق» دائىرىسىدىكى قەدىمكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى چۈشىنىشىمىزنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي، يەنە بۇ يەردە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي قەدىمكى مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنلىكىنى، بۇ ئارقىلىق تەبىئەت بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە ئۆزلىرى بىلەن هايۋانات دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

توققۇزىنچى، بەزى قىياتاش رەسىملىرىدە پىيادە، ئاتلىق تۆگە يېتىلىگەن، ئوۋ ئوۋلاۋاتقان، بېشىغا تۇماق كىيىپ، ئوقيا بىلەن ئوۋ ئوۋلاۋاتقان كۆرۈنۈشلەر بار. بۇ خىل رەسىملەر «پەنجىرتاغ» ۋە «توغراقبۇلاق» قىياتاش رەسىملىرى ئىچىدە خېلى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، شۇ دەۋرلەردە ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىقتا ئىشلىتىدىغان قوراللىرى ئاددىي، ئۇنىڭ ئۈستىگە زەربە بېرىش ئۈنۈمى ئانچە يۇقىرى بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئوۋ غەنىمەتلىرىگە ئېرىشىمىكى ناهايىتى قىيىنغا چۈشەتتى. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىگە كېرەكلىك ئوزۇقلۇقلارغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، هەر زامان هەر خىل تەۋەككۈلچىلىكلەرنى قىلىشقا توغرا كېلەتتى، دائىم دېگۈدەك ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرگە ئۇچراپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇلار سىپتە تاش قوراللاردىن ئۈچلۈق نەيزە، تاش توقماق ۋە هەر خىل شەكىلدىكى قوراللارنى ياساپ ئىشلەتكەن. كېيىنچە ئىگىلىشچان چىدامىلىق ياغاچلاردىن ياي ئىگىپ، ئۇنىڭغا هايۋانلارنىڭ سىڭىر ـ پەيلىرىدىن كىرىچ ياساپ باغلاپ، دەسلەپكى ئوقيانى ياسىغان. ئۇلارنىڭ ئەنە شۇنداق ياۋايىلىق دەۋرلەردە قورال ـ سايمان ئىجاد قىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىدىن تەبىئەت دۇنياسىنى بويسۇندۇرۇشقا ئىرادە تىكلەپ قەدەم باسقانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئونىنچى، قىياتاش رەسىملىرىدە بېشىغا سالۋا تۇماق، پۇتىغا پاشنىلىق ئۆتۈك كەيگەن ئوۋچى قىياپىتى ئىپادىلەنگەن، بۇ هال قەدىمكى زاماندا ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئەجدادلارنىڭ هايۋانات گۆشلىرىنى ئوزۇق قىلىشتىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ تېرە، يۇڭ ۋە مۆڭگۈزلىرىدىنمۇ ناهايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلىقىنى، هەتتا بەزى هايۋاناتلارنىڭ تېرىسىدىن كىيىم تىكىپ كىيىشنى بىلگەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار**: ① توقسۇن تارىخ ماتېرىياللىرى، ② تۇرپان تارىخ ماتېرىياللىرى.

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# خوتەن رايونىدىكى قىياتاش رەسىملىرى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش

مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق

«... شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، شۇنچە كۆڭۈل قويۇپ تاللانغان قىياتاشلارغا شۇنچە قىيىن ھەم مۇشكۈللۈكتە چېكىپ ئىشلەنگەن بۇ قىيا رەسىملىرى ئېينى زاماننىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئاكتۇئال ۋە مۇقەددەس مەسىلىلىرىنى چۆرىدىگەن. ئۇ بىزدىن ئادىيلا كۆز تاشلاپ قويۇشنى ئەمەس، بەلكى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىزدىنىشنى، تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ».

——ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىگە ئائىت ئېنىق يازما ماتېرىياللار بولمىسىمۇ، يىللاردىن بۇيان دىيارىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بايقىلىۋاتقان ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىگە تەئەللۇق كۆپلىگەن قىياتاش رەسىملىرى بىزنى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى تۇرمۇشىغا ئائىت بىر قىسىم قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىدى. ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالتاي، تەڭرىتاغ ئەتراپلىرى ۋە قاراقۇرۇم تېغى باغرىلىرىدىن كۆپلىگەن قىياتاش رەسىملىرى بايقالغان بولۇپ، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان بۇ زېمىندا ئەجدادلىرىمىزنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە.

بۇ يەردە پەقەت خوتەن رايونىدا بايقالغان قىياتاش رەسىملىرى ۋە بۇ رەسىملەر ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشىغا ئائىت ئۇچۇر - مەلۇماتلار ھەققىدە توختىلىمىز.

خوتەن رايونىدىكى قىياتاش رەسىملىرى بۇ رايوننىڭ جەنۇبىدىكى قاراقۇرۇم تېغى باغرىلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، ھازىرغىچە تۆت ئورۇندا بايقالدى. بۇلار: ( 1 ) گۇما ناھىيىسىنىڭ سانجۇ يېزىسى تەۋەسىدىكى ئۆلاچى جىلغىسىدىكى سانجۇ قىياتاش رەسىملىرى؛ ( 2 ) قوشتاغ يېزىسىنىڭ كىيىكتۈز جىلغىسىدىكى كىيىكتۈز قىياتاش رەسىملىرى؛ ( 3 ) نەۋئاباد تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ كېڭەز جىلغىسىدىكى كېڭەز قىياتاش رەسىملىرى؛ ( 4 ) نەۋئاباد تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئارىش ئۆڭكۈرى قىياتاش رەسىملىرىدىن ئىبارەت.

1 ) سانجۇ قىياتاش رەسىملىرى: گۇما ناھىيە سانجۇ يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 26 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى سانجۇ دەرياسى بويىدىكى ئۆلاچى جىلغىسىغا جايلاشقان. رەسىملەر دەريانىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى تىك ئېگىز تاش يۈزىگە ئويۇلغان. رەسىم دائىرىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.5 مېتىر، كەڭلىكى 1.5 مېتىر كېلىدۇ. بۇ رەسىملەردە قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ ئوۋچىلىق كۆرۈنۈشلىرى—ئوقيا، نەيزە، سالما تۇتقان كىشىلەرنىڭ ئارقار، كىيىك، جەرەن قاتارلىق ھايۋانلارنى قوغلاۋاتقان، سالما تاشلاۋاتقان ھالەتلىرى، ئاتلىق ھەم پىيادە ئادەملەرنىڭ مال - چارۋا بېقىۋاتقان، ئىت يېتىلەپ يۈرۈپ، مال - چارۋىلارنى يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن مۇداپىئە قىلىۋاتقانلىقىغا ئوخشاش چار-

2005.1

ۋىچىلىق تۇرمۇشىغا ئائىت كۆرۈنۈشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، رەسىملەرگە خېلى يۇقىرى سەنئەت ماھارىتى سىڭدۈرۈلگەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ ① بۇ رەسىملەردىن يەنە بىر قىسىملىرىدا سىرىك، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان، سەكرەپ موللاق ئېتىپ كۆڭۈل ئېچىۋاتقان قىزىقارلىق ئويۇن- تاماشا، كۆڭۈل ئېچىش كۆرۈنۈشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، قەدىمكى زاماندىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆزگىچە كۆڭۈل ئېچىش ئادەتلىرىنى نامايان قىلىدۇ.

2) كىيىكتۇز قىياتاش رەسىملىرى — قوشتاغ يېزىسىنىڭ كىيىكتۇز جىلغىسىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن قوشتاغ يېزىسىغا 37 كىلومېتىر، بۇ يېزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى كىيىكتۇز جىلغىسىغا 11.2 كىلومېتىر ماڭغاندا يېتىپ بارغىلى بولىدىغان جىلغا بويىدىكى چوڭ ھەم پارقىراق ئىككى قىياتاشقا چېكىلگەن. بۇ تاشتىكى رەسىم دائىرىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 34 مېتىر، كەڭلىكى بىر مېتىردىن ئاشىدۇ. يەنە بىر تاشتىكى رەسىمنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىر، كەڭلىكى بىر مېتىردىن ئاشىدۇ. بۇ ئىككى قىياتاشنىڭ ئارىلىقى 4 ـ 5 مېتىر كېلىدۇ. بۇ رەسىملەردە ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ۋە ئادەملەرنىڭ سۈرەتلىرى، ئەڭ قەدىمكى بەلگە، تامغا قاتارلىقلار كۆزگە چېلىقىدۇ ②. بۇلار ئوۋچىلىققا ئائىت رەسىملەر تىپىغا ياتىدۇ.

3) كېڭەز قىياتاش رەسىملىرى — گوما ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 60 كىلومېتىر كېلىدىغان نەۋئاباد تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ كېڭەز جىلغىسىدا بولۇپ ③، بۇ رەسىملەردە ئادەملەرنىڭ مال بېقىۋاتقان، ئوقيا- نەيزىلەر بىلەن ئوۋ ئوۋلاۋاتقان، ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان كۆرۈنۈشلەر، قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ ئولتۇراق تۇرمۇشىدىن بېشارەت بېرىدىغان شادلىق قوتانلار، قورۇق تاملار، ئىشىكلەر بىر- بىرىگە ياندىشتۇرۇپ چېكىلگەن ④. كېڭەز قىياتاش رەسىملىرىدىكى بۇ ئالاھىدىلىكلەر سانجۇ، كىيىكتۇز قىياتاش رەسىملىرىدە ئۇچرىمايدۇ.

4) ئارىش ئۆڭكۈرى قىياتاش رەسىملىرى — نەۋئاباد تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى جىلغا بويىغا جايلاشقان «ئارىش ئۆڭكۈرى» نىڭ تاملىرىغا سىزىلغان. يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان سانجۇ، كىيىكتۇز، كېڭەز قىياتاش رەسىملىرى قاتتىق ئەسۋابلار بىلەن قىياتاشلارنى چىجاش، ئويۇش ئارقىلىق سىزىلغان بولۇپ، بۇ خىل ئۇسۇلدا سىزىلغان قىياتاش رەسىملىرى قىياتاش سەنئىتى تەتقىقات ساھەسىدە «قىياتاش ئويما رەسىملىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئارىش ئۆڭكۈرىگە سىزىلغان قىياتاش رەسىملىرى بولسا، چىجاش، ئويۇش ئۇسۇلى بىلەن ئەمەس، سۇس قىزىل، ساغۇچ، ئاق، قارا رەڭلىك تەبىئىي مىنېراللار بىلەن سىزىلغان رەڭلىك سۈركەلمە رەسىملەردۇر ⑤.

خوتەن رايونىدا يۈزەكى تەكشۈرۈشلەر جەريانىدا بايقالغان قىياتاش رەسىملىرى يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلار توغرىلىق تېخى بىر قەدەر تەپسىلىيرەك ئارخېئولوگىيىلىك يەكۈننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىزدىنىش- تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلمىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ كونكرېت يىل دەۋرىمۇ ئېنىقسىز ھالەتتە تۇرماقتا. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بۇ قىياتاش رەسىملىرىنىڭ تەسۋىرىي ئالاھىدىلىكلىرىدىكى ئوبرازلىق مەزمۇنلار بىزنى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي تۇرمۇشىغا ئائىت مول ئۇچۇر- مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. قىياتاش رەسىملىرىدە تەسۋىرلەنگەن يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن قارىغاندا ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە خوتەن رايونىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ئاساسەن

2005.1

بۇ رايوننىڭ جەنۇبىدىكى تاغ جىلغىلىرىدا ياكى تاغقا يېقىن جايلاردىكى ئېقىن بويلىرىدا نىسبەتەن مۇقىم ئولتۇراق ھالەتتە ئوۋچىلىق، كېيىنرەك چارۋىچىلىققا ئوخشاش ئىپتىدائىي تىرىكچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى كونكرېتراق تەرەپلەردىن تۆۋەندىكىدەك ئۇچۇرلارغا ئېرىشىش مۇمكىن:

1. قەدىمكى خوتەنلىكلەردە گەرچە ئۆز تۇرمۇشىنى قامداش ئېھتىياجى تۈپەيلى شەكىللەنگەن بولسىمۇ، ئىپتىدائىي جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا مەلۇم مەدەنىيەتتىن بىشارەت بېرىدىغان بىر قاتار ئوۋچىلىق قوراللىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى (ھايۋانلارغا قوغلاپ تۇتۇشنىڭ ئورنىغا ئوقيا، نەيزە، سالما ئىشلىتىپ تۇتۇشى) ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ مەلۇم سەۋىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

2. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇسسۇل، سىرىك ئويناش، موللاق ئېتىشقا ئوخشاش ئۆزگىچە كۆڭۈل ئېچىش ئادەتلىرى بولغان. مۇھىمى ئۇلاردا خېلى بۇرۇنلا ئۇسسۇل سەنئىتى بارلىققا كەلگەن.

3. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئۇچرىتىلغان قىياتاش رەسىملىرىدە تېخى مەلۇم بولمىغان ئولتۇراق تۇرمۇشتىن بىشارەت بەرگۈچى رەسىملەر (-مەسىلەن، شادىلىق قورۇق تام، ئىشىك رەسىملىرى) نىڭ بۇ رايوندا تېپىلىشى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ خېلى بۇرۇنلا مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇش ھالىتىگە ئۆتكەنلىكىدىن، ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيىدىن ئىبارەت مۇقىم ماكان قۇرۇپ ئولتۇراقلاشقانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە خوتەن رايونىدا قىياتاش رەسىملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى قەدىمكى ئىپتىدائىي تەپەككۇرى، ساددا ئىستېتىك تۇيغۇلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەقىل - پاراسەت بىلەن سەنئەتلىك ئىپادىلىنىشىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ قەدىمكى خوتەن ئاھالىلىرىنىڭ يېزىق مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرىكى تۇرمۇش ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا مۇھىم ئۇچۇرلۇق رول ئوينايدۇ.

---

**ئىزاھاتلار :**

① «شىنجاڭ ياشلىرى» 1996 ـ يىلى 6 ـ سان، 34 ـ بەت.

② ئا. خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 57 ـ بەت.

③ ت. ھۆسەيىن تۈزگەن «گۇما ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت تەزكىرىسى»، گۇما ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى، 1993 ـ يىلى 2 ـ ئايدا باستۇرغان، 75 ـ بەت.

④ لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى ئۇدۇن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 53 ـ، 54 ـ بەتلەر.

⑤ ئا. تۇرسۇن، ئې. سارتېكىن: «خوتەن ۋىلايىتىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار (2)» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 35 ـ بەت.

(ئاپتور: قاراقاش ناھىيە ياۋا يېزىلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم

# ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن تۇنجى رەخت پۇل — قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۆز پۇلى

ئادىل مۇھەممەت تۇران

يۇرتىمىز قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان. شۇنداقلا ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن سودا-سېتىقتا ماھىر بولغاچقا پۇلنىڭ تاۋار ئالماشتۇرۇشتىكى رولىنى بالدۇرلا تونۇپ يېتىپ، ھەر خىل مىتال، قەغەز ھەتتا رەختلەردىن پۇللارنى ياساپ ئىشلىتىپ ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشىگە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇيغۇرلار تارىختا ئىشلەتكەن پۇللار ئىچىدە ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مىستىن ياسالغان پۇللار ئاساسىي سالماقنى تەشكىل قىلغان. ئەمما تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، چىدامچانلىق ۋە ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىك ۋە ئۆز يېرىنىڭ ئەۋزەل شارائىتىدىن پايدىلىنىپ كەندىر پاختا رەختىنىمۇ پۇل ياساپ ئىشلەتكەن.

كەندىر ۋە كېۋەزنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ بوستانلىقلىرىدا تېرىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىشى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. جۇڭگونىڭ كلاسسىك يىلنامىلىرىدىن «لياڭ سۇلالىسى تارىخى. قوچو تەزكىرىسى»دە «قوچودا كېۋەز دېگەن بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇنىڭ غوزىكى پىلە غوزىكىگە ئوخشايدۇ، غوزەكتىن ئىنچىكە، يۇمشاق ۋە ئاق رەڭلىك يىپ تالالىرى چىقىدۇ. بۇ تالالاردىن يىپ ئېگىرىلىدۇ، بۇنى پاختا دەپمۇ ئاتايدۇ»① دەپ خاتىرىلەنگەن. «جەنۇبىي سۇلالىلەر تارىخى. قوچو تەزكىرىسى» دە: «قوچونىڭ پاختىسى ئەزەلدىن داڭلىق بولۇپ، كۆپىنچە رەخت توقۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. پاختىدىن توقۇلغان ماتا، سەگىز يۇمشاق ھەم چىداشلىق بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۇنى بازاردا تاۋار سۈپىتىدە ئالماشتۇراتتى»② دەپ يېزىلغان. بۇ خاتىرىلەر كېۋەزنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلاردا ئالاھىدە بىر خىل ئىقتىسادىي زىرائەت ئورنىدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. پاختا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەسەرلىرىدىن «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»دا «پامۇق» دەپ خاتىرىلەنگەن ۋە بۇ سۆزنىڭ مەنبەسىنى «ئوغۇزچە»③ دەپ شەرھلەنگەن. ئۇيغۇرلار بىلەن مەلۇم ئېتنىك مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە ماجارلار ھازىرمۇ پاختىنى «پامۇت»④ دەپ ئاتايدۇ. پاختىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»دا تىلغا ئېلىنىشى ۋە بۇ سۆزنىڭ ماجار تىلىدىمۇ بولۇشى 9-10-ئەسىرلەردە كېۋەز تېرىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئىككى دەريا ئارىلىقى، كاسپى دېڭىزى ۋە قارا دېڭىز بويلىرىغىچە كېڭەيگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئەڭ مۇھىم سەۋەب قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا كاندىر ئارىلاش پاختا رەختتىن پۇل ياساپ ئىشلىتىلىشى تاۋار ئوبوروتى نەتىجىسىدە پاختا ئۇقۇمىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردە ماجار تىلىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشىنىمۇ چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ مەزگىللەردە ئوغۇزلار بىلەن ماجارلار قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتتە ياشايتتى.

قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ پاختا بىلەن كەندىردىن توقۇلغان بۆز رەختتىن پۇل ياساپ ئۇنى تاۋار ئوبوروتىدا ئىشلەتكەنلىك مەسىلىسىگە

كەلسەك «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دا بۇ توغرىدا مۇنداق خاتىرە بار: «قامدۇ ـ بويى تۆت گەز، ئېنى بىر غېرىچ كېلىدىغان بىر پارچە بۆز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر خانىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولۇپ، سودا ـ سېتىقتا پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ بۆز كونىرىسا ھەر يەتتە يىلدا بىر قېتىم يۇيۇپ، ئۈستىگە باشقىدىن تامغا بېسىلىدۇ»⑤. بۇ بىر ئابزاس خاتىرىدىن بۇ پۇلنى نېمە ئۈچۈن قوچو ئۇيغۇرلىرىغا مەنسۇپ دەيمىز دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. بۇ خاتىرىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئاچقۇچلۇق سۆز «ئۇيغۇر خانىنىڭ تامغىسى» بولۇپ، بىز بۇ سۆزنى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دا ئۇيغۇرلار توغرىسىدا يېزىپ قالدۇرغان بايانلىرى بىلەن باغلاپ سېلىشتۇرساقلا بۇلاردىن قانائەتلەنگىدەك جاۋابقا ئېرىشەلەيمىز.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، قاراخانىلار خانلىقى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەندىن كېيىن، پۈتكۈل خانلىق ئىسلام ئىدىئولوگىيىسىنىڭ تەسىرىگە كۈچلۈك ئۇچرىغانىدى. مەھمۇد كاشغەرىمۇ بۇ خىل ھالەتتىن مۇستەسنا بولالمىغان. خۇددى مۇئەللىپ ئۆزى ئېيتقاندەك، بۇ ئەسەرنى «تۈركىي تىلىنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىش»⑥ ئۈچۈن يازغان ھەم ئەينى دەۋردە قاراخانىلار خانلىقى جۈملىدىن تۈركىي قەۋملەرنىڭ ئەرەب دۇنياسىغا بولغان تەسىرىنىڭمۇ كۈچلۈك بولغانلىقى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭمۇ قاراخانىلار خانلىقىنىڭ خان جەمەتىگە مەنسۇپ بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئۆز ئەسىرىدە تۈركلەرنى ئالاھىدە ئورۇنغا قويۇپ تەسۋىرلىگەن. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دا تىلغا ئېلىنغان «تۈرك» كەڭ ۋە تار مەنىدە قوللىنىلغان بولۇپ، شۇبھىسىزكى، كۆپ ھاللاردا بۇ سۆز ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى خاقانىيە ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ قالغان. يەنى «دىۋان» دا ئىسلام ئېتىقادىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بۇددىست ئۇيغۇرلار پەرقلىق مۇئامىلە قىلىنىپ، ئىسلام ئېتىقادىدىكى ئۇيغۇرلارنى «تۈرك»، بۇددىست ئۇيغۇرلارنى بولسا ئۇيغۇر دەپ يازغان. بۇ سۆزىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دىكى تۆۋەندىكى بايانلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان»نىڭ باش قىسمىدىلا «مەن تەڭرىنىڭ دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەر بۇرجىدا تۇغدۇرغانلىقىنى ۋە پەلەكنىمۇ شۇلارنىڭ زېمىنى ئۈستىدە چۆگىلەتكەنلىكىنى كۆردۈم. تەڭرى ئۇلارنى تۈرك دەپ ئاتىدى ۋە سەلتەنەتكە ئىگە قىلدى؛ دەۋرىمىزنىڭ خاقانلىرىنى تۈركلەردىن قىلىپ، زامان ئەھلىنىڭ ئىختىيار تىزگىنىنى شۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئۇلارنى ئىنسانلارغا باش قىلدى، ھەق ئىشلاردا ئۇلارنى قوللىدى، ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ كۆرەشكەنلەرنى ئېزىز قىلدى ۋە تۈركلەر تۈپەيلىدىن ئۇلارنى ھەممە تىلەكلىرىگە ئېرىشتۈرۈپ، يامانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىدى؛ تۈركلەرنىڭ ئوقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يولىنى تۇتۇش ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىگە لايىق ۋە مۇناسىپ ئىش بولۇپ قالدى. ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈركلەرگە يېقىش ئۈچۈن، ئۇلارغا تۈرك تىلىدا سۆزلىشىشتىن ياخشىراق يول يوق... مەن شۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆز مەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىقلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن ـ ئاياق كېزىپ چىقتىم...».

مەھمۇد كاشغەرى يەنە قەبىلىلەرنىڭ تىل پەرقى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

«ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ تۈركچە، لېكىن
ئۆزئارا سۆزلىشىدىغان يەنە بىر خىل شىۋ-
ىسىمۇ بار. ئۇيغۇرلار كىتابىنىڭ باش قىسمىدا
كۆرسىتىلگەن 24 ھەرپتىن ئىبارەت تۈرك يې-
زىقىنى قوللىنىدۇ، كىتاب ۋە خەت - چەك-
لەرنى شۇ يېزىق بىلەن يازىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ
چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل
يېزىقىمۇ بار. رەسمىي خەت - چەك ۋە ھۆج-
جەتلەرنى شۇ يېزىقتا يازىدۇ. بۇ يېزىقنى مۇ-
سۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىق-
لاردىن باشقىلار ئوقۇيالمايدۇ... تىللارنىڭ
يېنىكى ئوغۇز تىلى، توغرىسى توخسى ۋە ياغما
تىللىرى، شۇنىڭدەك ئىلى، ئېرتىش، يامار،
ئىدىل ۋادىلىرىدىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىگىچە
بولغان جايلاردا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ تىللى-
رىدۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ پاساھەتلىك تىل
خاقانىيىنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىدىكى خەلق-
نىڭ تىلى ھېسابلىنىدۇ» ⑦. مەھمۇد قەش-
قىرى بۇ يەردە تىلغا ئالغان 24 ھەرپتىن تەر-
كىب تاپقان «تۈرك يېزىقى» دەل قەدىمكى
ئۇيغۇر يېزىقىدۇر. مەھمۇد كاشغەرى يەنە ئەڭ
ھەل قىلغۇچ ئورۇندا «مۇسۇلمان بولمىغان
ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن بولۇپ،
بۇلار قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ۋە ئۇنىڭ سىرتى-
دىكى رايونلاردا ياشاۋاتقان بۇددىست ئۇيغۇرلارنى
، «مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار» شۈبھىسىزكى «خا-
قانىيە تۈركلىرى» دەپ ئاتالغان قاراخانىلار
خانلىقى تېررىتورىيىسىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر-
لارنى كۆرسەتكەن. شۇڭا كېسىپ ئېيتىشقا
بولىدۇكى، بۆز پۇلنىڭ ئۈستىگە بېسىلغان
«ئۇيغۇر خانىنىڭ تامغىسى» دەل قوچو ئۇيغۇر
خانىنىڭ تامغىسىدۇر. «شىنجاڭ پۇللىرى»
ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىللىق 2 - سانىدا
«شىنجاڭنىڭ رەخت پۇللىرىنىڭ تۈرى كۆپ»
دېگەن تېمىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىدا:
«شىنجاڭنىڭ رەخت پۇلى، گۇاڭشۈنىڭ 15 -
يىلى (1889 - يىلى) ئىلى مەھكىمىسى رەخت
پۇل تارقاتقاندىن تارتىپ، مىنگونىڭ 23 - يى-
لى (1934 - يىلى) جەنۇبىي شىنجاڭ چېگرا
مۇداپىئە قوماندانلىق شتابى ھەربىيلەر ئىش-
لىتىدىغان بىر سەرلىك رەخت پۇل تارقاتقانغا
قەدەر بولغان 45 يىل ئىچىدە شىنجاڭدىكى
ھەرقايسى پۇل ئىدارىلىرى، ئامبال مەھكىمە-
لىرى، قوماندانلىق شتاب، خۇسۇسىي سودا
ئورگانلىرى ئوخشىمىغان يىللاردا، قىممى-
تى ۋە ئىشلىتىلىش دائىرىسى ئوخشاش بول-
مىغان ئون نەچچە خىل پۇل تارقاتقان...» ⑧
دەپ يېزىپ يۈرتىمىزنىڭ رەختتىن پۇل ياساش
ۋە ئىشلىتىش تارىخىنى مىڭ يىلدىن كۆپرەك
ئارقىغا سۈرۈۋەتكەن. ئەمما يازما مەنبەلەر مى-
لادىيە 9 - ئەسىرلەردىلا قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ
كەندىر ئارىلاش پاختا رەختتىن بۆز پۇل ياساپ
ئۇنى ئوبوروت سۇپىتىدە ئىشلەتكەنلىكىنى
تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئىزاھاتلار:
① «لياڭ سۇلالىسى تارىخى. قوچو تەزكىرىسى» 2 - توم 811 - بەت.
② «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 127 - 128 - بەتلەر، 1989 - يىل.
③ مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 - توم 492 - بەت.
④ «ماجارچە - ئېنگلىزچە لۇغەت» 342 - بەت، 1993 - يىل بۇداپېشت نەشرى.
⑤ مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 - توم 546 - بەت.
⑥ مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 - توم 1 -، 2 -، 3 - بەتلەر.
⑦ مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 - توم 40 -، 41 - بەتلەر.
⑧ «شىنجاڭ پۇللىرى» 2001 - يىل 2 - سان خەنزۇچە 26 - بەت.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات نەشرىيات ئىدارىسىدا)

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم

# «تايپۇنەم» نامى توغرىسىدا ئىزدىنىش

قادىر غوپۇر

مەزكۇر ماقالىدە خەلقىمىز ئارىسىدا ئۇزۇندىن بۇيان قوللىنىپ كېلىۋاتقان «تايپۇنەم» سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي مەنبەلەردە ساقلانغان قەدىمكى نام ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈش بىلەن بىرگە «تەيپىڭ ـ تيەنگو» بىلەن ئارىلاش قوللىنىش ۋە شۇنداق دەپ چۈشىنىشنىڭ خاتالىقى بايان قىلىنىدۇ.

مەلۇمكى، ھەرقانداق مىللەتنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى بولغانغا ئوخشاش ئۇيغۇرلارمۇ ئۇزاق تارىختا ۋە مول بولغان مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئىگە قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى. بىراق ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى ئەجدادلىرى خاتىرىلىگەن تارىخىي ماتېرىياللىرى ئىچىدە ئۇزاق تارىختا، يىراق قەدىمكى زامانغا ئائىتلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس، پەقەت يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان «ئىدىقۇت قوچو خاقانلىرى تۆھپە مەڭگۈ تېشى»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستى مانا شۇلارنىڭ بىرى.

«ئىدىقۇت قوچو خاقانلىرى تۆھپە مەڭگۈ تېشى» بىر تارىخىي تەزكىرە بولۇپ، ئۇنىڭدا بارچۇق ئارت تېگىن ئىدىقۇتتىن تارتىپ، تايپىنوغىچە بولغان ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرىنىڭ شەجەرىسى خاتىرىلەنگەن ①

تۆۋەندە مانا مۇشۇ مەڭگۈ تاشتا خاتىرىلەنگەن «تايپونو» ھەققىدە توختىلىمەن.

ھەممىمىزگە ئايانكى، تىلىمىزدىكى «قەدىمكى زامان»، «يىراق ئۆتمۈش» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «تايپۇنەمنىڭ زامانىدا» دېگەن تۇراقلىق ئىبارىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئىزاھلىغاندا، بەزىلەر «تايپۇنەم زامانىسىدىكى (تايپۇنەم) جۇڭگو تارىخىدا 1851 ـ يىلى بولۇپ ئۆتكەن «تەيپىڭ ـ تيەنگو ۋەقەسىدىن كەلگەن» دېيىشى مۇمكىن. لېكىن بىز بۇ مەسىلىنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرىدىغان بولساق «تەيپىڭ ـ تيەنگو»نىڭ 1851 ـ يىلى خۇڭشيۇچۈەن، ياڭ شيۇچىڭلارنىڭ رەھبەرلىكىدە پارتلاپ، دەسلەپكى قەدەمدە غەلىبە قازىنىپ، 1853 ـ يىلى نەنجىڭنىڭ نامىنى «تيەنجىڭ» دەپ ئاتاپ پايتەخت قىلىپ، 1864 ـ يىلىغا كەلگەندە فېئودال كۈچ ۋە چەت ئەل جاھانگىرلىرىنىڭ بىرلىكتە باستۇرۇشى بىلەن پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغان جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ زور، تەسىر دائىرىسى ئەڭ كەڭ بولغان دېھقانلار ئىنقىلابى ② ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

ئەمدى «تەيپىڭ ـ تيەنگو» دېگەن بۇ سۆز خەنزۇ تىلىدىكى «تەيپىڭ» ۋە «تيەنگو» ("太平, 天国") دىن ئىبارەت ئىككى سۆزدىن (تۆت خەت ئىككى سۆز) بىرىكمىسىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، «تەيپىڭ» سۆزى تىنچ، ئاسايىش، خاتىرجەملىك، ئامانلىق» دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە. لېكىن ئۇ قانچىلىك كۆپ مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولسۇن «تيەنگو» (天国) سۆزى بىلەن بىر قاتار كەلمەي يالغۇز كەلگەندە ھەرگىزمۇ «تەيپىڭ ـ تيەنگو» (太平 天国، تەڭرى ئاتا قىلغان ئاسايىشلىق دۆلەت، ) دېگەن سۆز بىرىكمىسىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا «تەيپىڭ» سۆزىنىڭ تەرجىمىسى دېيىلگەن تەقدىردىمۇ «تايپۇنەم» سۆزىدىكى «نەم» قوشۇمچىسىنىڭ مەنبەسىنى ئېنىقلاش قىيىن ③. دېمەك، «تەيپىڭ ـ تيەنگو» دېگەن سۆز «تەيپۇنەم» نىڭ ئۆزى شۇ دېگەن پىكىر خاتا. ئۇنداقتا، «تايپۇنەم» كىم؟

«TayPu» تايپۇ ، نەم ④ سۆزى خەلقنىڭ

ئىغىزدىن – ئىغىزغا كۆچۈپ يىزگە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، «تايپۇنەم» توغرىسىدا تارىخنامىلەرگە پۈتۈلمىگەن. پۈتۈلگىنى بولسا گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۋۋېي ناھىيىسىدىن قېزىۋېلىنغان كەڭلىكى 173 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 47 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 182 سانتىمېتىر (بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمى پەقەت 40% ئىلا تەشكىل قىلىدىغان بولۇپ، بۇ تۆھپە مەڭگۈ تېشىنىڭ ئەسلى ئېگىزلىكى 396 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 182 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 47 سانتىمېتىر ئىدى)، بىر يۈزىگە ئۇيغۇرچە، بىر يۈزىگە خەنزۇچە خەتلەر ئويۇلغان، «داۋيۈەن يادنامىلىرى» (道园学古录) يۈەن دەۋرىدىكى ئەسەرلەر (元文类) دە «قوچو خاقانلىرى مەڭگۈ تېشى» (高昌王世勋碑, 高昌王世勋之碑) دەپ ئاتالغان، «ۋۋۋېي ناھىيىسىنىڭ تەزكىرىسى» دە بولسا (武威县志) «قوچو ئىدىقۇت خانى تۆھپە مەڭگۈ تېشى» (亦都护高昌王世勋碑) دېيىلگەن مەڭگۈ تاشتا خاتىرىلەنگەن «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قوچو ئىدىقۇتلىرىنىڭ نەسەبنامىسى» دىكى ئاخىرىقى پادىشاھ نامىدىن ئىبارەت. بۇ «مەڭگۈ تاش» نىڭ مەزمۇنى 1985 – يىلى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىدا تېپسىلىي بېرىلگەن. ماقالىمىزغا مۇناسىۋەتلىك قىسمىنىڭ تېكىستى ۋە تەرجىمىسى تۆۋەندىكىدەك:

41 – تېكىست

168) 14 ئاغىر بۇ يانلىغ كۆدەن تايىزىنىڭ ئاچىسى،

169) 15 . . . ىر (بەگى) . . . يارلىقادى

. . .

170) 16 . . . . . ىچتە.

171) 17 . . . تايپىنوتېگىن تۇردى. ⑤

**تەرجىمىسى:**

ھۆرمەتلىك، ئەخلاقلىق كۆدەن تەيزى (شاھزادە) نىڭ (چوڭ – كىچىك) ئاتىسى . . . بېگ. . يارلىق قىلدى.

. . . . . . . . . . .

. . . تايپىنو تېگىننى تۇغدى ⑥.

2005·1

**قوچو ئىدىقۇت خاقانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى**




قوچو ئىدىقۇت خاقانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى ⑦

مەڭگۈ تاش كۆپ ۋەيرانچىلىقتا ئۇچرىغان بولۇپ، ئۈستۈنكى يېرىمى يوقالغان. شۇنداق بولسىمۇ، بىز ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلار ئىچىدىن «تايپۇن» نىڭ نامىنى بىلەلەيمىز.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى تارىخ تەتقىقاتچىلىرى «قوچو ئىدىقۇت خاقانلىرى»غا ئائىت بەزى ماتېرىياللارنى تېپىپ چىقىپ، «تايپۇن» ھەققىدە مۇنداق مەلۇماتلارنى بەرگەن.

«سەڭگىنىڭ (تايپىنونىڭ ئاكىسى) سەلتەنەت ۋاقتى قىسقا، ۋېنزوڭنىڭ جىشۇن 2 ـ يىلى (مىلادىيە 1331 ـ يىلى) ئۇ خانلىق ئورنىنى ئىنىسى تايپىنو (太平奴) غا ئۆتۈنۈپ بەردى. كېيىنكى يىلى (1332 ـ يىلى) سەڭگى ۋاپات بولدى. تەيپىنو قوچو ئىدىقۇت خانلىقىغا رەسمىي خانلىققا تەيىنلەندى ⑧ دېيىلگەن. يەنە بەزى ماتېرىياللاردا «تايپان» (ئاسايىش تېگىن) نۇرىنتېگىننىڭ ئۇچىنچى ئوغلى، قۇبلايخاننىڭ ئەۋرە قىزى مەلىكە ئۇراجىنىدىن تۇغۇلغان بولۇپ، 1331 ـ يىلىدىن 1335 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان ⑨ دېيىلگەن. تايپىنو تەختكە چىققان ۋاقىتتا قوچو ئىدىقۇت خانلىقى شۇ چاغدىكى چاغاتاي خانلىق تەۋەسىدىكى نامى بار ئەمەلدە يوق كىچىك بەگلىك بولسىمۇ، خانلىقنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىي قىلىپ، مەلۇم دەرىجىگە يەتكەن.

دېمەك، بىز يۇقىرىقى تارىخىي مەلۇماتلار ۋە مەڭگۈ تاش تېكىستىدىكى مەزمۇنلاردىن «تايپون» نامىنىڭ قانداقكى «تەيپىڭ ـ تيەنگو»دىن كەلگەن بولماستىن بەلكى، قەدىمدە قوچو رايونىدا ياشىغان شۇنداقلا قوچو رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى، ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا تۆھپە قوشقان «خاقان» قوچو ئىدىقۇتلىرىنىڭ بىرى تايپۇ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز ھەم بىلەلەيمىز.

**پايدىلانمىلار:**

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1985 ـ يىللىق 1 ـ سان، 86 ـ بەت.

② «جوڭگو يېقىنقى زامان تارىخى»، «شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى»، 2002 ـ يىللىق نەشرى.

③ ئەمەت دەرۋىش، مۇنەۋۋەر ئابلىز، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا دائىم ئۇچرايدىغان ئاتالغۇلارغا ئىزاھات»، 1 ـ كىتاب، 32 ـ بەت، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1998 ـ يىل نەشرى.

④ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 398 ـ بەت.

⑤⑥ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1985 ـ يىللىق 1 ـ سان، 104 ـ، 114 ـ بەتلەر.

⑦ «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1993 ـ يىللىق نەشرى، 30 ـ بەت.

⑧ لىن گەن، گاۋ زىخۇ «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 385 ـ بەت.

⑨ نۇرۇللا مۆمىن يۇلغۇن: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ خاقانلىرى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2000 ـ يىل 4 ـ سان، 57 ـ بەت.

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس — جامېس خامىلتون

مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس جامېس خامىلتون (James Hameltom) ئەپەندى 1921 - يىلى 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئامېرىكىنىڭ كەنساس شتاتىنىڭ توپېكا (Topeka) شەھىرىدە بىر ئاددىي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرى 1929 — 1932 - يىلىغىچە ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادى زور داۋالغۇش دەۋرىدە ئۆتكەچكە، نۇرغۇن جاپا ۋە قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن. 1939 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1939 — 1941 - يىلىغىچە كەنساس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ لاۋرېنسې (Lawrence) تارماق مەكتىپىدە قۇرۇلۇش تېخنىكىسى ئوقۇغان.

1941 - يىلىنىڭ ئاخىرى تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى (پېرىلخوربېر ۋەقەسى) پارتلىغاندىن كېيىن، خامىلتون ئەپەندى قەلەمنى تاشلاپ ئەسكەر بولۇپ، قولىغا قورال ئېلىپ ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىگە قاتناشقان. 1942— 1945 - يىللىرى ئامېرىكىنىڭ تۈركىيىدىكى ئەنقەرە ۋە ئىستانبۇل شەھەرلىرىدە تۇرۇشلۇق كونسۇل خىزمەتچىسى، دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. شۇ يىللاردا ئۇ قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان تۈرك تىلى بىلەن ئۇچراشقان. 1945 - يىلى ئامېرىكىغا قايتىپ كەلگەن. 1946 - يىلى ياپون تىلى ئۆگەنگەن. كېيىن ياپونىيىگە ۋەزىپە بىلەن بېرىپ، 1947 - يىلىغىچە تۇرغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرى پارلامېنتىنىڭ (GI Bill of Rights) ئەسكەرلەرنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلارغا كىرىپ ئوقۇش قانۇن لايىھىسىنى ئىجرا قىلغانلىقتىن ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار زور كۆلەمدە كۆپىيىپ مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارغا تويىنىش ۋەزىيىتى پەيدا بولۇپ، ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۈپىتى تۆۋەنلەپ كەتكەن. بۇنىڭدىن نارازى بولۇپ تۇرغان خامىلتون فرانسىيە مەدە-نىيىتىنى قوبۇل قىلغان ئاتىسىنىڭ تەسىرى بىلەن فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىگە بېرىپ ئوقۇش قارارىغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پارىژغا بېرىپ 1947 - يىلدىن 1949 - يىلىغىچە پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدۇ. 1949— 1951 - يىلىغىچە پارىژ ھازىرقى زامان شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىدا خەنزۇچە، ياپونچە، قەدىمكى تۈرك تىللىرىنى ئۆگىنىدۇ. 1951 - يىلى فرانسىيىلىك ئاتاقلىق خەنزۇشۇناس ۋە بۇددىزمشۇناس پ. دېمېيېۋېلې (P Demieveile) نىڭ يېتەكلىشى بىلەن 1954 - يىلى «بەش دەۋر ئۇيغۇر تارىخى» (ئۇيغۇرلار ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ بىرلىشىپ كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىشى) (Les Ouigours al, epoque des Cinq Dynasties d, apres les documents chinais) ناملىق دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنى تاماملىغان. 1955 - يىلى (ئېلىمىزدىكى گېڭ شىڭ ئەپەندى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىپ، 1988 - يىلى) تولۇقلاپ نەشر قىلدۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا، 1971 - يىلى ئۇ يەنە «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى» (Leconte bouddhique du bonet dumauvais prince en version Ouigoure) بىلەن قەدىمكى تۈر تىلى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. (بۇ كىتاب ئىككى قېتىم تۈركچىگە تەرجىمە قىلىندى). 1983 - يىلى «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان 9 - 10 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرچە قولىيازمىلار ئۈستىدە تەتقىقات» (ئىككى توم) (Manuscrits Ouigours du IX – X esiecle de Touen – houang) دېگەن ئەسىرى بىلەن فرانسىيە دۆلەتلىك دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

1990 - يىلى ئەنگلىيىلىك سىمس - ۋىليام (N. sims – williams) بىلەن بىرلىشىپ «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان تۈركچە - سوغدىچە ھۆج-

2005 . 1

جەتلەر »
Dosumenturco- sogdiiens dul IX e- X e)
نـامـلـىـق (siecle de Touen - Houhuang
مەخسۇس ئەسەرنى نەشر قىلدۇردى.

پروفېسسور خامىلتون 1955 ـ يىلىدىن
باشلاپ فرانسىيە دۆلەتلىك تەتقىقات مەركىزى
(CNRS) دە (فرانسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىـ
لەن تەڭ) ئىشلەپ كەلدى. ئۇ بۇ ئورۇندا، يار-
دەمچى تەتقىقاتچى، كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچى،
ئالىي تەتقىقاتچى، تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ
مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدى. ئۇ فرانـ
سىيە مەدەنىيىتىنى فرانسۇز تىلىنى ياخشى
كۆرگەنلىكى ئۈچۈن دائىم فرانسۇزچە سۆزلەيتـ
تى. شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك، ئەسەرلىرىنىڭ
كۆپ قىسمىنى فرانسۇز تىلىدا يازغان. ئۇ بىر
ئۆمۈر ئۆيلەنمەي هاياتىنى تەتقىقات ئىشلىرىغا
بېغىشلىغان ۋە 1974 ـ يىلى رەسمىي فرانسىيە
دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆتكەن. 1989 ـ يىلى پېنسـ
يونېر بولغاندىمۇ ئۇ تەتقىقاتىنى توختاتمىغان.
1981 ـ يىلى كېلىڭ شىمىن ئەپەندىنى پارىژنى زىـ
يارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلغان. بۇ ۋاقىتتا
گېلىڭ شىمىن ئەپەندى پارىژدىكى ئۈچ چوڭ ئۇ-
نىۋېرسىتېتتا «جۇڭگودىكى تۈركشۇناسلىق تەتـ
قىقاتى» تېمىسىدا ئىلمىي دوكلات بەرگەن.
1981 ـ يىلى گېلىڭ شىمىن ئەپەندى بىلەن بىر-
لىكتە ئۇيغۇرچە قوچو (ئىدىقۇت) خاقانلىرىنىڭ
تۆهپە مەڭگۈ تېشى ئۈستىدە تەتقىقات» ماقالىسىنى
Linscription Ouigoure delastele Commeno-
rative des idoq qut de Qocho
فرانسىيىنىڭ «تۈركشۇناسلىق» گېزىتىدە
(1981 ـ يىلى 13 ـ ساندا) ئېلان قىلغان.

1987 ـ يىلى خامىلتون ئەپەندى جۇڭگو
ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولو-
گىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىكى يولداشلارنىڭ
ئەزىز مېھمىنى سۈپىتىدە بېيجىڭ، دۇنخۇاڭ،
ئۈرۈمچى ۋە تۇرپان قاتارلىق شەهەرلەردە زىيارەت
ئېكىسكۇرسىيىدە بولغان.

خامىلتون ئەپەندىنىڭ يېزىقچىلىق ئۇسـ
لۇبى قىسمەن جەهەتلەردە فرانسىيىلىك خەنـ
زۇشۇناس ۋە ئوتتۇرا ئاسىياشۇناس ئۇستاز پائول
پېللىئوت (Paul Pelliot) قا ئوخشاپ كېتىدىغان
بولۇپ، ئىلمىي ماقالىدىكى ئىزاهلار بەزىدە ما-
قالىسىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆمۈرىدە نۇر-
غۇن ئەسەر ئېلان قىلغاندىن باشقا نەچچە ئون
پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. ئۇلارنىڭ
ئىچىدە ئەڭ مۇهىمى «توققۇز ئوغۇر ۋە ئون
ئۇيغۇرلار ئۈستىدە تەتقىقات» (بۇ ماقالە «تۇر-
پانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ ئومۇمىي
2003 ـ يىلى 8 ـ ۋە 10 ـ سانلىرىدا ئېلان قىـ
لىندى). بۇ ئىلمىي ماقالىدا خامىلتون ئەپەندى
تۈركىي تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قەدىمكى
تۈرك تىلىدىكى مەڭگۈ تاشلاردا كۆپ ئۇچرايدىـ
غان توققۇز ئوغۇز (Toquz oghuz) ئۈستىدە دە-
لىللەش ئېلىپ بارغان. بۇ ئەمەلىيەتتە
خەنزۇچە تارىخىي ئەسەرلەردىكى توققۇز ئو-
غۇز (九姓) دۇر. توققۇز ئوغۇز توققۇز ئۇرۇغـ
دىن كەلگەن. بۇ مەسىلە ئۈستىدە خامىلتون
ئەپەندى ناهايىتى ئىنچىكە، چوڭقۇر تەتقىق ئې-
لىپ بارغان.

ئۇ يەنە «قەدىمكى تۈرك رونىك يېزىقىدىكى
مەڭگۈ تاشلاردىكى كەچىن (K. C n) دېگەن يەر
نامى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدا، قەدىمكى
تۈرك يېزىقىدىكى «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»
نىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى K. C. n دېگەن
خېلىغىچە يېشىلمەي كەلگەن يەر نامىنى كە-
چىن Kacin يەنە 姑藏 ساڭجو 凉州 نى بۇگۈنـ
كى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي ئىكەنلىكىنى
دەلىللەپ چىقتى.

خامىلتون ئەپەندىنىڭ يۇقىرىقىلاردىن
باشقا مۇهىم ئىلمىي ماقالىلىرىدىن:

«تۇرپاندىن تېپىلغان ساك تىلىدىكى پۇ-
تۈكلەر ئۈستىدە تەتقىقات» ( - toung
pao46. 1958) ، «تۇرپان يارغول خارابىلىقىدىن
تېپىلغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يەر ئىجارە ئېلىش
هۆججىتى ئۈستىدە مۇلاهىزە»
(Turcica1. 1969) ؛

«ۋاتتىكاننىڭ سۈرىيە يېزىقىدا يېزىلغان
قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى تېستورىيان دىنى
ئېپىسكوپىنىڭ تامغىسى ئۈستىدە تەتقىقات»
(Journal Asiatique260 / 1972) ؛ «دۇنخۇاڭـ
دىن تېپىلغان خەنزۇچە ۋە قەدىمكى تۈرك رۇنىك
يېزىقىدىكى قولىيازمىلار ئۈستىدە تەتقىقات»
(Turcica40 - 1972) ؛ «قەدىمكى تۈرك يېزـ
قىدىكى پالنامە ئۈستىدە تەتقىقات» (Turcica 7
/ 1975) ؛ «تۈرك رونىك يېزىقىدىكى Khutukh
ala ـ مەڭگۈ تېشى ئۈستىدە تەتقىقات» (بىر-

لىشىپ يازغان )
( journal Asiatique 263⁄ 1975) ؛

قەدىمكى شىنجاڭدىكى جوڭيۈن قەبىلىسى ئۈستىدە مۇلاھىزە ( journal Asiatique 265⁄ 1977) پالنامىدىكى پال چۈكىلىرىنىڭ تەبىرلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە » ( ئىجادىي ھاياتىنى خاتىرىلەش P. N. Baratav ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى، 1998 ـ يىلى پارىژ ) ؛

«851—1001 ـ يىللىرىدىكى ئۇدۇن خانلىرىنىڭ نەسەبلىرى ئۈستىدە تەتقىقات » ، «دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقاتى » ( Ⅱ. 1979 ـ يىلى پارىژ ) ؛

«قەدىمكى تۈرك مەڭگۇ تاشلىرى quz qoduz ئۈستىدە مۇلاھىزە ( بېرلىنشىپ يازغان ( Turcicah⁄ 1979) ؛
( journal Asiatique 269⁄ 1981) ؛

«9 — 10 ـ ئەسىرلەردىكى خوتەن يىلنامەشۇناسلىقى » ، «دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقاتى » ( Ⅲ، 1984 ـ يىل پارىژ ) ، «ئۇيغۇر يېزىقىدىكى shaliبىلەن tutungئاتالغۇسى توغرىسىدا » ( journal Asiatique 272⁄ 1984) ؛

«دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر ئۈستىدە ئومۇمىي بايان » singerpalignacفوندى جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان دۇنخۇاڭ تام رەسىملىرى ۋە قوليازمىلىرى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ماقالىلار توپلىمى، پارىژ 1984 ) ؛

«موڭغۇلىيىدە بايقالغان ئۈچ خىل يېزىق قارا بالاساغۇن مەڭگۇ تېشى ئۈستىدە تەتقىقات » ( فرانسىيە، ياپونىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا يازما يادىكارلىقلىرى، مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ماقالىلار توپلىمى، كيوتو 1990 ) ؛

دۇنخۇاڭ Peeliot Ouigour 16 bisنومۇرلۇق قوليازما ئۈستىدە يېڭى ئىزاھ » ئىتالىيە پروفېسسورى A. Cadonnaئاچقان «يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت » خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ماقالىلار توپلىمى، فىرېنزې، 1992 ) ؛

«988 ، 989 ، 1003 ـ يىللىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنى تەقۋىمنامىسى ئۈستىدە تەتقىقات » ( لويىس بازىن ئەپەندىنىڭ ئىجادىي ھاياتى خاتىرىسىگە بېغىشلانغان ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى ( Varia Turcica 1992) ؛

«دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ يىل دەۋرى مەسىلىسى توغرىسىدا » تۇرپان ، خوتەن ۋە دۇنخۇاڭ خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى ( 1982 ، بېرلىن ) ؛ «تۈرك Turk » سۆزىنىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدا » ( Turcica 30⁄ 1998) قاتارلىقلاردىن باشقا، يەنە 2001 ـ يىلى لويىس بازىن بىلەن بېتېر سىبمې پروفېسسورلارنىڭ ھەمكارلىقىدا خامىلتون ئەپەندىنىڭ 80 ياشقا كىرگەنلىكىنىڭ شەرىپىنى خاتىرىلەپ «دۇنخۇاڭدىن ـ ئىستانبولغىچە ـ خامىلتونغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز. ماقالىلار توپلىمى » نى نەشر قىلدۇردى. (
De Dunhuang A Istanbul – HommageA jamis Russell Hamilton
بېلگە بروپېسول نەشرىياتى نەشر قىلىغان ) ؛ بۇنىڭ ئىچىدە 21 پارچە ئىلمىي ماقالە بار بولۇپ ، ئېلىمىزگە مۇناسىۋەتلىك بىر پارچە «جۇڭگودىكى توۋالار تىلى ئۈستىدە تەتقىقات » دېگەن ماقالە بار .

2002 ـ يىلى كۈزدە بېرلىندا ئۆتكۈزۈلگەن «تۇرپانغا قايتا سەپەر ـ يىپەك يولى مەدەنىيىتى ۋە گۈزەل سەنئىتىنىڭ 100 ـ يىللىقىنى خاتىرىلەش » خەلقئارا يىغىنىدا خامىلتون ئەپەندى تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان «بۇددا دىنى مەزمۇنى يېزىلغان قوزۇق Ⅲ ئۈستىدە تەتقىقات » تېمىسىدىكى ماقالىسىنى ئوقۇپ ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن ئالىملارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. يىغىندىن كېيىن بېرلىن ئەتراپىدىكى خان جەمەتىنىڭ ئورمانلىق شەھەرچىسى—بوستاننى ئېكسكۇرسىيە قىلغان ، ئۇ ئادەتتە ناھايىتى تېتىك ،خۇشچاقچاق، روھى كۆتۈرەڭگۈ ھالەتتە يۈرەتتى.

ئەپسۇس، فرانسىيە، ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ بۇلتۇر 6 ـ ئايدا ئېلان قىلغان قايغۇلۇق خەۋىرىنى ئاڭلاپ ، تەساددىپىيلىق ھېس قىلىپ بۇ خىل رېئاللىقتا پەقەت ئىشەنگۈم كەلمىدى. ئاڭلىسام خامىلتون ئەپەندى بىر قېتىم تۇيۇقسىز يىقىلىپلا ئورنىدىن تۇرالماي 2003 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى 82 يېشىدا پارىژدا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ ۋاپاتى دۇنيا ئۇيغۇرشۇناسلىقىنى بىر مۇنەۋۋەر ئالىم ۋە كەسىپدېشىدىن ئايرىدى.

تەييارلىغۇچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق
تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم

2005.1



# تاتا توڭا①

مالىك كەبىروۋ، مۇڭلۇق باقىيۇۋ

تېخىچە شۇ تايانچاندىن قالغان ئۆي، ئۇ هازىر ئورقۇن ۋادىسىنىڭ مەنزىرىلىك، ئوت-چۆپى مول جايلارنىڭ بىرىگە تىكلىگەن، بىراق ئۇ ئىلگىرىكىدەك كەڭ هارۋا ئۈستىدە ئەمەس، يەردە. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزىبىر بىساتلار مۇشۇ كۆنگىچە ساقلانغان. بىر ئۆزگىرىش — ئۇنىڭ تۆرىگە چىڭگىزخاننىڭ تەختى قويۇلغان. ئەمما هازىر ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن نەقىشلەنگەن، يىپەك، دۇردۇن يېپىلغان بۇ تەختتە ئۆي ئىچىدە هېچكىم يوق. چىڭگىزخان تالادا چۆپكە سېلىنغان قېلىن شىرداق، كۆرپە چۈشەك ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ. يېنىدا ئۇنىڭ ئايرىلمايدىغان چىڭگىزخاننىڭ ئۆزىمۇ يېنىدىن نېرى قىلمايدىغان بوغۇرجى ۋە نەۋكەرلىرى.

چىڭگىزخاننىڭ بىر نەچچە كۈندىن بېرى قاپىقى ئېچىلمىدى. بىردەم ئۆيگە كىرىپ، بىر دەم تالاغا چىقىپ مۇشۇنداق ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. مانا هازىر كالپۇكلىرى يەر تىرەپ ساڭگىلىغان، ئۇ بەزىدە ئۇياق-بۇياقتىكى يىراق يوللارغا قاراپ قويىدۇ-دە، يەنە كۆز يۇمۇپ، بېشىنى ساڭگىلاتقان هالدا ئۇزاق-ئۇزاق قىمىرلىماي ئولتۇرىدۇ.

جېبې نويانمۇ، سۇبىتاي باهادىرمۇ ئۆز تۈمەنلىرى بىلەن ئەتراپتىكى قالايمىقانچىلىقلارنى بېسىپ، بېسىقمىغانلارنى بېقىندۇرۇپ يۈرىدۇ. يېڭىدىن ئەسكەر باشچىسى بولغان جوشى (جورجى) تېگىننىڭ ئۆز تۈمەنى بىلەن تون ئەللىرىنى يەنى شىمالدىكى خەلقلەرنى موڭغۇللارغا قوشقىلى ئاتلانغىنىغا خېلى ۋاقىت بولدى، تېخىچە خەۋەر يوق. جەنۇبتا بولسا خەنزۇلار بىردە تېگىپ قېچىپ، بىردە بېسىپ كىرىپ خېلى ئىغۋالارنى قىلىۋاتىدۇ. توختاخۇن ئۆز ئېلىگە كەتكەن. مانا بىر-ئىككى ئاي بولدى. ئۇمۇ يوق، چىڭگىزخان هەتتا كۈن ئۆتكەنسېرى ئەمدى ئۇنى (توختاخۇننى) يېنىپ كەلمەيدۇ دېگەن گۇماندىمۇ بولدى. چىڭگىزخان ئەنە شۇ تەشۋىشلىك ۋەزىيەتنىڭ قالايمىقانچىلىقىدىن ئۆيىدىن چىقالمايلا يۈردى. ئولتۇرسىمۇ، تۇرسىمۇ ئويلايدىغىنى شۇ. مانا هازىرمۇ مۇشۇنداق ئويلاردا ئولتۇراتتى. تۇيۇقسىزلا ئويناۋاتقان باللارنىڭ «كېلىۋاتىدۇ، كېلىۋاتىدۇ» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. «قايسى تەرەپتىن كىم كېلىۋاتىدىكى» دەپ بېشىنى كۆتۈرگەن چىڭگىزخان تاغ ئېتەكلىرىدىن چۈشۈپ كەڭ ۋادىدا كېلىۋاتقان بىر توپ ئاتلىقلارنى كۆردى-دە، نەچچە كۈنلەردىن بېرى ئاران بىر قېتىم كۈلۈمسىرىگەندەك بولدى. ئەمدى ئۇ بۇ توپتىن كۆز ئالماي ئولتۇردى. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاققاشقىنى تونۇدى. يەنە بىر ئازدىن كېيىن بولسا توختاخۇننىڭ ئۆزىنى تونۇدى.

توختاخۇننى باللارمۇ تونۇغان بولۇشى كېرەك. نوقتا سېلىپ مىنىپ ئويناپ يۈرگەن قولۇن تاي، موزاي تۇياقلىرىنى تاشلاپ چوقۇرۇشقان پېتى كېلىۋاتقان ئات توپى ئالدىغا يۈگۈرۈشتى. يەنە بىرئاز ۋاقىتتىن كې-

① بېشى ئالدىنقى ساندا

يەن بولسا ئۇلار قولىرىغا ناۋات، تاڭگا ۋە تاتلىق - تۈرۈم تۇتقان ھالدا كەينىگە قاراپ يۈگۈرۈشتى.

— تايىنكە تاتاتۇڭغا كەلدى، - دېيىشتى ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قولىدىكىسىنى چىڭگىزخانغا كۆز - كۆز قىلغۇسى كېلىپ. لېكىن ئۇنىڭغا يېقىنلىشالماي نېرى يۈرۈشتى. ئۇلارنىڭ بارلىقى چىڭگىزخانىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، قاياشلىرى، ئىمتىيازلىق نويانلىرىنىڭ باللىرى. شۇنداق بولسىمۇ چىڭگىزخانغا يېقىنلىشالمايلا يۈرىدۇ. باشقا باللارنىڭ ئۆيلىرى يىراقراق تىكىلگەن. توختاخۇن ئاتتىن چۈشىشى بىلەنلا چىڭگىزخانغا كېلىپ سالام بەردى.

— سىنىڭ مۇشۇ قولۇڭنى كۆكسۈڭگە قويۇپ سالام بېرىشىڭ نېمىسى؟ - دېدى ئۇنىڭ سالىمىنى ئالغان چىڭگىزخان بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ، شۇنىڭ ئۆزىدىن ئۆزىنىڭ كەلگىنىگە خۇشال بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدى توختاخۇن، - ياكى بارلىق ئۇيغۇرلار شۇنداق سالام بېرەمدۇ؟

— بارلىقى، چىڭگىزخان، قولىنى كۆكسىگە ئالغىنى - مانا مېنىڭ يۈرىكۈم سىنىڭ دېگىنى. بېشىنى ئەگكىنى مانا بېشىمۇ سىنىڭ، ئەركىڭ ئۆزۈڭدە دېگىنى.

— ياخشى ئىكەن، كەل قېشىمدا ئولتۇر، ئامان - ئېسەن بېرىپ كەلدىڭمۇ؟ يولدا خەۋپ - خەتەرگە ئۇچراپ قالغانمىدۇ دەپ قورقتۇم.

— بەزى تەشۋىشلىك ھەتتا خەتەرلىك پەيتلەر بولدى. دېگەن بىلەن ئامان كەلدۇق، ئەنە يۇرتتىن ساۋاتلىق يىگىتلەرنى ئېلىپ كەلدىم. سىنىڭ خىزمىتىڭدە بولىدۇ.

— ناھايىتى ياخشى، ئۆزۈڭ ئىش بېرىسەن. خوش ئۆز يۇرتۇڭنى، ئۇرۇق - تۇغقان، ئاغىنە - ئۆكەڭنى (بۇرادەر، تۇغقانلىرىڭنى) كۆردۈڭمۇ؟

— كۆردۈم، ھەممىسىنى دېگۈدەك كۆردۈم تىمۇچىن خان......

— نېمە؟

— چىڭگىزخان.

— ئۆزۈڭ ئاتاپ قويۇپ، ئۆزۈڭنىڭ تېنىۋالغىنىڭ قىزىق ئىكەن. مېنى چىڭگىزخان دەڭلا دېگەن كىم؟ سەن ئەمەسمۇ؟

— قۇرۇلتايغۇ، مېنىڭ بىر كۈنى ساڭا شۇنداق ئات قويغۇنۇم ئېسىمدە بار. چۈنكى، سەن پۈتكۈل دالانىڭ خەلقىنى بىرلەشتۈردۇڭ. ئۇششاق - ئۇششاق قەبىلىلەر ئارىسىدىكى ئاداۋەت ئىللىتىنى يوقاتتىڭ. ئالەم ۋە ئۆلكىدە تىنچلىق ئورناتتىڭ. كۈچلۈك دۆلەت قۇردۇڭ. شۇنىڭ ئۈچۈن سېنى ئۇلۇغ خان دەپ ئاتىدىم. ئۇيغۇرچە «چىڭ» دېگەن سۆزنىڭ مەزمۇنىنى ئېيتتىم. ئەمدى «گىز» دېگىنى ئالدىنقى سۆزنى كۈچەيتكىنى، كۆپەيتكىنى.

— ئەمدى خەق مېنىڭ ئۆز ئېتىمنى تاشلاپ، چىڭگىزخان دېيىشىدىغان بولدى. مەيلى ئۇمۇ ياخشى، - دېدى چىڭگىزخان ۋە نۆكەرلىرىگە قاراپ «يېقىنراق كېلىڭلار» دېگەندەك شەرەت قىلدى، — ئاۋۇ يىگىتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، قورسىقىنى تويغۇزۇڭلار. كېيىن نەدە يېتىپ - قوپۇپ، نەدە ئىشلەيدىغانلىقىنى ئورۇنلاشتۇرىمىز. تاتاتۇڭغانىڭ ئېتىنى قاراڭلار.

يىگىتلەرنىڭ بىرى ئاققاشنىڭ ئۇستىدىكى خۇرجۇننى ئېلىپ ئۇنى توختاخۇننىڭ ئۆي ئالدىغا ئەكىلىپ قويدى. ئاندىن ئاتنىڭ تۆشىنى بوشاتتى. موما ياغاچقا باغلىدى.

2005.1

قالغىنى توختاخۇن بىلەن كەلگەن مېھمانلار تەرەپكە كەتتى. بىرئازدىن كېيىن بولسا چىڭگىزخان بىلەن توختاخۇننىڭ ئالدىغا گۆش ۋە قىمىز كەلدى.

—ئېلىپ كەلگەن مېھمانلىق بار ئىدى، شۇنىڭدىن ئېغىز تېگەمسەن ئۇلۇغ خان — دېدى توختاخۇن ۋە چىڭگىزخاننىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا يىگىتلىرىگە شەرەت قىلدى. ئۇلارمۇ شۇنى كۈتۈپ تۇرغان چېغى، خۇرجۇن — قاچىلارنى كۆتۈرۈپ كىرىشتى.

چىڭگىزخان بولسا داستىرخان ئۈستىگە قويۇلۇۋاتقان قوغۇن — تاۋۇز، ئۈزۈم، نازۇ — نېمەت، تاتلىق — تۈرۈمگە نۆۋەت بىلەن قاراپ ئولتۇرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ كۆرگىنىمۇ، كۆرمىگىنىمۇ بار. بىراق بۇنچىلىك خىلمۇ خىل نازۇ — نېمەتنى كۆرمەپتۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ قايسىسىدىن باشلاشنى بىلمەي قالدى. ئۇ بىردە ئانارنى ئېلىپ قولىدا (ئالقىنىدا) بىرئاز پىرقىرىتىپ ياندۇرۇپ قويۇپ قويدى. بىردە ئەنجۈرنى، بىردە ئالمىنى، يەنە بىرىدە باشقىسىنى قولىغا ئالدى. ئاخىرىدا كىشمىشنى ئاغزىغا سالدى.

بۇلارنىڭ بارلىقى ياخشى، — دېدى چىڭگىزخان ئۇنىڭدىن — بۇنىڭدىن يەنە بىرئاز ئېغىز تەگكەندىن كېيىن، —لېكىن ئالدى بىلەن ئادەملەرچە تاماقلىنىۋالايلى.

چىڭگىزخان يوغان بىر پارچە گۆشنى خەنجىرىگە سانجىپ توختاخۇنغا ئۇزاتتى — دە، ئاندىن ئۆزىمۇ شۇنچىلىك گۆش ئېلىپ راھەتلىنىپ يېيىشكە كىرىشتى. توختاخۇننىڭ قورسىقى ئاچتىمۇ ياكى مۇنداق تاماقنى سېغىنىپ قالغانمۇ، ئىيتاۋۇر ئۇمۇ چىڭگىزخاندىن قېلىشمىدى.

. —ئۇيغۇرلار نېمە دەيدۇ؟ ئەھۋالى قانداق ئىكەن؟ — دېدى ئەمدى گۆشتىن كېيىن شورپا ياكى قىمىزنىڭ ئورنىغا قوغۇن يەپ ئولتۇرغان چىڭگىزخان.

—ئەھۋالنى ماختىغۇدەك ئەمەس، ئۇلۇغ خان. بۇ ياقتىن خەنزۇلار، ئۇ ياقتىن قاراختاي (كىدان) لار ۋە بىر ياقتىن قاراخانىلار ھېچبىر ئارامىنى قويماپتۇ. ھۇجۇمىنىڭ كەينىدىن ھۇجۇمغا ئۇچراۋېرىپتۇ بىچارىلەر. ئۈچ خانلىقنىڭ ھەر بىرىدە بولدۇم. سېنى سورايدۇ. ھەممىنى تەپسىلىي ئېيتىپ بەردىم. ئەگەر خالىساڭ سېنىڭ ياخشى ياردەمچىڭ، ئىشەنچىلىك تايانچىڭ بولىدۇ.

—ماڭا قارشى نىيىتى يوق ئىكەن — دە.

—تامامەن يوق، سېنىڭدىن تاقەتسىزلىك بىلەن بىرەر خەۋەر كۈتۈشۈپ قالدى.

—مانا بۇ ياخشى ئىكەن. سېنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتكىنىمىمۇ شۇ ئىدى، دەرھال ئەلچى ئەۋەت. يىگىتلىرىڭنىڭ بىرىنى قوشۇپ بەر، — دېدى تىمۇچىن يۇقىرى كەيپىيات بىلەن، —ياخشى خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ تاتاتۇڭا، ئەمدى ئۇيغۇرلار تەرەپتىن ھېچبىر تەشۋىش قىلمىغۇدەكمەن. بۇ ئەلۋەتتە سېنىڭ تۆھپەڭ. ئۇلارغا ئۇقتۇرغان، چۈشەندۈرۈپ ئاگاھلاندۇرغانمۇ سەن. بىلىۋاتىمەن.

—ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ سېنىڭدىن بىر يار — يۆلەك ئىزدىمەكچى بولۇشۇپتۇ، لېكىن ئۇنى تاپالماي يۈرگەن ئىكەن.

—ياخشى، ئەمدى ئۇياقتىن خەۋپ يوق، يار — يۆلەك بولىمەن. ئەلۋەتتە ئۇلارنى ھېچكىمگە خار قىلغۇزمايمەن.

—سېنىڭدىن كۈتكىنىمۇ ئەنە شۇ ئىدى، — دەپ ئويلىدى توختاخۇن، — خۇداغا

شۈكرى، ئەمدى سەنمۇ ئۇيغۇرلارغا تەگمەيدىغان بولدۇڭ. بىردە بولمىسا بىردە ھامانەم ئۇيغۇرلارغا كۆزۈڭ چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ يەر مۈلكىگە ئىشتىھايىڭ ئېچىلغان بولار ئىدى. ھازىر يۈگاچ بولغىنىڭ ئۆپچۆرەڭدە تېخى دۈشمىنىڭ كۆپ، ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا يار-يۆلەك بولمەن دەپ ئولتۇرسەن، مانا مۇشۇ سۆزۈڭنى ياخشىراق پىششىقدۇۋېلىش كېرەك. كەلگۈسىدە ئۇيغۇرلارغا قارشى قول كۆتۈرمەيدىغاندەك قىلىۋېلىش كېرەك.

توختاخۇننىڭ خىيالى تۈگە-تۈگمەيلا ئوردا ئىچى جانلىنىپ «كېلىۋاتىدۇ» دېگەن چۇقان ئاڭلاندى. باللار ئويۇنلىرىنى تاشلاپ يۈگۈرۈشتى. چىڭگىزخان قولىدا قالغان يېرىم تىلىم قوغۇننى داستىرخان ئۈستىگە تاشلىدى-دە، چۇقان چىققان تەرەپكە قارىدى. ئۇ ئۆزى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتكەن جوشى (جورجى) كەلدىغۇ دەپ ئويلىغانىدى. بىراق بۇ كەلگەنلەر ئوغۇللىرىدىن چاغاتاي، ئوگداي، تولۇي ئىكەن. ئۇلار بىرەر ئىشنى پۈتتۈرۈپ يۈرگىنى يوق، تېخى يېشى كىچىك بولسىمۇ ئۆزىنى ئەر چاغلاپ، ئالەمگە پاتماي يۈرگەن چاغاتاي ئەل ئارىلاپ چارۋىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كېلەي دېگەن باھانە بىلەن ئىككى ئىنىسىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئېلىپ كەتكىنىگە مانا ئىككى-ئۈچ كۈن بولۇپ قالغان، ھازىر ئۇپۇر-توپۇر، داغدۇغا بىلەن كەلگەنلەر ئەنە شۇلار. قېشىدا خەلق ھاپىزى ئارگاسۇن بار. ئۇمۇ چىڭگىزخاننىڭ يېقىن كۆرىدىغان ئادىمى. چىڭگىزخاننى شېئىرلىرىدا ماختاپ ئاسمانغا كۆتۈرۈپ يۈرگەچكىمۇ ياكى كىچىگىدىلا بىللە ئۆسكەن بولغاچقىمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇنى خان دائىم قېشىدا ئېلىپ يۈرىدىغان. بۇ قېتىم باللىرىغا كۆز-قۇلاق بول دەپ قوشۇپ ئەۋەتكەن ئىدى.

چىڭگىزخان: «سىلەرمىدىڭلار بۇ كەلگەن، مەن باشقىسىنى كۈتكەن ئىدىم» دېگەندەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئادىتى بويىچە كۆزلىرىنى يۇمدى. بىراق چاغاتاي ئاتىسىنىڭ بۇ قىياپىتىگە پىسەنت قىلار ئەمەس ئىدى، ئۇ نازۇ-نېمەتنى نۆۋەت-نۆۋەت ئالغان ھالدا ئارىلاپ كەلگەن يەرلىرى توغرىلىق ئېيتىپ ئولتۇرىدۇ. بىراق ئارگاسۇننىڭمۇ ئوگداي بىلەن تولۇينىڭمۇ كەيپىياتى يوق. ئۇلار نېمىگىدۇر بىرەر نەرسىگە خىجالەت بولغاندەك، گاھىدا چاغاتايغا كۆز تاشلاپ قويىدۇ.

—بەزىبىر مالچىلارنى يۆتكەپ، ئورنىغا باشقا كىشى قويۇشقا توغرا كەلدى، — دېدى بىر ۋاقىتتا چاغاتاي شالتاق بولغان ئاغزىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئوگداي ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قارىدى-دە، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ قىلغىنىغا ھەيران بولغان توختاخۇن ئوگداي ئۇزاپ كەتكىچە بىرئاز قاراپ ئولتۇردى. «چىڭگىزخاننىڭ باللىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئەدەبلىكى شۇ ئىدىغۇ، داستىرخاندىن تۇرۇپ كېتىپ قالغىنى نېمىسى؟ ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى توختاخۇن. كېيىن بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئوگداينىڭ ئۆزىدىن ئاڭلىدى...

توختاخۇن ئۆيىدە ئۆزى ئېلىپ كەلگەن يىگىتلەر بىلەن ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قىلىدىغان ئىشى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۆيگە ئوگداي كىرىپ كەلدى. چىرايى ئەپ ئەمەس، كىرىشتىمۇ ئۇ «بىرەرسى كۆرۈپ قالمىسۇن» دېگەندەك قورقۇش

ئالامىتى بار. ئەمدى ئۇ توختاخۇننىڭ مېھمانلىرىنى كۆرۈپ يە چىقىپ كېتىشنى، يە ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

—كەل، ئوگداي تېگىن، — دېدى ئۇنى سىزگەن توختاخۇن ھۆرمەت بىلەن.

—مېھمانلىرىڭ بار ئىكەن ئۇستاز. «ئۇستاز» دېگەن سۆز چىڭگىزخاننىڭ بالىلىرى ئارىسىدا يالغۇز مۇشۇ ئوگداينىڭ ئاغزىدىن چىقىدۇ. جوشى (جوجى) يېشىم چوڭ دىمىدۇ ئەيتاۋۇر توختاخۇننىڭ ئىتىمنى ئاتايدۇ. چاغاتاي بولسا ئۇنىمۇ ئانچە ئېغىزغا ئېلىۋەرمەيدۇ.

—ھېچقىسى يوق كەل، بىز سۆزىمىزنى تۈگەتتۇق، — دېدى توختاخۇن يەنە.

—بىرىدىن بىرى كېلىشكەن يىگىتلەر ئىكەن، — دېدى ئۇلارنى كۆزى بىلەن ئۇزاتقان ئوگداي، —ئۇمۇمەن ئۇيغۇرلار چىرايلىق كېلىدىغان ئىقلىم ئىكەنسىلەر.

—سەنمۇ سۇباتلىقتۇ ئوگداي.

—نەدىكى، قاپاقلىرىم ئاتامنىڭكىدىنمۇ يوغان، — ئۇ چاقچاق قىلغۇسى كەلگەن ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ كۈلكىسى ئوخشىمىدى.

—نېمە بولدۇڭ؟ ئىچىڭدە بىر سىر بارغۇ؟

—بار، ناھايىتى كېلىشمەسلىك ئىش بولدى، ئىچىمگە سىغدۇرۇپ باقاي دەپ تىرىشتىم، بولمىدى، ساڭا كەلدىم، — دېدى ئوگداي بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ئولتۇرغان پېتى، —چاغاتاي ناھايىتى رەھىمسىزلىك بىلەن ئىش قىلدى...

چىڭگىزخاننىڭ ئۈچ ئوغلى ئەل ئارىلاپ، مال ئارىلاپ چارلىغىنى چاغلىق ئىكەن. ئۇلار ئاۋۇلمۇ ئاۋۇل كېزىپ، قېمىز ئىچىپ، گۆش يەپ، كۆڭۈل كۆتۈرۈپ يۈرۈپتۇ. قىلغان ئىشى كۆڭۈل كۆتۈرۈش، گاھىدا ئوۋغا چىقىش بىلەن چەكلىنىپتۇ. ئاشۇنداق «ئىش پۈتتۈرۈپ» يۈرگىنىدە يالغۇز ئۆي تىكىپ، بىر قورۇ قوي بېقىپ يۈرگەن ياش ئەر-خوتۇننىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتۇ. يېشى ئەمدىلا 16 گە كىرگەن جۇگان ناھايىتى گۈزەل ئىكەن. چاغاتاي ئالدىغا قويغان قىمىزنى ئىچمەي، تىترەپ پىشقان گۆشنىمۇ يېمەي، ئۇ ئايالدىن كۆزىنى ئالمىغان پېتى ئولتۇرۇۋېرىپتۇ.

—كېيىن بىز قورساق تويغۇزۇپ، ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ يولىمىزغا راۋان بولدۇق، — دېدى ئوگداي سۆزىنى داۋام قىلىپ، — خېلى ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن چاغاتاي نېمىدۇر بىر نەرسە دېدى-دە، قېشىغا نۆكەرلىرىنى ئالماي، كەلگەن ئىزى بىلەن كەينىگە قايتتى. شۇ كەتكەنچە ئۇ خېلى كېچىكتى. ئارگاسۇن بىزنى توختىتىپ خېلى كۈتكۈزدى. ئاخىرى بىزنىڭمۇ كەينىمىزگە قايتىشىمىزغا توغرا كەلدى... مانا شۇ ۋاقىتتا كۆرگەن دەھشەتلىك ئىش كۆز ئالدىمىزدىن كەتمەيدۇ.

—بايىقى ئۆينىڭ ئىگىسى ياش قويچى ئەتىمالىم بىزنى ئۇزاتقاندىن كېيىن مېلىغا ماڭغان بولسا كېرەك، قارا ئۆيدىن ئەللىك-ئاتمىش چامدام نېرىدا ئۆلۈك يېتىپتۇ. غولىدىن كىرگەن ئوق مەيدىسىدىن تېشىپ چىقىپتۇ. ئۇ يىقىلغاندىن كېيىن تېشىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. ئىككى كۆزى ئوچۇق، بەئەينى بۇ دۇنياغا ھەيران قالغاندەك قاراپ ياتىدۇ. تۇلۇي ئۆيگە كىرىپ كەتكەن ئىدى، بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۆيدىن ۋارقىراپ-جارقىراپ چىقىپ كەلدى. كۆزلىرىدە دەھشەت ئوتى، ھەممىمىز ئۆيگە كىردۇق، ياۋۇزلۇق-

نىڭ ئۆزى ئەنە مۇشۇ ئۆيدە بولغان ئىكەن. بايىقى چىرايلىق جوگان قانغا مىلىنىپ يېتىپتۇ. كىيىم-كېچىكى بىت-چىت بولۇپ يىرتىلغان، ئۆي ئىچى مالىماتاڭ، مەن ئارتۇق قارىيالمىدىم، چاغاتاي ھېچيەردە كۆرۈنمىدى، يوق، كېتىپتۇ.

—كىمنىڭ ئىشى بۇ؟ چاغاتاي شۇنداق قىلغاندىمۇ؟ — دەپ سورىدى توختاخۇن. ئوگداي جىمجىت بولۇپ قالغاندىن كېيىن.

—باشقا كىم بولسۇن؟ ئۇ بىزگە ئوردىغا يېتىپ كېلەي دېگەندە قوشۇلدى، — دېدى بۇ پەيتتە ئۆيگە كىرگەن ئارگاسۇن، —ھە ئوگداي تېگىن بولغان ۋەقەنى ئېيتىپ بېرىپ ئولتۇرغان ئىكەنسەندە، قارىماسەن تاتاتوڭا، كۈتمىگەن يەردىن ھەددى-ھېسابسىز ھايۋانلىقنىڭ گۇۋاھچىسى بولدۇق. باشقا بىرسى بولسىغۇ ئەدىۋىنى شۇ يەردىلا بەرگەن بولاتتىم. ئامال يوق، خاننىڭ بالىسى. ھەر ھالدا شۇ پېتى قويۇپ بېرىشكە بولمايدۇ، خاننىڭ قۇلىقىغىمۇ يەتكۈزەرمەن.

ئارگاسۇن يەتكۈزەلەيدۇ، ئېيتالايدۇ، چىڭگىزخاننىڭ يېقىنى.

ئۇ توختاخۇننىڭمۇ پات-پات كېلىپ مۇڭدىشىدىغان، سۆھبەتلىشىدىغان مېھمىنى. بۇ ھاپىز خۇئۇرچى ئۆز ھۈنىرىنى چۈشىنىدىغان، خالىس پىكىر قىلىدىغان، ئورۇنلۇق مەسلىھەت بېرىدىغان ئادىمى بولغانلىقتىنمىكىن ئەيتاۋۇر ئېپى كەلسە توختاخۇننىڭ قېشىدىن نېرى بولمايدۇ. ھازىرمۇ ئۇ بۈگۈن كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى ئېيتىپ بەرگۈسى كېلىپ كىرگەن بولسا كېرەك. قولىدا سازى، باشقىلار قورال-ياراق كۆتۈرسە، ئۇ ئەنە شۇ ئىككى تال تارى بار ئەسۋابىنى (سازىنى) قولىدىن چۈشۈرمەيدۇ. مەيلى يالغۇز يۈرسۇن، يېقىنلىرى بىلەن بىللە بولۇپ قالسۇن، ئۇنى قولىغا ئېلىپ بىرئاز ساز قىلىپ قوشاق قاتمايدىغان ۋاقتى كامدىنكام. مانا ھازىرمۇ ئۇنى قولىغا ئېلىپ بىرئاز ساز قىلىپ ئولتۇردى-دە، ئاندىن توختاخۇن ئىلگىرى ئاڭلىمىغان مۇڭلۇق بىر ئاھاڭ باشلىدى. شۇ چاغدا ئۆيگە چىڭگىزخان كىرىپ كەلدى.

—ئولتۇرۇۋېرىڭلار، — دېدى ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرغان ئۆيدىكىلەرگە، —ئۆتۈپ كېتىپ باراتتىم، قۇلىقىمغا ساز ئاڭلاندى. سېنىڭ ناخشاڭنىمۇ سېغىنىپ قاپتىمەن، ئارگاسۇن. ئۇنىڭ ئۈستىگە خالى ئولتۇرۇپ سېنى تىڭشايدىغان ۋاقتىمۇ بولماپتۇ. قېنى بىر كۆڭۈلنى كۆتۈرگىنە.

ئارگاسۇن ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرمىدى. ئۇنى ماختاپ ئاسمانغا چىقارمىدى. بايىقى مۇڭلۇق ئاھاڭنى داۋام قىلدى. ئۇ ئاھاڭدىن بىپايان ئۆلكە، گۈزەل مەنزىرە، قانداقتۇر بىر دەھشەتلىك زۇلمەتنى توۋلىغاندەك ئىدى. كېيىن خۇئۇرچى بوم ئاۋازى بىلەن شېئىر ئوقۇپ چېلىۋاتقان سازغا تەڭكەش قىلدى...

بىر توپ ئاتلىق چىرايىدىن بەخت ئالامىتى ئۆچمەي ئاۋات تەبىئەتكە مەپتۇن بولۇپ بەختلىك ھاياتتىن بەھرىمان بولغاندەك... تۇيۇقسىز مۇزىكىمۇ، ئارگاسۇننىڭ ئاۋازىمۇ ئەۋج ئېلىپ يەر-جاھاننى قارا بۇلۇت قاپلىغاندەك بولدى. ھاپىز مانا مۇشۇلارنىڭ بارلىقىنى ئالدىرىماي بەئەينى مۇنچاق تىزغاندەك ئېيتىۋاتىدۇ. مانا بىر ۋاقىتتا يەر-جاھان قانغا بويۇلۇپ ھېچبىر گۇناھسىز ئىككى ياشنىڭ جېنى جەھەننەمگە كەتتى. مۇمكىن بۇ تەقدىرنىڭ يازمىشىدۇر. مۇمكىن بۇ ئۇلۇغ خاندانىنىڭ ئەركىن پەرمانىدۇر.

2005.1

چىڭگىزخان ھەممىنى چۈشەندى. چۈنكى ئارگاسۇن ھەممىنى چۈشەندۈرەلمىدى. ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزىنى دىققەت بىلەن تىڭشاپ ئولتۇرغان خاننىڭ چىرايى دەسلەپ قارا بۇلۇت تورۇلگەندەك بولدى، توختاخۇن ئەمدى چاغاتاي بىرئاز بولسىمۇ دەشنام ئالمىغان بولدى دەپ ئويلىۋىدى، بىراق چىڭگىزخاننىڭ ئۆزگەرگەن چىرايىنى كۆرۈپ قالدى. چۈنكى خان ئەمدى ئوغلىنى ئەيىبلىمەي، بەلكى شۇ قان قېنى دېگەندەك ئىدى.

— مەن بۇ يەردە ساز، ناخشا تىڭشاپ بىرئاز بولسىمۇ دۇنيانى ئۇنتاي دەپ كېلىۋىدىم، — دېدى چىڭگىزخان ئېغىر سۈكۈناتنى بۇزۇپ، ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى قېلىپىغا چۈشۈپ بېشىنى يەرگە قارىتىپ ئولتۇرغانىدى، — ئۇنىڭ ئورنىغا دەرت — تالاش، دەۋا ئاڭلىدىم، دەۋا ئەمەس، ئەيىب ئاڭلىدىم. سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار، مەن دۆلەت تەختىگە ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى، بىر كۈنى قانداقتۇر بىر يول بىلەن نەگىدۇر بىر ياققا كېتىپ باراتتىم، يولۇمدا ئالتە ئادەم پايلاپ ياتقان ئىكەن. نىيىتى بۇزۇق، مەن ئۇنى بىلەتتىم، بىر دۆڭگە يېقىنلاشقىنىمدا يان — يېنىمدىن ساداق ئوقلىرى غۇيۇلداپ ئۆتۈشكە باشلىدى. قورقمىدۇم، قاچمىدىم، گۈرزۈم يالغۇز ئالتىسىنىڭ بىرسىمۇ قويماي توغراپ تاشلىدىم. ئالتە ئاتنى ئولجا ئېلىپ كەتتىم. كېيىن بىر قېتىمدا بۇگۇرجى ئىككىمىزنىڭ يولىغا چېقىشىمىزغا توغرا كەلدى. بۇ قېتىم ئىككى دۈشمىنىم پايلاپ ياتقان ئىكەن. بۇ جەڭ ئوڭاي بولمىدى. ئوق تېگىپ ئاغزىمغا قان تولدى، نەپەس ئالالمىدىم، شۇندا بۇگۇرجى ياردەمگە كەلدى. ئىككىمىز يەنە ھۇجۇمغا ئۆتتۇق. دۈشمەننى تارمار قىلدۇق. ئۆلىمەنغۇ دېۋىدىم لېكىن ئۆلمىدىم. نېمىشكە مېنىڭ ئۆلۈشۈم كېرەك ئىكەن؟ مەن ئۆلسەم شۇنچىلىك ئۇلۇغ ئىشلارنى كىم قىلاتتى؟ تەڭرى مېنى تىرىك قالدۇردى. ھەركىمنىڭ پېشانىسىگە يېزىلغىنى بار. ئەقلى ھوشى بار، جۈرئەتلىك ئادەملەرنى ئەسكەر بېشى قىلدىم. ئەپلىك، تېتىكلىرىنى ئەل باشقۇرۇشقا قويدۇم. ھاڭۋاقتى، ئاغزى ئوچۇقلارنىڭ قولىغا تاياق تۇتقۇزۇپ مالغا قويدۇم. دۇنيا شۇنداق يارىتىلغان. بۇركۈت بۇركۈت تۇرۇپ ئاچلىقتىن ئۆلسۇنمۇ؟ قۇشقاچ قۇشقاچ بولۇپ يارىلىپ بۆرە ئالسۇنمۇ؟ قېنى نېمە دەيسىلەر؟

نېمە دېيىشكە بولىدۇ؟ ھېچكىم ئۈندىمىدى. ئارگاسۇن بولسا ئۆزىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئۇنتۇپ، ئەمدى ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قاراپ ئولتۇرىدۇ. ئوگداي نېمە ئوقۇپ، نېمە ئاڭلىغىنىنى چۈشەنمەي بىردە ئاتىسىغا، بىردە توختاخۇنغا قاراپ ئولتۇرىدۇ. توختاخۇن بولسا ئەمدى چىڭگىزخاننى بىرەر ئىنسانپەرۋەرلىككە چاقىرىشنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوق ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندەك.

— مەسىلىنىڭ بىر تەرىپىنى ئېيتتىڭ، ئۇلۇغ خان، — دېدى ئۇ — شۇندىمۇ ھەركىمنىڭ نېمە ئېلىپ، نېمە قويۇشى توغرىلىق ئويلىشى، نىيەت قىلىشى ئۆز ئەركى. بىراق ئۆزىنى ئۆزى تۇتۇشى، باشقىلارنىڭمۇ تەقدىرىنى ئويلىشى ئورۇنلۇق بولار ئىدى.

— ئېسىڭىزدە بولسۇن مېنىڭ ئۇلۇغ ۋەزىرىم، — چىڭگىزخاننىڭ يۇمۇق كۆزلىرى ۋىللىدە قىلىپ ئېچىلدى، — ئېسىڭىزدە بولسۇن، سەن مېنىڭدىن ئىككى ھەسسە كىچىك، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ياش، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ھېچقاچان چىڭگىزخاندىن

چىچەن دەپ ئويلىما. . . ھەر كىمنىڭ ئۆز
ئەركى! نېمىشكە ھەركىمنىڭ ئۆز ئەركى ؟
قېنى كىمنىڭ ئەركى ئۆزى بىلەن ؟

ئۇگداي ئاتىسىنىڭ ئاۋازىدىن، گۇنىڭ
چىرايىدىن چۆچۈپ كەتتى. ئۇ بەئەينى توخ-
تاخۇننى ھىمايە قىلغۇسى كەلگەندەك گول-
تورغان ئورنىدىن قوزغۇلۇپ بىرىپ توختىدى
. ئۇنى سەزگەن ئاتىسى ئوغلىغا بىر چەكچى-
يىپ قارىدى - دە، كېيىن ئۇنىڭ مىيۇسلەن-
گەن چىرايىنى كۆرۈپ ئۆزىنى توختاتتى (-
باستى).

—بالىلارنىڭ ئوقۇشى قانداق؟ تاتاتوڭا؟
بىر نېمە چىقىدىغاندەكمۇ؟ - دېدى بىرئازدىن
كېيىن چىڭگىزخان ئۆزىنى تامامەن قولىغا
ئېلىپ.

—ئوغۇللىرىڭىزنىڭ بارلىقى بىمالال
يېزىپ، بىمالال ئوقۇشنى ئۆگىنىۋېتىۋ.

—توغلۇق ياراپتۇ ئۇندا، ئۇنىڭ ھېچبىر
خىجالىتى بولمىسۇن، ئۆزۈڭ كۆز - قۇلاق
بول، مېنىڭ ھەممىگە ۋاقتىم بولىۋېرمەيدۇ.

—يېڭىدىن كەلگەن ياشلار ئارىسىدا
ئىسمايىل دېگەن يىگىتكە خانزادىلەرنىڭ بى-
لىمىنى ئاشۇرۇشنى تاپشۇردۇم.

—يەنە قانداق بىلىم؟

—بىلىمنىڭ چېكى يوق ئۇلۇغ خان،
دۆلەت ئىشى، ئىككىنچى بىر ئەل ياكى باشقا
بىر ياقلار توغرىلىق خەۋەردار بولۇشى، ھەتتا
ھېساب ئىشى. . .

—باشقا بىر ئەل دېگىنىڭ دۇرۇس ئە-
كەن، ئوقۇسۇن، دۆلەت ئىشىنى بىلىش نا-
ھايىتى ياخشى ئىش. مۇمكىن باشقا بىر
تىلنىمۇ ئۆگىنىپ ئالار.

—نېمىشكە ئۆگەنمىسۇن؟ ئەنە چاغاتاي
ئۇيغۇر تىلىدا قەدىمقىدەك سۆزلىشىدىغان
بولدى. ھازىر ئۇمۇ مۇسۇلمان دىنىغا قىزىق-
قىپ يۈرىدۇ.

—شۇنداق - دە، ئۇيغۇر تىلى، مۇسۇل-
مان دىنى. . . بۇ ياخشى ئىكەن، كېلىچەكتە
كېرىكى بولۇپ قالار.

—كېرەكسىز بىلىم يوق! ئۇلۇغ خان.

توختاخۇن چىڭگىزخاننى چۈشەنمىدى.
ئاق كۆڭۈل ئادەم تازا بىلىم تەرىپىنىلا ئوي-
لىغان ئىدى. چىڭگىزخان بولسا بىلىم ئە-
مەس، بەلكى بارلىق مۇسۇلمان دۇنياسىنى
تۇگەل ئويلىغان ئىدى.

—بىراق مەن جوشى (جوجى) نىڭ ئې-
لىۋاتقان بىلىمى باشقىچىمىكىن دەپ ئويلاي-
مەن. باشقا ئوغۇللىرىم تەسلىم بولغان ئەل-
نىڭ ئەسكىرى قانداق ئىدى؟ قورال - يارا-
غىچۇ؟ - دەپ سورىسا، جوشى (جوجى) ئۇ-
لارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، تىلى، رەسىم - قا-
ئىدىلىرىنى، ھەتتا كىيگەن كىيىمى توغرى-
لىق سورايدۇ. بۇ قانداق بولغىنى دەيمەن؟
ئۇلارنىڭ نېمە كېرىكى بار دەيمەن. گاھىدا
قولىدىن ھېچنېمە كەلمەيدىغان بىر گۆش
بولۇپ چىقامدىكىن دەپمۇ ئويلاپ قالىمەن.
بىراق قىلغان ئىشلىرىغا مەن قايىل. ئەجەبا
مانا نەچچە ۋاقىت ئۆتتى، تېخى كەلمەي-
ۋاتىدۇ.

جوشى (جوجى) ئەتىسى ئۆتۈپ ئۆگىنى
كەلدى. ئۇ ھازىر ئاتىسىنىڭ ھوزۇرىدا، نا-
ھايىتى خۇشال، ئۆزىگە ئۆزى مەغرۇرلانغاندەك
قىلىپ ئولتۇرىدۇ. بەزىدە ئۇ توختاخۇنغا
قانداق ئىكەنمەن؟ ئىشەنچەڭنى ئاقلىدىممۇ؟
دېگەندەك قاراپ قويىدۇ. ئۇ ھازىر ياۋنى يې-
ڭىپ شۆھرەت قازانغىنىغا ئەمەس، بەلكى
ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقىنى ھېچبىر قان تۆك-
مەستىن ئورۇنلاپ كەلگىنىگە خۇشال بولۇپ

2005.1

ئولتۇرىدۇ.

چىڭگىزخانىنىڭ بۇرۇنقى نايمانلار خانى-
دىن قالغان ئۆيى ھازىر يوق . ھازىر قىممەت
يىپەكتىن ئۇنىڭدىنمۇ يوغان ئۆي تىكىلگەن.
جىھاز - بىساتلىرىمۇ ھازىر باشقىچە، ھەتتا
يوغان ھايۋان سۆڭىكىدىن ياسىلىپ كۈمۈش
كىرەك بولسا ئالتۇندىن ياسالغان بۇيۇملىرى-
مۇ ئاز ئەمەس. ئۆزى يەنە ئەنە تەختتە ئولتۇ-
رىدۇ. يوغان، چىرايلىق قىلىپ ياسالغان ھەر
خىل قىممەت باھالىق تاشلار تۇتۇلغان تەخت.
ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تەختتىن بىر پەلەمپەي
تۆۋەن سۇپا شەكلىدە ياسالغان ئورۇندا بۇگۇر-
جى، سول تەرىپىدە بولسا بالىلىرى ئولتۇ-
رىدۇ، ئارىسىدا جوشى ( جوجى ) سەل ئۇس-
تۇنرەك.

جوشى (جوجى ) دەپ ئۇنىڭغا چىڭگىز-
خان ئىنىسى جوشى قاسارنىڭ ھۆرمىتىگە
ئات قويغان ئىدى. بىراق جوشى قاسارنى ھا-
زىر چىڭگىزخانىنىڭ ئۆزىمۇ، باشقىلارمۇ تو-
لۇق ئىسمى بىلەن ئاتىمايدۇ. قاسار دەپلا ئا-
تايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا چوڭ ئوغلىنىمۇ
جوشى دەپ ئاتاپ قوش ئىسمىنىڭ باش تەرى-
پىلا قالغان.

ئۇلاردىن تۆۋەن تەرەپتە، نويانلار ئارىسىدا
توختاخۇنمۇ بار. توغلۇق بولسا ئادەتتىكىدەك
دۇگىلەك قىلىپ ياسالغان، ئۈستىگە خەنزۇ
يىپىكى بىلەن ياپقان كىچىك بىر جوزىنىڭ
قېشىدا بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرىدۇ. ئۈستەل
ئۈستىدە قەغەز، غاز قانىتىدىن ياسالغان بىر
نەچچە قەلەم، سىيا قۇتىسى تۇرىدۇ. توغ-
لۇقنىڭ بارلىق دىققىتى چىڭگىزخاندا. بۈ-
گۈنكى جوشى (جوجى ) ۋە باشقىلارنىڭ ئېيت-
قان سۆزلىرىمۇ ئۇنىڭ دىققىتىدىن يىراق ئە-
مەس.

ھازىر ھەممە گەپ جوشى (جوجى )
توغرىلىق. بەزىلەر ھەتتا ئۇنى ئۇلۇغ سەردار
دېگەن يەرگىچە يەتتى. ئارگاسۇن مەدھىيە
ئوقۇپمۇ ئۇلگۇردى. توختاخۇن ئۇلارنىڭ خى-
جالەت بولغاندەك جوشىغا (جوجى ) غا قاراش
بىلەن جوشىنىڭ ئۆزىمۇ ئۇلارنىڭ ماختاش-
لىرىغا قىسىلىپ ئولتۇرغاندەك . ئەمما چا-
غاتاي باشقىچە. بىردە قىزىرىپ، بىردە تاتى-
رىپ ئولتۇرىدۇ. جوشىغا ئېيتىلغان ھەر بىر
ئېغىز مۇبالىغە ئۇنىڭغا بەئەينى يىڭنە بولۇپ
سانجىلىۋاتقاندەك . ئۇنىڭ بۇ قىلىقىمۇ
توختاخۇننىڭ دىققىتىدىن نېرى بولمىدى.

«ھەددىدىن ئارتۇق شەپقەتسىز، رە-
ھىمسىز» - دەپ ئويلىدى ئۇ توغرىلىق
توختاخۇن، — ئەنە ھازىر ھەتتا بىر قور-
ساقتىن چىققان ئاكىسىنى كۆرەلمەي ئولتۇ-
رىدۇ. كېيىن كىم بولۇپ چىقار بۇ ؟ ھا-
زىرنىڭ ئۆزىدە تېخى بۇرۇتى خەت تارتىپ
ئۇلگۇرمەي تۇرۇپ «ئۇرۇش دېسە نېمە تۇرۇش
» دەيدىغان نېمە. ئامال قانچە؟ ئاتىسى تىز-
گىنىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ. كېيىنچۇ؟ كېيىن
ئۇنىڭغىمۇ ئەسكەر ھەتتا ئۇلۇس بېرىدۇ.
كېلەر بىر كۈنى ئاتىسىمۇ ئۆلەر، شۇ چاغدا
نېمە بولغاي؟ » . . .

—مەن ھېچبىر قەھرىمانلىق كۆرسەت-
مىدىمغۇ؟ - دېدى مەدھىيە، مۇبالىغىلەرگە
ئارتۇق چىداپ ئولتۇرالمىغان جوشى (جوجى)
، —قىلىچ تەڭلەشنىڭ ئورنىغا مەن ئۇلار
بىلەن سۆزلەشتىم. سۆزۈمگە قايىل بولۇشتى
. بۇ بولسىمۇ سىنىڭ شۆھرىتىڭنىڭ، قۇد-
رىتىڭنىڭ نەتىجىسى، ئۇلۇغ خان :

—مانا شۇنىڭ ئۆزى ئۇلۇغ غالىبىيەت،
ئوغلۇم. يارايسەن! پەم - پاراسىتىڭگە قا-
يىل مەن. تېخى 22 ياشقا كىرە - كىرمەي

تۇرۇپ مۇنچىلىك ئىش قىلىدىكى، - چىڭ-
گىزخان ئولتۇرغانلارغا : «مانا مېنىڭ چوڭ
ئوغلۇم قانداقكەن، بىلىپ قويۇڭلار » دېگەن-
دەك سۆزلىدى، — ئەسكەر ئېلىپ چوڭ
ئىشقا بىرىنچى قېتىم ئاتلىنىشىڭ ئىدى.
غالىبىيەت بىلەن كەلدىڭ. كۆك تەڭرى
يار - يۆلەك بولغاي ساڭا!

— ئۇلۇغ خان، - دېدى بۇگۇرچى ئور-
نىدىن تۇرۇپ، — جوشى ھېچبىر قان تۆك-
مەي، ئەسكەرنىمۇ خەتەرگە قويماي، سېنىڭ
باش پاناھىڭ ئاستىغا خاكاسلارنى، قىرغىز-
لارنى ئويراتلارنى ھەم تۇن - كېچە ئەللىرى-
نىڭ ئورماندا ياشايدىغان باشقا قەبىلە ئۇلۇس-
لارنى توپلاپ كەلدى. ساڭا قوشۇلغان قەبى-
لىلەرنىڭ بەگلىرى ھۆرمەت بىلەن ساڭا كۆپ
سوۋغات ھەدىيە قىلدى.

بۇگۇرجى «سېنىڭ باش - پاناھىڭ ئاس-
تىغا » ، «ساڭا قوشۇلغان قەبىلىلەر » - دەپ
سۆزلىدى. «بېقىندۇرۇلغان، قول ئاستىڭغا
» دېمىدى. چۈنكى ھازىر ئۆيدە شۇ خەلقنىڭ
خان - ئاقساقاللىرى ئولتۇرىدۇ.

— پەم - پاراسىتىڭلارغا ئاپىرىن، ھۆر-
مەتلىك مېھمانلار، - چىڭگىزخان ئۇ ئادەم-
لەرگە بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى، — زاما-
نىمىز تەشۋىشلىك. ئېغىر، مانا سىلەر بى-
لەن بىزنىڭ ھېچبىر ئارامىمىز يوق. قايسى
تەرەپتىن چاپار دەپ يە كۈندۈزى ئارام يوق، يە
كېچىسى ئارام يوق، جەنۇبتا خەنزۇ، شەرقتە
تاتار، ئۇنى ئاز دەپ قاراكىدان، تاڭغۇت ۋاھا-
كازلار يەنە بار. شۇنىڭ ئۈچۈن باش قوشايلى
دېگەن نىيەت ئىدى. قوينىڭ بىر تال يۇڭىنى
ھەتتا ئاتنىڭ بىر تال قىلىنى بوۋاقمۇ ئۈزى-
ۋېتەلەيدۇ. مانا ئەمدى باش قوشتۇق. بىر-
بىرىمىزگە يار - يۆلەك بولايلى. ئالدىمىزدا
ئىش كۆپ. مانا شۇ ئىشلاردا بەرگەن ۋەدى-
مىزدىن قايتىپ، بىر - بىرىمىزگە خائىن-
لىق قىلىدىغان بولساق، ئۇنى كۆك تەڭرى-
نىڭ ئۆزىمۇ كەچۈرمەيدۇ. بۇگۇجى، ھۆر-
مەتلىك مېھمانلار ھېرىپ - ئېچىپ كەلدى،
دەم ئالسۇن. ھەر بىرىگە چېدىر تىككۈزۈپ
مال سويۇڭلار.

قەبىلە باشلىقلىرى ئورۇنلىرىدىن دۇر-
رىدە تۇرۇشتى - دە، تازىم قىلىپ بۇگۇرجى-
نىڭ كەينىدىن چىقىشتى.

جوشىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ ماختىغانغا
چىدىماي تاتىرىپ - قىزىرىپ ئولتۇرغان چا-
غاتاي سىرتقا ھەممىدىن بۇرۇن ئالدىرىدى.
قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغان توختاخۇن
ئۇنىڭ «مەركىتنىڭ يالدامىسى » دېگەن سۆ-
زىنى ئاڭلىدى. چىڭگىزخان ئۇنىڭ بۇ سۆ-
زىنى ئاڭلىمىدى. ئاڭلىسا چوقۇم جىدەلنىڭ
چوڭى چىققان بولار ئىدى. چۈنكى بۇ مەسىلە
ئۇنىڭ يۈرەك يارىسى. ساقايمايدىغان، ئۆچ-
مەيدىغان ۋىجدان ئازابى. . .

چىڭگىزخاننىڭ يەنى تىمۇچىننىڭ تې-
خى ياش، قۇللۇق ئازابىدىن يېڭى قۇتۇلۇپ
ئاندىن ئەل قاتارىغا قوشۇلاي دېگەن ۋاقتى
ئىدى. قۇل بولغاندا ئۇ باشقا بىر ياۋ، باشقا
بىر ئەل، ھەتتا باشقا بىر قەبىلە - ئۇلۇسقا
مەھبۇس بولۇپ، شۇلارنىڭ قۇلى بولغىنى
يوق. ئۆز ئۇلۇسىنىڭ نويانى قۇل قىلدى.
بوينىغا تاقاق تاقاپ، مال - مۈلكىنى تارتى-
ۋالدى. ئانىسى، ئىنىلىرى قاسار، بەلگۇتاي
ۋە ئۆزىنى نامرات قىلىپ قوغلىۋەتتى. ئۇلار
مىڭبىر ئازاب، مىڭبىر مۇشەققەت بىلەن
قەددىنى رۇسلىغان، تىمۇچىن ئەمدىلا ئۆي-
لەنگەن چاغدا تۇيۇقسىز مەركىتلەر كېلىپ
بۇلاپ - تالاپ كەتتى. تىمۇچىننىڭ ئايالى

بۆرتەنى ئېلىپ كەتتى. كېيىن ئۇنى تىمۇچىن ئاتىسىنىڭ يېقىن دوستى ئاندا، يەنى ئاكا ـ ئۇكا بولۇشقان كېرەيلەرخانى توغرۇلنىڭ ئۆز ئاندىسى، كىچىكىدىن بىللە ئۆسكەن، كېيىن جارجىراتلارنىڭ نويانى، ئەركىن، خانلارغا بېقىنمايدىغان نويارنىڭ نويانلارنى جامۇقانىڭ ياردىمى بىلەن بوشۇتۇپ كەلدى. ئاندىن جوشى (جوجى) تۇغۇلدى. يالغۇز چاغاتاينىڭلا ئەمەس، يۇرت ئارىسىدىكىلەرنىڭمۇ «مەركىتنىڭ يالدامىسى» دەيدىغىنى ئەنە شۇنىڭدىن. چىڭگىزخاننىڭ قەلبىدىكى قاراڭغۇ تۇمانمۇ ئەنە شۇ.

## VIII

يۇرت، موڭغۇلنىڭ بارلىق قەبىلىلىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، ئىلىگىنى ئۈزۈپ، ھەتتا ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىدىغان مۇشۇ تەبىئىي ئاپەت، بۇ يىلمۇ ئۇ تەرىپى ئۇنۇن، بۇ تەرىپى يەنسەي، ئېرتىش ئەتراپىنى خانىۋەيران قىلدى. ئادەملەردە ھېچبىر دەرمان قالمىدى. ماللار تېخىچە قىرىلىۋاتىدۇ. قالغان ماللار تاغلارنى دالدا قىلىپ ئۇچۇق قاپتالنىڭ قالغان قاتقان چۆپى بىلەن كۈن كۆرۈپ يۈرىدۇ. ئۇلاردىنمۇ قىشتىن ئامان چىقىدىغانلىرى ئاز بولسا كېرەك. ۋادىلارنى بولسا قار بېسىۋالغان، ئۇنىڭ ئاستىدىكى چۆپنى پەقەت ھەممىگە چىداملىق ئاتلارلا چاپچىپ تېپىپ يېيەلەيدۇ. بىراق چىداملىق دېگەن يىلقىمۇ ئۆلۈمدىن ئامان قالمايۋاتىدۇ. قىش قاتتىق. قېرىلار ئىلگىرى مۇنچىلىك جۇدۇن ـ چاپقۇنلۇق قاتتىق قىشنى كۆرمىگەن دېيىشىۋاتىدۇ.

ئەل ئىچىدىن بەرىكەت كەتتى. تەركى دۇنياغا چۈشكەن، چىدامى چېكىگە يەتكەن خەلق ئارىسىدا نارازىلىق كۈچەيدى. كۆپچىلىكى يە تەقدىرگە، يە تىمۇچىنغا لەنەت ئوقۇشنى بىلمەيدۇ. باشلىرى گاڭگىراپ قالدى. ئىلگىرى مەن ـ مەن دەپ يۈرگەن، ھازىر چىڭگىزخاننىڭ قولىغا ئۆتكەن قەبىلىلەر، ئۇلۇسلار بولسا ئەمدى ئوچۇقلا باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. ھەتتا چىڭگىزخان ئەڭ يېقىنغۇ دەپ يۈرگەن ئايالى بۆرتەنىڭ قەبىلىسى قوڭراتلارمۇ باش كۆتۈردى. ئۇلار ھەتتا ئۆزلىرىنى مۇستەقىل دەپ ئېلان قىلىپ، بۇرۇنقى قىشلايدىغان جايلىرىدىن باشقا ماكانغا كۆچۈپ كېتىشتى. نايمانلار ئارىسىدىمۇ بەزىبىر نويانلار بېرىكىپ، ئۆز نۆكەرلىرى بىلەن چىڭگىزخانغا قارشى خەۋپلىك كۈچكە ئايلىناي دېدى. مەركىتلەر بولسا ئۇلاردىنمۇ ئېشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ خانى توختى باقىنىڭ ئوغلى كۆلتۈۋغان مەركىتلەرنىڭ بېشىنى قوشۇپ، ئەمدى چىڭگىزخان ئۆلتۈرگەن ئاتىسىنىڭ ئۆچىنى ئالىمەن دەپ يۈرگىدەك. كېيىن ئۇنىڭ بەرگەن ۋەدىسىنىڭ قۇرۇق سۆز ئەمەس ئىكەنلىكى توغرىلىق خەۋەرلەر كېلىشكە باشلىدى. قېشىدا ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ نويانى تاھىر بار كۆرۈنىدۇ.

توختى باقى خاننى ئۆلتۈرگەن چىڭگىزخاننىڭ ئۆزى ئەمەس. ئۇمۇ مەركىتلەرنى چىڭگىزخاندىن قاچۇرۇپ كۆچۈرۈپ باشقا يەرگە كېتىپ بارغاندا قولغا چۈشكەن ئىدى. ئەنە شۇ يەردە ئۆلدى. قىزى قۇلان دۈشمەن قولىغا چۈشتى. كېيىن قۇلانمۇ چىڭگىزخاننىڭ كۆپ ئاياللىرىنىڭ ئارىسىغا قوشۇلغانىدى.

كۆلتۈۋغان ئەنە شۇ سىڭلىسىنىمۇ ئازاد قىلماقچى بولۇپتۇ. كۆلتۈۋغاننىڭ ئەتراپىدا ئۆزىگە تەڭ كېلەر ئادەم يوق. باتۇرلۇقتا ئەر

يۈرەك، تەڭدىشى يوق مەرگەن دېگەن ئاتىقىمۇ
چىقىشقا باشلىدى. ئۇ چىڭگىزخاننىڭ ئە-
ۋەتكەن ئاز ـ تولا ئەسكىرىنى قىرىپ، چەت ـ
ياقىلاردىكى ئاۋۇللارنىمۇ بۇلاپ ـ تالاپ كې-
تىپ يۈردى. دەسلەپ بۇلارنىڭ بارلىقىغا ئانچە
ئەھمىيەت بېرىلمىگەن ئىدى. ئەمدى ئۇ
مەركىتلەرگە قارشى ئوغلى جوشى (جوجى)
نى ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولدى. قېشىغا سۇبۇ-
تاي باھادىرنىمۇ قوشۇپ بەردى. نايمانلار ئا-
رىسىغا جېبېنى، قوڭراتلارغا بولسا جەلمەن-
نى ئەۋەتتى. ئۆزى ئون قاناتلىق كىگىز ئۆيدە
ھېچبىر تارسىلدىماي. چېچىلماي بىر خىل
كۆيۈۋاتقان چېتىدىن يېقىلغان ئوت يېنىدا
ئولتۇرىدۇ. قېشىدا بۇگۇرجى، تەختى تۆردە.
ئۇنىڭ قېشىغا بارمىغىنىغا خېلى كۈنلەر
بولدى. تېخى تەنتەنىلىك هالدا ئولتۇرۇپ،
نويانلىرى بىلەن بىرەر مەسىلىنى رەسمىي
ھەل قىلغۇدەك، ئەلچى قوبۇل قىلىپ، ئەل-
چى ئەۋەتكىدەك پۇرسەتمۇ بولمىغان ئىدى.
يازلىق يەنى يىپەكتىن تىكىلگەن ئۆيدىكىدەك
ھەشەمەتلىك بىساتمۇ يوق. هازىر بۇ كىگىز
ئۆيدە كۆپى ئورۇن ـ كۆرپە، كىگىز، جۇۋا
ۋاھاكازالار.

چىڭگىزخان ئادەتتىكىدەك كۆزلىرىنى
سەل يۇمغان هالدا ئۇنچىقماي ئويغا چۆمۈپ
ئولتۇرىدۇ. بۇگۇرجى بولسا ئوت ئۆچەي دې-
گەندە بىر ـ ئىككى تەمەچ ياكى تارشا تاشلاپ
قويىدۇ. بەزىبىر ۋاقىتلاردا شامال باشقا ياق-
تىن چىقىپ تۈڭلۈكتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان
ئىسنى ئۆي ئىچىگە ھەيدىرىپ قوغلاپ كىرى-
دۇ ـ دە، ئولتۇرغانلار ئىستا بۇرۇقتۇم بولىدۇ
. مۇنداق چاغلاردا تەييار تۇرغان نۆكەرلەر
تۈڭلۈكنى باكان بىلەن يۆتكەپ كۆتۈرىدۇ.

ـــئۇيغۇرنىڭ ئېيتقان سۆزىگە ئەھمى-
يەت بەردىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى بىر ۋاقىتتا
تىمۇچىن دوستىدىن.

ـــقايسى ئۇيغۇرنى دېۋاتىسەن؟

ـــتاتاتوڭانى، ئەلۋەتتە باشقىسى بىزنىڭ
قېشىمىزدا ئولتۇرۇپ قاچان پاراڭ قىلغان؟

ـــھە ئېسىمدە، ئۇلۇغ خان، ئېسىمدە.
مەنمۇ شۇ بىر گېپى توغرىلىق خېلى ئويلى-
غان ئىدىم. ھەر قەبىلىنىڭ نويانى، ئۇنىڭ
قولىدىكى ئەسكەر، نۆكەرلىرى ھەققىدە گەپ
بولغان ئىدى. شۇغۇ دەۋاتقىنىڭ؟

بىرىنى ـ بىرى بۇلاپ ـ تالاپ، بىر
قەبىلە ياكى خانلىق ئىككىنچىسىنى قىر-
غىنچىلىققا ئۇچرىتىپ، خانىۋەيرانچىلىق
ھۆكۈم سۈرگەن دەۋر تۈگىدى. ئەمدى ئىناق،
تىنچ ئامان بىر دۆلەت، پەقەت بىر ئادەمنىڭ
ئەمىر ـ پەرمانى ماڭىدىغان بىر خانلىق قۇ-
رۇلۇپ، خەلق ھېچبىر دەھشەتسىز، مىلى-
دىن، جېنىدىن قورقماي ھايات كەچۈرىدىغان
ۋاقىت يەتتىغۇ، دەپ ئويلىغان ئىدى توختا-
خۇن، بىراق بولۇپمۇ مۇشۇ ئاخىرقى يىلنىڭ
ۋەقەسى ئۇنى يەنە تەشۋىشكە سېلىپ، يەنە شۇ
بۇلاپ ـ تالاش، ئادەم ئۆلتۈرۈپ كېتىش، ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە قېرى ـ چۆرە، بالا ـ چاقىنى
ئايىماي قىرىپ ياكى قۇللۇققا ئېلىپ كېتىش
ئەھۋاللىرى ئۇنىڭ پەقەت ئارامىنى بۇزىدىغان
، قەلبىنى ئازابلايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.
ئەنە شۇنىڭغا چىدىمىغان توختاخۇن بىر كۈنى
چىڭگىزخانغا ئەلنى پاراۋانلىققا چىقىرىمەن
دەپ يەنە ئىلگىرىكىدەك ئەنسىزچىلىككە
قويدۇڭ، دېگەندەك پاراڭ قىلغانىدى. شۇ
چاغدا خەلقنىڭ ئارامىنى ساقلاش ئۈچۈن
ئەسكىرىنى قەبىلىسىگە قاراپ ئەمەس، بەلكى
بىر تۇتاش دۆلەتنىڭ قىلىپ تۈتۈش كېرەك،
دەپ پىكىر بەرگەن. چىڭگىزخان بۇنى توخ-

تاخۇن ئېيتمىسىمۇ بىلەتتى، ئەلۋەتتە. بىراق بۇ مەسىلىنى بىردىنلا ھەل قىلىش ئوڭاي بولمايتتى. چۈنكى ھەر بىر قەبىلە ئۇلۇسنىڭ ئەسىرلەر بويى داۋاملىشىپ كەلگەن ئادەت تۇرمۇش، قائىدە يوسۇنلىرىنى بۇزۇۋېتەلمەيدى. ھەر ئەلنىڭ ئۆز بېگى، ئۆز خانى، ئۆز نويانى، يەنى خەلقنىڭ ئىشىنىدىغان بىر ئادىمى بولۇشى كېرەك.

چىڭگىزخان شەرق تەرەپتىكى تاتارلارنىڭ، بۇ تەرەپىدىكى نايمان، مەركىت، كېرەيلەرنىڭ خانلىرىنى يوقاتقىنى بىلەن ئۇلارنىڭ بېگى، نويانلىرىنى ئۇنداق قىلالمىدى. يوقىتالمىدى ئەمەس، بەلكى يوقاتقۇسى كەلمىگەن. چۈنكى بۇ ئەللەرنى شۇلار ئارقىلىق باشقۇرماقچى بولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ سادىق بولمىمىز دېگەن گېپىگە ئىشەندى. ئەمدى مانا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ۋەدىسىدە تۇرمىدى. بۇنداق ئەھۋالغا خاتىمە بېرىدىغان ۋاقىت يەتتى، ـ دېدى تىمۇچىن بۇگۇرچىگە ئەمەس، بەلكى ئۆز ـ ئۆزىگە مۇراجىئەت قىلغاندەك. ئۇنىڭسىز مىڭ بىر مۇشەققەت بىلەن ئاران بېشىنى قوشقان موڭغۇللارنىڭ يەنە بىتچىت بولۇشى مۇمكىن.

مۇشۇ پەيتتە تازىم قىلىپ توختاخۇن كىرىپ كەلدى.

—ياخشى كەلدىڭ، تاتاتوڭا، قېنى بۇياققا كەل، ـ چىڭگىزخان ئۇنىڭغا تۆردىن ئورۇن كۆرسەتتى.

—ئۇلۇغ خان، ـ دېدى توختاخۇن بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، —مېنىڭ ئىشىم كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ياقتىن كېلىۋاتقان ئەلچى ـ خەۋەرچىلەرمۇ نۇرغۇن. ئۇ بولسىمۇ سېنىڭ داڭقىڭنىڭ بارغانسېرى كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنىڭ ئىسپاتى.

—ئۇنداق پاراڭ قىلمايدىغان ئادەم ئىدىڭغۇ، تاتاتوڭا، ـ دېدى چىڭگىزخان ئۇنىڭ كېيىنكى سۆزىنى ياقتۇرمىغاندەك.

—خوشامەتچىلىك قىلىپ دەۋاتىدۇ دەۋاتامسەن، چىڭگىزخان، ياق، بۇ مېنىڭ خوشامەت قىلىپ، پۇتۇڭغا خىش قويۇۋاتقىنىم ئەمەس.

—خىش قويغىنى نېمىسى.

—ئۇيغۇرلاردا شۇنداق گەپ بار. «قولتۇقىغا سۇ پۈركۈپتۇ» دەپمۇ ئېيتىدۇ. يالغاندىن ماختاپ، ئەخمەق قىلغۇسى كېلىۋاتىدۇ دېگەن سۆز. لېكىن مەن ھازىر سۆزنىڭ راستىنى ئېيتىۋاتىمەن. بۇ يېقى خەنزۇ، ئۇ يېقى قاراكىدانلار. ئۇلارنىڭ قول ئاستىمىدا تېخى يېڭىلا بۆلۈنۈپ چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈچ خانلىقىدىن، ئۇنىڭ ئۇ يېقى قەشقەردىن كېلىۋاتقان خەت ـ خەۋەر، ئەلچىلەرنى ئۆزۈڭ كۆرۈۋاتىسەن. ئۇلارنى قوبۇل قىلىش كېرەك. جاۋاب بېرىش كېرەك. ئۇلارنىڭ ئۇنداق ـ مۇنداقلىرىنى مېنىڭ ئۈستۈمگە ئارتىپ قويدۇڭ. دۆلەت ئىشىنى يۈكلىدىڭ. ئەمدى ئەڭ بولمىغاندا غەزىنە ئىشىنى باشقا بىرىگە تاپشۇرساڭ دەپ كىرىۋىدىم.

—غەزىنە ئىشى دېگەن ئەڭ ياخشى ئىش ئەمەسمۇ؟ ـ چىڭگىزخان ئۆز ـ ئۆزىگە ئۆزى رازى بولغاندەك شالاڭ ساقىلىنى سىيپاپ قويدى. لېكىن توختاخۇننىڭ ياقتۇرمىغاندەك قاراپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ھىجىيىشىنى توختاتتى، — بۇ ھەر كىمگە ئىشىنىپ تاپشۇرىدىغان ئىش ئەمەسقۇ، يە لايىق ئادەم تاپتىڭمۇ؟

—ئۇنداق ئادەم بار. ئاتاڭ يەسۇگەينىڭ دوستى، ئۇنىڭ بىلەن ئىسسىق ـ سوغۇقنى

بىللە باشتىن كەچۈرگەن مۇڭلۇقنى دېمەكچىمەن. ئاز ـ تولا ساۋادىمۇ بار. ھېساب ـ چوتنى بىلىدۇ.

—مۇڭلۇق ئاتامنى تالاي قېتىم ئۆلۈمدىن ئامان ساقلاپ قالغان، بىزنى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بىز ئۈچۈن ياخشى كۆرىدىغان ئادەم. دۇرۇس تېپىپسەن، تاتاتۇڭا. مەن ساڭا رازى، ئىش ئېغىر كېلىۋاتسا غەزىنىنى شۇنىڭغا تاپشۇر.

—خوش، ئۇلۇغ خان، ـ توختاخۇن ئەمدى ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى، لېكىن چىڭگىزخان ئۇنىڭغا «كەتمە، ئولتۇرۇۋەر» دېگەندەك مۇرىسىنى باستى.

ئۇنىڭ ئۆزى كۆرگەن، بىلگەن دۆلەتلەرنىڭ تۈزۈمى، ئەسكىرى، ۋاھاكازالار توغرىسىدا سۆزلەشتى.

توختاخۇن ئىلگىرىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى. بۇ قېتىم ئۇ ھەر خىل دۆلەتلەرنىڭ ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى، ئەسكەر تۈتۈش تەرتىپى توغرىلىق ئالدىرىماي، تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

—ئورۇق قېبىلىسىگە قاراپ ئەسكەر قۇرۇش، سەردار قويۇش مەن كۆرگەن ـ بىلگەن دۆلەتلەردە كامدىن ـ كام. خەلققە قىلغان خىزمىتىگە قاراپ قويۇلىدىغان گەپ، ـدېدى سۆزىنىڭ ئاخىرىدا توختاخۇن.

—پەقەت شۇ تەرىپىگىلا قاراپلىما؟ ـ دېدى بۇگۇجى سۆزگە بىرىنچى قېتىم ئارىلىشىپ.

—نېمىشكە ساداقەت، پەم ـ پاراسەت، ئىستىدات، جۈرئەت دېگەن سۆزلەرمۇ بار. بۇ جەھەتتىن چىڭگىزخانغا پەندى ـ نەسىھەت ئېيتمايلا قويايلى، چۈنكى ئۇ ھەرقايسىمىزدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بىلىدۇ.

—بىزدە ئۇنداق ئادەملەر بارمۇ؟ كىملەرنى ئاتىغان بولار ئىدىڭ؟ ـ چىڭگىزخان بۇ سوئالنى توختاخۇننى سىنىغاندەك قويدى.

—نېمىشكە بولمىسۇن، ھازىرنىڭ ئۆزىدە تۈمەن باشلاپ شىددەتلىك جەڭلەردە ئۆزىنى كۆرسەتكەن ئادەملىرىڭ بارغۇ. مەسىلەن، ئىنىڭ قەيسەرنى، ئوغلۇڭ جوشى (جوجى)نى ئال. جەملە نويان، چاۋۇرخان، سۇبۇتاي نويان، جېبې نويان ۋاھاكازالارنى ئال.

—جەملە نويان، سۇبۇتاي نويان...، ـ دەپ تەكرارلىدى ئىچىدە ئۇنىڭ سۆزىنى چىڭگىزخان. —نويانمىدى ئۇلار؟ تۆمۈرچى چارگۇداينىڭ ئوغۇللىرى ئەمەسمىدى؟ مانا ئەمدى پۈتكۈل ئەل ئارىسىدا نويان ئاتالدى.

راست، جەملە، ئۇنىڭ ئىنىسى سۇبۇتاي تۆمۈرچى چارگۇداينىڭ يالاڭتۆش ئوغۇللىرى ئىدى. ياش تىمۇچىننى قۇل قىلىپ شۇ تۆمۈرچىدە ئىشلەيسەن دەپ بەرگىنىدە مۇشۇ ئىككى بالا ئۇنىڭغا ئۇسسىغاندا سۇ بېرىپ، بىر پارچە ناننى تەڭ سۇندۇرۇپ يېگەن ئىدى. ئاخىرىدا چارگۇداي تىمۇچىننىڭ بوينىغا سېلىنغان تاقاقنىڭ تۆمۈرىنى كېسىپ ئۇنى قاچۇرۇۋەتكەن چاغدا، مۇشۇ ئىككى بالا ئۇنىڭغا يار ـ يۆلەك بولغان ئىدى. مانا ئەمدى ئۇلار ئاتىغى چىققان نويانلار. ئۇنىڭ ئۇستىگە سۇبۇتاي «باھادىر» دەپ ئاتىلىپ كەتتى.

—چېبېچۇ؟ راست ئۇ ئەسلى نويان، ئاقسۆڭەك، بىراق ئۇ كىرەيلەرنىڭ نويانى. تىمۇچىنغا قارشى جەڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ھەتتا ئۇنى جەھەننەمگە ئۇزۇتۇۋاتقىلى ئاز قالغان ئىدى. جېبېنىڭ قېلىچىدىن تىمۇچىن ئۇزاق ۋاقىت ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئەمەسمىدى؟ مانا ئەمدى ئۇ چىڭگىزخاننىڭ

ئىشەنچلىك ئەسكەر باشلىقلىرىنىڭ بىرى. جېبې دېگەن ئاتنىمۇ ئۇنىڭغا چىڭگىزخان ئۆزى مېنىڭ جېبېيىم بولىسەن دەپ قويغان ئىدى. . .

—بۇگۇرجىنى نېمىشكە ئاتىمايسەن؟ — دەپ سورىدى بىرئازدىن كېيىن چىڭگىزخان.

—بۇگۇرجى سېنىڭ ئوڭ قولۇڭ، خان، ئۇنىڭغا ئەسكەر بېرىپ يالغۇز قالالمايدىغانلىقىڭنى ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن.

—ئۇ دېگىنىڭ دۇرۇس. سەنمۇ مېنىڭدىن يىراق بولما، ئىش نۇرغۇن.

چىڭگىزخان شۇ كۈننىڭ ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىمۇ ئۆيدىن چىقمىدى. قېشىغىمۇ ھېچكىمنى كىرگۈزمىدى، كېيىن ئۇ: «ئاتنى توقۇڭلار» دېگەن بۇيرۇقنى بەردى-دە، تاكى ئەتىياز تۈگەپ يازغا ئۇلاشقىچە ئۆز ئوردىسىنى كۆرمىدى دېسىمۇ بولىدۇ. ئەل-يۇرتنى تۈگەل ئارىلاپ يۈردى. ئەسكەرلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ تۈمەنگە پالانچى ئادەمنى قوشۇش كېرەك. بۇ مىڭلىققا پالانچى ئادەمنى قوشۇش كېرەك دېگەن سۆز بىلەن ئۇلۇس قەبىلە جەمەتلىرىنى تۇتاش ئەسكىرى ئارىسىغا بۆلۈپ-بۆلۈپ تارىتىۋەتتى. بۇ ۋاقىتتا چىڭگىزخاننىڭ ئەسكىرى تۈمەن، مىڭ، يۈز ۋە ئونىڭدىن ئۇششاق قىسىملارغا بۆلۈنۈپ كۈچلۈك بىر مۇنتىزىم ئەسكەرگە ئايلاندى.

بىراق ئەنە شۇ ئەسكەرلەر ئۇنىڭسىزمۇ ئىلىكى ئۈزۈلگەن خەلقنىڭ ئاخىرىقى تاپقان-تەرگىنىنى شوراپ تۈگەتتى. بۇلاپ-تالاپ ئەسكەرنى، خەلقنى باققۇدەك باشقا قوشنا ئەلمۇ قالمىدى. نەتىجىدە چىڭگىزخاننىڭ ئۆزگە بىر ئەل بىلەن ئۇرۇش ئاچقىدەك چامىسىمۇ تۈگىدى. خەلق بولسا مالغا ئوخشاشلا نۇرغۇن قىرىلىپ كەتتى. چىڭگىزخاننىڭ يېنىدا بولۇپ، ئەل-يۇرت ئارىلىغان توختاخۇن شۇنچىلىك ئېغىر ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. قار ئېرىشى بىلەن ئۇ ماڭغان يولدا ئۆلۈپ ياتقان مال، ئادەم جەسەتلىرى ئوچۇق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇ قاغا-قوزغۇن، ئىت-قۇشلارنىڭ ئامەتى كەلگەن يىل بولدى. نەدىلا بولمىسۇن بىردە ئۆلگەن مال ئۈستىدە ياكى ئادەم جەسىدى يېنىدا ئۇچۇپ يۈرگەن قۇزغۇن، تازقارا توڭلىغان تاپنى يۇلۇپ تارتىپ يەپ يۈرگەن ئىت، قۇش. . .

مانا مۇشۇلارنىڭ شاھىدى بولغان توختاخۇن كىمگە نەپرەتلىنەرىنى، كىمگە لەنەت ئېيتارىنى بىلمەي سەكپارە بولدى. ئۇ بىر نەچچە كۈن ھېچكىم بىلەن پاراڭمۇ قىلماي پەقەت ئۆز ئىچىدە بۇرۇختۇم بولۇپ يۈردى.

—نېمە كۆرۈندى ساڭا، تاتاتۇڭا، — دېدى ئۇنى سەزگەن چىڭگىزخان بىر كۈنى، — زۇۋانىڭ تۇتۇلۇپ يۈرىدۇغۇ؟ ئۆلگەن ئادەم، قىرىلىۋاتقان مال ئۈچۈن ھەس-ھەس بولۇپ يۈرەمسەن؟

—نېمەدېگەن ئاپەت؟ نېمەدېگەن نائىلاجلىق؟

—تەڭرىنىڭ ئىشى، سېنىڭ بىلەن مېنىڭ قولۇمدىن نېمە كېلىدۇ؟

—مېنىڭ قولۇمدىنغۇ ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، بىراق سېنىڭ قولۇڭدىن كېلەتتى.

—خەلقنى، مالنى ئەتەي قىرىۋاتىمەن دېمىگىيدىڭ.

—مالغىغۇ ئامال يوق، لېكىن ئادەملەرنى ئامان ئېلىپ قېلىشقا تىرىشىپ بېقىشىڭ كېرەك ئىدىغۇ، يەنە شۇ نويانلىرىڭ،

باي ماناپلىرىنىڭ ئىلگىرىكىدەكلا سېمىزلىكىتىن قورسىقىنى كۆتۈرەلمەي يۈرىدۇ. ئۇلار ئۇچۇن قانچە مېلى ئاچتىن، سوغۇقتىن قىرىلىپ ئۆلسە مەيلى، لېكىن مالچىغا بىر تال توخۇسىنى قىيمايدۇ. ئۇ بىچارىلەر بولسا رۇخسەتسىز سويۇپ يېيەلمەيدۇ. يېسە نويان ئۆلتۈرىدۇ. ھامانەم بىر ئۆلۈم، يا قامچىدىن، يا ئاچلىقتىن.

— سەن نېمە دېمەكچى؟ بىرسىنىڭ مېلىنى ئىككىنچىسىگە ئېلىپ بەر دېمەكچىمۇسەن؟

— ئۇنداق قىلما، بىراق قولۇڭدىكى ئادىمىڭنى باق، ئاچتىن ئۆلتۈرمە دېيىشكە بولىدىغۇ؟ سەن خان. ئۇلۇغ خان. دېمەك، مۇشۇ يۇرتنىڭ ئاتىسى، غەمگۇزارى، ئاتا دېگەن ئۆز بالىسىنى بېقىش كېرەك. يە خاننىڭ ۋەزىپىسى، بۇرچى قولىغا قىلىچ ئېلىپ ئۆزگىنى چېتىۋېلىش بىلەن چەكلىنىدۇ دەپ ئويلامسەن؟

— چىڭگىزخاننىڭ ئاتىسى يەسۈگەيگە تارتقان كۆك كۆزلىرى توختاخۇنغا زەھەر چاچىدىغاندەك قادالدى - دە ئاندىن قېلىن قاپىقىنىڭ ئاستىغا يەنە كۆمۈلدى.

— باشقا بالا - قازا كەلگەندە قۇرۇق ۋەز ئوقۇيدىغىنىڭلار كۆپىيىپ كېتىدۇ، - دېدى ئۇ بىر ئازدىن كېيىن، — ئۆزۈڭچۇ؟ قولۇڭدا مۆھۈر بارغۇ؟ غەزىنىمۇ سېنىڭ قولۇڭدا، شۇنچە قۇدرىتىڭ تۇرۇپ خەلقنى نېمىشقا ئامان ئېلىپ قالمايسەن؟

— سېنىڭ قولۇڭسىز مۆھۈر بېسىلمايدۇ، پۇل خەجلەنمەيدۇ.

— باس مۆھۈرنى! خەجلە پۇلنى! مېنىڭ نامىمدىن نېمە قىلساڭ شۇنى قىل! بەردىم ئەركىنى. قېنى ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۈرۋال، ئۆلۈم ئالدىدىكىلەرنى ئامان ئېلىپ قال.

ئۆلگەنلەر تىرىلمەيدۇ. ئۆلۈم ئالدىدىكىلەرنىمۇ ئامان ئېلىپ كېلىشكە مۇمكىن بولمايدۇ. ئاز - تولا ئادەملەرنىڭ جېنىغا ئارا بولغىنى بىلەن كۆپچىلىكنى ئەجەلدىن، ئوچۇقراقى جۇتتىن ئامان ئېلىپ قېلىش تەس بولدى.

«قانداق خەلق بۇ» دەپ ئويلىغان كۈنلىرىمۇ بولغان ئىدى توختاخۇننىڭ. مالغىلا قاراپ قالغان كۈن كۈن بولامدىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنداق ۋاقىتتا ئەڭ بولمىغاندا بىر خالتا بولسىمۇ كېپەكى، بۇغدىيى ياكى قونىقى بولىدۇ. ئورىسىدا سەۋزىسى، بىر تال بولسىمۇ كاۋىسى بولىدۇ. ئېغىر كۈنلەرگە دەپ قاينىتىپ سۈيىنى ئىچكىدەك قېقى ۋاھاكازالىرى بولىدۇ. ئۆزى ئۆلسە ئۆلىدۇكى، سېغىپ ئىچكۈدەك بىر سىيىرىنى ئەتەي (قەتئىي) ئۆلتۈرمەيدۇ. مۇنۇ بىچارىلەر بولسا قىرىلىپ تۈگەيدىغان ئوخشايدۇ.

ھەر ھالدا خەلق قىرىلىپ تۈگىمىدى. «خۇدا كۈننى بەرسە رىزقىنىمۇ بېرىدۇ» دېگەندەك، ئايرىم ئەسكەر باشلىقلىرى يېمەك - ئىچمەك ئەۋەتىشكە باشلىدى. جەملەدىن قورا - قورا مال كەلدى. جەملە ئۆز تۈمەنى بىلەن جەنۇبقا يەنى خەنزۇ چېگرىسىغا ئەۋەتىلگەن ئىدى. چىڭگىزخان دۆلىتىنىڭ بارغانسېرى ئاجىزلاپ كېتىپ بارغىنىنى بىلگەن ئالتۇنخان ھۆكۈمىتى موڭغۇللار يېرىگە ئاممىۋي بېسىپ كىرمىگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە، چېگرىدىكى قەبىلىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭسىزمۇ دەرمانى قالمىغان ئاۋام - يۇرتلارنى بۇلاپ - تالاپ ئاھالىسىنى ئۆلتۈرگىنىنى ئۆلتۈرۈپ، قالغى-

نىنى قوللۇقتا ھەيدەپ كېتىپ يۈرگەن ئىدى. ئۇنىڭغا غەزنىۋى قايىنىغان چىڭگىزخان ئەسكەرلىرىنى بىرئاز ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن جەملەنى ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭغا جوشى (جوجى) بېقىندۇرۇپ كەلگەن تون - كېچە ئەللىرىنىڭ يەنى ئورمانلىق شىمال ئەللىرىنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ قوشۇپ بېرىلگەن.

جەملە موڭغۇللار يېرىدىن خەنزۇلارنى، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنى ئىدارە قىلىۋاتقان ئالتۇنخان ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش بىلەن تىنماي، ئۇلارنىڭ ئۆز يېرىگە كىردى. ئۇلارنىڭ يىللار داۋامى شىمال قەبىلىلىرىنىڭ، خانلىقلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن خالىي يېرىدىن جۇتتىن ئۆلۈۋاتقان موڭغۇللارنى ئەجەلدىن ئامان ئېلىپ قېلىش ئۈچۈن بىرەر نەرسە تېپىلىشى چوقۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن جەملە ئۇلارنىڭ يېرىگە كىردى. چىڭگىزخاننىڭ جىكىنگىنىمۇ شۇ ئىدى. ئەنە شۇ خەلققە بىرئاز بولسىمۇ مەدەت بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قار كېتىپ يەر جاھان كۆكىرۈشكە باشلىغان ئىدى. تىرىك قالغان مالمۇ كۆك قوغلىشىپ بىرئاز باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. كېيىنرەك، مالنىڭمۇ، ئادەمنىڭمۇ ئىلىكى تولاي دېگەندە، چىڭگىزخان ئۆز ئەسكىرىنى قورۇق بېقىپ، ئىشسىز تۇتۇپ تۇرۇشنى خالىمىدىمۇ، ياكى باشقا بىر نىيەتتە بولدىمۇ، ئەيتاۋۇر، ئۇنى قايتا تەرتىپكە كەلتۈرۈپ، كۆچەيتىشكە باشلىدى؛ ئۇنىڭغا قوشنا ئەللەردە يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەرمۇ سەۋەب بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن چىڭگىزخان چەت ئەللەرگە ئەلچى ئەۋەتىشكە باشلىدى. ئەنە شۇ ئەلچىلەرنىڭ ئالدى يەر ئوبدانلا كۆكۈرۈپ قالغاندا يېتىپ كەلدى. بۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقىغا ئەۋەتكەن ئالى ئۇنۇق بىلەن دۇرباي ئىدى. ئۇيغۇر ئىدىقۇتى بارچۇق ئۇلارغا ئۆز ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئېلىپ كەلگەن خەۋىرى توختاخۇننى ناھايىتى خۇشال قىلدى. ئىدىقۇت بارچۇق ئەلچى قىلىپ بارغۇش ئۇشاغۇچ بىلەن ئالغىن تۆمۈر تۇتۇق دېگەن ئىككى ئادەمنى ئەۋەتىپتۇ. چىڭگىزخان ئۇلارنى ھۆرمەت بىلەن قارشى ئېلىپ، ھەرقايسىسىغا ئايرىم - ئايرىم ئۆي تىككۈزۈپ بەردى. ئۇلارغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئادەملىرىنى تەيىنلىدى. بارچۇقنىڭ «ساڭا چىن قەلبىمدىن خىزمەت قىلىمەن» دېگەن سۆزلىرى چىڭگىزخانغا ئالاھىدە ياققان ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن گورخاندىن، يەنە قاراخىتانلار قول ئاستىدىن بۆلۈنۈپ چىقتۇق. ئۇنىڭغا سېنىڭ داڭقىڭ، كۈچ - قۇدرىتىڭ، بىزگە مەدەت بولدى دېگەن سۆزلەرمۇ خاننىڭ بېشىنى كۆككە كۆتۈرگەندەك بولدى. كېيىن ئۇ بارچۇققا: «ئەگەر ئىدىقۇت بىزگە ھەقىقەتەن چىن قەلبىدىن خىزمەت قىلغۇسى بولسا، غەزنىسىدىن سوۋغا ئېلىپ شەخسەن ئۆزى كەلسۇن» دەپ خەت يازدى - دە، يەنە ئالى ئۇنۇق بىلەن دۇربايىنى ئەۋەتتى. بارچۇق ئەۋەتكەن ئەلچىلەرنى بولسا مېھمان بولۇپ كېتىسىلەر دەپ ئېلىپ قالغان ئىدى. ئۇلار ھازىر ئۆزلىرىگە تىكىپ بەرگەن ئۆيدە ئەمەس، توختاخۇننىڭكىدە ئولتۇرىدۇ. ئۇيغۇرنىڭ ئۈچ خانلىقىنىڭ قاراكىدانلار زۇلمىدىن قۇتۇلغىنىغا توختاخۇن چەكسىز خۇشال بولدى، ئەلۋەتتە. بۇ ئۈچ خانلىق ئىلگىرىدىنلا بىللە بولغاندا، ھېچبىر قاراكىدان ۋە باشقىلىرىغا شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت دەپسەندە بولۇپ يۈرمەس ئىدى. ياق ئەمدى مانا مۇستەقىللىققا ئىگە بوپتۇ. بارچۇقمۇ ئەقىللىق ئىش قىلغان. چىڭگىزخانغا تايانغىنى دۇرۇس

2005.1

. ئەلچىلىرىنىمۇ ئۇز ۋاقتىدا ئەۋەتىپتۇ.

—ئۇنىڭسىز قاراكىدان بولسۇن، قاراقىتان بولسۇن ئۇيغۇرلارغا ھامان ئارام يوق ئىدى، — دېدى بىر ۋاقىتتا توختاخۇن مېھمانلىرىغا، — خىزمىتىدە بولىمەن دەپتۇ، دورۇس قىلغان، ئۇنىڭسىز ئەلۋەتتە چىڭگىزخان يار - يۆلەك بولمايدۇ.

—ھەممىسى سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىز بىلەن بولۇۋاتقان ئىش. ئاشۇ ۋاقىتتا سىز كېلىپ ئۇيغۇر خانلىقلىرىنى ئارىلاپ كەتكەنىڭىز ئالەمشۇمۇل ئىش بولغان، توختاخۇن ئۇستاز، — دېدى بارغۇش ئۇشاغۇچ، — چىڭگىزخاننىڭ كىم ئىكەنلىكى توغرىلىق بىزنى خەۋەردار قىلىپ كەتتىڭىز.

—مالاللىق بولمىسا، قايتىشىڭلاردا يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ خانى ئارسلانخان، ئالمىلىق ۋە پۇتكول ئىلى ۋادىسى ئۇيغۇرلىرىنىڭ خانى ئازارغا يولۇقۇپ كەتسەڭلار، ئۇلارنىڭمۇ بارچۇق ئىدىقۇتنىڭ يولىنى تۇتقىنى ياخشى بولار ئىدى. ئۇزلىرى چىڭگىزخان خانلىقىغا بىۋاسىتە قوشىنا، يامان ئېيتماي ياخشى يوق دېگەن ئىكەن. چىڭگىزخاننىڭ نەپسى يامان ئەمەس دەپ كېپىللىك قىلىش تەس. ئۇنىڭ چاڭگىلىغا بىۋاسىتە چۇشكەندىن كۆرە، خانۇ - ۋەيران بولغاندىن كۆرە، ئۇنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولۇپ يۈرگەن ئەلا. ھازىر ئۇ ئەسكىرىنى كۆپەيتىۋاتىدۇ، ئۆتكەنلا يۇرت خەلقىنى قىردى، چىڭگىزخاننىڭ «خاتالىق قىپتىمەن، خەلقنى باقمىغان قانداق ئەسكەر» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىدىم. باققاندا ئۇ بىزگە ئوخشاش دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك قىلىپ باقمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇزگىنىڭ يېرىگە بېسىپ كىرىپ، مال - مۈلۈك بايلىقىنى بۇلاپ باقىدۇ.

—ئىش قىلىپ بىزنى ئاشۇ قاراكىدانلاردىن ئۇزۇل - كېسىل قۇتۇلدۇرۇپ بەرسەكەن، — دېدى ئالغىن تۆمۈر تۇتۇق سۆزگە ئارىلىشىپ.

—ئۆزگىسى نېمە بولسا شۇ بولسۇن دەڭ، مۆھتەرەم تۆمۈر تۇتۇق؟ — توختاخۇن ئۇنىڭ سۆزىنى ياقتۇرمىغاندەك قىياپەت كۆرسەتتى. — بىراۋنىڭ كۆز يېشى بەدىلىگە ئۆز ھالاۋىتىنى كۆزلەش نامەرتلىك.

—راست! سۆزۈمنىڭ ئۇرانى شۇنداق چىقىپ قالدى، توختاخۇن ئۇستاز، ئەسلى ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس ئىدىم. بىراق قاراكىدانلارنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقىدىن ئۇيغۇرلار تېخى تامامەن قۇتۇلۇپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. نەدىن كېلىپ پېشانىمىزگە ئۇنگەن ئىمقەلىمىكىنتاڭ، بىلمەيمىز.

—زامانىسىدا ئوتتۇرا ئىقلىمىنىڭ يېرىمىنى سوراپ تۇرغان قەبىلىلەر ئىدى، — سۆزگە چوڭلارنىڭ سۆزىنى تىڭشاپ ئولتۇرغان يېشى يىگىرمە بەش - يىگىرمە ئالتەلەرگە كىرىپ قالغان، ساقال - بۇرۇتىنى چىرايلىق قىرىپ چەككەن ھىدايەت ئارىلاشتى. ئۇ توختاخۇن بىلەن بىللە كەلگەنلەرنىڭ بىرى ئىدى. خەنزۇ تارىخىنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇنى كۆپ ئوقۇغان، ئۇ يەرگە بىر نەچچە قېتىم ساياھەتكە چىقىپ ئايلاپ - يىللاپ تۇرغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنى چىڭگىزخان يېنىغا چاقىرىپ ئۇزاق - ئۇزاق گېپىنى تىڭشايدىغان قىلىق چىقارغان ئىدى.

—ئارىمىزدا بىرەرسى بۇ ھەقتە ھىدايەتتەك خەۋەردار بولمىسا كېرەك، — توختاخۇن ئۇنىڭدىن مۇنۇ ئولتۇرغانلارغا بىلگەنىڭدىن ئېيتىپ بەر دېگەندەك قارىدى.

—خەنزۇ ئاقسۆڭەكلىرى ئارىسىدا بىر-

2005.1

لىك بولمىغانغۇ؟ — ھىدايەت ئاستا سۆز باشلىدى، — ئەسىرلەر داۋامى مەنسەپ، تەخت تالىشىپ ئۆز خەلقىنىڭ بېشىغا كۈلپەت سېلىپ كەلگەن.

— ھەر بىر خەلقتە بار كېسەلدىن ئۇلارمۇ خالىي ئەمەسكەن، — دېدى بارغۇش.

توختاخۇن بۇ ئادەمنى ئىلگىرى كۆرمىگەن بولسىمۇ ئۇ توغرىلىق كۆپ ئاڭلىغان، ئۇيغۇرلار بېشىنى قوشالماي بىر نەچچە خانلىق قۇرۇپ ھەركىمگە يەم بولۇپ يۈرگىنىگە ئېچىنىپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنىمۇ ياخشى بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھىدايەتكە ھازىرقى سۆزلەرنى ئېچىنىپ ئېيتقىنىنى چۈشەندى. بۇرۇندىن ئىدىقۇتلار سارىيىدا ئىشلەپ كېلىۋاتقان بارغۇش بەرگەن مەسلىھەتىدىمۇ، قىلغان ئىشىدىمۇ، يازغان ئەمگىكىدىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىنى قوشۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كەلگەن. توختاخۇن ئەمدى مانا يېشىغا يەتكەن، دانا، پىكرى ئۈچۈن تەقىپلەرگىمۇ ئۇچرىغان، كېيىن يەنە پەم-پاراسىتى، ئەقلى-ھوشى تۇپەيلى خان سارىيىغا يەنە چاقىرىپ كېلىنگەن بۇ ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ، سۆھبەتلىشىپ، سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇشنى ئارمان قىلغان، ئەمدى مانا يېشىغا يەتكەن، ئاقارغان قويۇق ساقال-بۇرۇتى ئۆزىگە ئاجايىپ ياراشقان بۇ سالاپەتلىك ئادەم بىلەن بىللە ئولتۇرۇپتۇ.

ئۇلار چىڭگىزخانىنىڭ ئۆيىدىن چىققاندىن بۇيان كۆپ پاراڭلاشتى. توختاخۇنمۇ ئۆزى كەتكەندىن بۇيان يۇرتتا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈچ خانلىقى، قەشقەرىيە ھەققىدە كۆپ نەرسىلەرنى بىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ كۈچلۈكرەك بىرەر ھۆجۇمغا داخىل بولغاندا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ھەممىسى بىر يەڭدىن قول، بىر ياقىدىن باش چىقارغان بولسىغۇ ھەرقانداق دۈشمەن ئېھتىيات قىلغان بولاتتى. ئامال قانچە، ئۇنداق ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن چىڭگىزخانغا يان بېسىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. توختاخۇنىنىڭمۇ، بارغۇشنىڭمۇ، تۆمۈر تۇتۇقنىڭمۇ كەلگەن قارارى ئەنە شۇ بولدى.

— سۆزۈڭنى بۆلۈۋەتتىم، ئوغلۇم، — دېدى بارغۇش ھىدايەتكە، — ئېيتىۋەر قۇلىقىمىز سېنىڭدە.

— خەنزۇ پادىشاھلىرى، ئەمەلدار، ئەسكەر باشلىقلىرى ئەنە شۇنداق ئاداۋەتچىلىك پەيتلىرىدە ياردەم سوراپ باشقا خەلقلەرگە مۇراجەت قىلىپ كەلگەن. بۇنىڭدىن تەخمىنەن ئۈچ يۈز يىل مۇقەددەم شىمالدىكى كۆچمەن كىدانلار قەبىلىلىرى كۈچىيىدۇ. ئۇلار دەسلەپ ئىلتىماس قىلغانلىرىغا ياردەم بېرىدۇ-دە، كېيىن خەنزۇنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغىمۇ ئارىلىشىشقا باشلايدۇ. خانلىقتا ئۆزلىرى خالىغان ئادەمنى قويىدىغان بولىدۇ. كېيىنرەك بولسا تەختنى ئۆزلىرى ئىگىلەپ، لياۋ (تۆمۈر) سۇلالىسىنى قۇرىدۇ. بۇ خەنزۇنىڭ شىمالىي قىسمىدا بولۇۋاتقان ۋەقە. ئەمدى جەنۇب بولسا كىدانلارغا بېقىنماي ئۆزلىرى سۇڭ سۇلالىسىنى قۇرۇپ ھۆكۈمرانلىق ئورنىتىدۇ. ئەنە شۇنداق قىلىپ ئىككى سۇلالە ئوتتۇرىسىدىكى تۈگىمەس-پۈتمەس ماجىرا باشلىنىدۇ. ئۈچ ئەسىرگە داۋام قىلغان بۇ ئاداۋەتچىلىك خەنزۇنى ھەددىدىن تاشقىرى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. مانا شۇ چاغلاردا شىمالدا يەنە بىر قوشنىلىرى بولغان كۆچمەن جۇرجانلار قەبىلىسى كۈچىيىدۇ. جەنۇبتىمۇ، شىمالدىمۇ ئەمدى شۇلاردىن

ياردەم سورايدۇ. «بالا ـ قازا ئۇچۇق ئىشىكتىن كىرىدۇ» دېگەن ماقالىسى بار خەنزۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ. ئۇلارمۇ دەسلەپ ياردەم بەرگەن بولۇپ ئارىلىشىدۇ ـ دە، كېيىن تەختنى تارتىۋېلىپ ئۆزلىرىنىڭ جىن (ئالتۇن) سۇلالىسىنى قۇرىدۇ. تۆمۈر لاۋ) نى دات باسىدۇ، ئۇپرايدۇ. ئالتۇن ئۇنداق ئەمەس. ئۇ مەڭگۈ تۇرۇۋېرىدۇ. دېمەك، بىزنىڭ سۇلالىمىز ئەلۋەتتە ئەبەتكە ياشايدۇ، دېگىنى ئۇلارنىڭ. بىزنىڭ جىنلەر دەپ ئاتاپ يۈرگىنىمىز شۇ.

مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان كىدانلارنىڭ بىر ئەسكەر باشلىقى قالغان ـ قاتقان ئەسكەرلىرىنىڭ بېشىنى قوشۇپ، شەرققە قاراپ ماڭىدۇ. دەسلەپ جان قاچۇرۇپ باش ـ پاناھ ئىزدىگەن كىدانلار كېيىن يولدا ئۇچرىغان خەلقلەرنى بۇلاپ ـ تالاپ قىرغىنچىلىققا گىرىپتار قىلىدۇ. ئاخىرى بىزنىڭ خوتەنگە كەلگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ ۋەيران بولىدۇ ـ دە، قالغان ـ قاتقىنى ئەمدى شىمال تەرەپتىن يول ئىزدەيدۇ. كېيىن ئاخىرى يەنە يەتتە سۇغا يېتىپ بالاساغۇننى ئىگىلىگەن ئىكەن. ئاخىرى ئۇلار كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇپ، ئۆپچۆرىسىدىكى خانلىقلارنى بېقىندۇرىدۇ ـ دە، قەشقەرىيىگىمۇ يول سالىدۇ. بىزنىڭ بېشىمىزغا بالا سېلىۋاتقان ئەنە شۇ كىدانلار. قىلىقى ۋە ئەكسىگە قاراپ بىز ئۇلارنى قاراكىدانلار دەپ ئاتاپ كەلگەن.

ھىدايەتنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن تىڭشاپ ئولتۇرغانلار يەنە خېلى ۋاقىتقىچە ھېچبىر پاراڭ باشلىماي جىم بولۇشقان ئىدى.

— ئۇ ناكەسلەر بېشىمىزغا شۇنداق ئۇنگەن دېگىن، ھىدايەت ئۇكام، ـ دېدى ئاخىرى قاندىن — ھازىر بۇ ياقتا چىنلارنىڭمۇ كۆڭۈل ئارامى يوق، بىرلىك قاچقان، ـ توختاخۇن، — بىرلىك قاچقان دېگىنىمىزمۇ خاتا. چۈنكى ئۇ ئەزەلدىن بولغان ئەمەس. مانا ئەمدى جىن سۇلالىسىنىڭ يەتتىنچى ئەۋلادى تەختتە ئولتۇرىدۇ. شۇ پەيتلەردە ئەۋلادلىرىنىڭ بىرىمۇ ئەلنى خاتىرجەم باشقۇرۇپ كۆرگەن ئەمەس. بىردىنلا كىدانلار يەنە تەخت تالىشىپ كەلسە، بىردەم خەنزۇلارنىڭ ئۆزلىرى غۇل ـ غۇلا كۆتۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇرجانلار ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا ئىناقلىق يوق، مەنسەپ، ئاتاق دەۋاسى، چىڭگىزخان ئەنە شۇنى بىلىدۇ. ئۇنى بۈگۈن، بۈگۈن بولمىسا ئەتە ئۇلارغا قول سالمايدۇ، دەپ ئېيتىمش تەس. بىراق ئۇ غەربكە ئالاقزادە قاراش بىلەن يەلكەمدىن بىرەرسى زەربە بېرەرمۇ دەپ قورقىدۇ. ئۇيغۇرنىڭ ئۈچ خانلىقى نېمە ئېيتار ئىكەن؟ ئۇلارنىڭ نىيىتى قانداق؟ دەپ ئىلگىرى تىڭىرقاپ يۈرگىنى شۇنىڭدىن.

— ئۇيغۇرلار نېمە دېسۇن، ھازىر بىزنىڭ چىڭگىزخان بىلەن تەڭ تۇرالىغۇچىلىكىمىز يوق، ـ دېدى بارغۇش ئۇشاغۇچ — تۆپىمىزدە قاراكىدانلار، ئۇنىڭ نېرى تەرىپىدە مۇھەممەت خارەزىم شاھ ئېپپى كەلسە ھازىرلا چاڭگىلىنى سالاي دەپ تۇرىدۇ.

— چىڭگىزخان ئەنە شۇلاردىن قۇتۇلدۇرامدىكىن دېگەن مەقسەتتۇ بىزنىڭ، ـ سۆزگە تۆمۈر تۇتۇق ئارىلاشتى، — كېڭىشىپ ئولتۇرغىنىمىز مۇشۇنىڭدىن. بىراق «پادا باققاندا دوست ئىدۇق، ياڭاق چاققاندا ئايرىلدۇق» دېگەندەك كېيىن بىزگە قول سېلىپ يۈرمىسە.

— راست، دەسلەپ ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنى، قىلغان ئىشلىرىنى ماقۇل كۆرگەن

ئىدىم، — توختاخۇن ئۆزىگە ئۆزى مۇراجىئەت قىلغاندەك سۆزلىدى، — تارقاق ۋە ئاداۋەتچىلىك ئىلكىگە پاتقان موڭغۇللار بېشىنى قوشتى، ئەمدى بۇ خەلق تىنچلىقتا پاراۋان ھايات كەچۈرۈۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدىم. مانا ئەمدى ئۇ يىراق- يىراقلارنىڭ پارىڭىنى قىلىپ، شۇ ياقلارغا خىيالەن كۆز تاشلايدىغان ئادەت چىقاردى. پاراڭلىرى سەت- سەت چىقىشقا باشلىدى. سىزنىڭ ھازىرقى تەشۋىشىڭىزمۇ ئورۇنلۇق. ئەمما چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ رەھىمسىزلىكىگە قارىماي ياخشىلىقنىمۇ بىلىدىغان ئادەم. بىزمۇ بۇ يەردە قاراپ ياتمايمىز.

بۇلار ئەنە شۇنداق پاراڭلار بىلەن ئۇزاق ئولتۇرۇپ كېيىن تۈن يېرىمىغا يېقىنلاشقاندا تارقاشتى.

## 3 ـ باب

ئەلەم ۋە نائىلاجلىق ئىلكىدە قالغان، كۈچلۈك غەزەپ ئوتىدا پەرۋانە بولۇۋاتقان كۈچلۈك قالغان- قاتقان ئەسكەرلىرىنى يىغىپ تىمۇرچىن تۈمەنلىرىنىڭ ئاجىز تەرىپىدىن زەربە بەرمەكچى. كېيىن قالغىنىنى ۋەيران قىلماقچى بولدى. بىراق ئۇ قايسى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلمىسۇن، بىر دۈشمەننىڭ ئورنىغا ئىككىسى، ئۈچى پەيدا بولۇۋېرىدۇ.

— ھە! قۇۋ تۈلكە، ياۋۇز تىمۇرچىن، — دېدى ئەلەمگە چىدىمىغان كۈچلۈك — سەن قۇلغا ھامانەم بىر تېتىتىمەن.

كۈچلۈك ئۇنىڭغا تېتىتالمىدى. نايمانلار كۆپ قىرىلىپ كېيىن تىك قاپتالغا قانداق كېلىپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ سەزمىدى. ئۇنىڭ جەڭچىلىرى ئەمدى جان قاچۇرۇپ ئاشۇ قاپتالغا يامىشىشقا باشلىدى. دۈشمەن ئوقى دەل مۇشۇنداق پەيتنى كۈتۈپ تۇرغان. ئۇلارغا ئوقلار رەھىمسىزلەرچە كېلىپ سانجىلىۋاتىدۇ. دۈشمەن بولسا بەئەينى يەردىن ئۈنۈپ چىقىۋاتقاندەك كۆپىيىپ، قورشاۋ چەمبىرىكىنى تارايتىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمدى كەچكىچە جەڭدىن چىقماي ھېچبىر ماغدۇرى قالمىغان، ئىلاجىسىزلىقتىن ئۆزىنى غاردىن ئېرتىشقا تاشلىۋەتكۈسى كەلگەندەك غال- غال تىترىگەن كۈچلۈك ئاتىسىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا ئېيتقان: «بولمىدى بالام، قالغان نايمانلارنى ئامال قىلىپ ئېلىپ قال، ئېرتىشنىڭ ئۇ يېقىغا ئۆتۈپ كېتىڭلار» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسكە ئالدى. بىراق مۇنۇ قاپلاپ كېلىۋاتقان ياۋدىن قانداق قۇتۇلۇشقا بولىدۇ؟

قولتۇۋغان مەرگەندىمۇ ھېچبىر دەرمان قالماپتۇ. باش- كۆزى قىپقىزىل قان، كىيىمى جۇل- جۇل بولۇپ كەتكەن. ئۇ يېتىپ كېلىشىگە ئېتىدىن ئاران چۈشتى- دە، كۈچلۈككىمۇ قارىماي بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇردى.

— ئىست، شۇنچە ئېزىز جانلار! — دېدى ئۇ ئارانلا نەپەس ئېلىپ، — قانچە ئادەم قىرىلىپ كەتتى. يەنە قانچە ئادەم قىرىلار، مەرگەنلەردىن ساناقلىق ئادەم قالدى.

— بىزدىمۇ شۇ، دوستۇم، ئەمما سېنىڭمۇ، مېنىڭمۇ ئۆز جەڭچىلىرىمىزگە ئاپىرىن ئوقۇشىمىز كېرەك. يولۋاستەك ئېلىشىپ نابۇت بولۇشتى. جەڭدە ئارقىغا چېكىنگەن ھېچكىم يوق. بىراق مانا ھازىر ئۇلاردا قورقۇنچ پەيدا بولدى. ھەر كىم ئۆز جېنىنى ساقلار يەر ئىزدىگەندەك.

— بىراق قېچىپ قۇتۇلالماپسەنغۇ؟

كۆچلۈك دوستۇم، قاچقاندا نەگە بارىسەن؟ بىر تەرىپىڭ دەريا، ئىككىنچى تەرىپىڭ غار، يەنە بىر تەرىپىڭدە دۈشمەن، بۇ يەردىن ئۆزۈڭنى دەرياغا تاشلىساڭ ھالاك بولىسەن. ئىتتىك ئېقىۋاتقان جاي.

—تىنچ ئاقىدىغان جايلىرى ئاز ئەمەس، ئەنە شۇلارنىڭ بىرىگە يېتىش كېرەك.

—قانداق قىلىپ؟ تىمۇچىن خاندىن رۇخسەت سورايلىمۇ؟ كۈلتۈۋۈغان خىرىلداپ كۈلدى. كۆچلۈك ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن ئەنسىرەپ چۆچۈپ قالدى. ئۇنىڭ خىرىلدىغان ئاۋازىدىن دەسلەپ قوقاس چىقىپ كېيىن قارا بۇرۇختۇما ئىس چىققاندەك بولدى.

—ۋايىم قىلما، بىر ئىلاجىنى ئويلىشايلى، كەچ كىردى. دۈشمەن ئەمدى ھۇجۇمغا ئۆتمەس، تاڭ ئاتقۇچە بۇ يەردىن غايىپ بولۇشىمىز كېرەك. ئۇنىڭسىز تاڭ سەھەر ئاۋۇ ئاچ بۆرىلەرگە يەم بولىمىز. بىراق مۇنۇ سەرسان - سەكپارە بولغان ئادەملەرنى قانداق توختىتىمىز؟ قانداق يىغىپ بېشىنى بىر يەرگە قوشىمىز؟ مەن مۇشۇ كەمگىچە مالنىڭ ئۈركىگىنىنى كۆرگەن. لېكىن ئادەمنىڭ ئۈركىگىنىنى كۆرمىگەن ئىكەنمەن.

—ئۇلارنىڭغۇ بېشىنى قوشارمىز، نۆكەرلەرنى ئەۋەتىمىز، ئۆزىمىز ماڭمىمىز. بىراق دۈشمەنچۇ؟ ھەر بىر ھەرىكىتىمىزنى كۆزىتىپ ياتقان بولىدۇ ئەلۋەتتە ئۇلار.

—ئورۇنلاشتۇرايلى، ئورنۇڭدىن تۇر.

كۆچلۈك بىلەن كۈلتۈۋۈغان سادىق نۆكەرلىرىنى تاغمۇ تاغ، قاپتالمۇ قاپتال ئەۋەتىپ تۈن يېرىمىدىن ئاشقاندا ئەجەلدىن ئامان قالغانلارنى يىغىۋالدى.

—جەسۇر جەڭچىلەر، — دېدى ئۇ نايمانلارنى توپلاپ، —بۈگۈن سىلەر جەسۇرلۇقنىڭ ئۆلگىسىنى كۆرسەتتىڭلار، ئامال قانچە؟ دۈشمەن قارا بۇلۇتتەك يېپىلىپ بىزدىن ئۈستۈن كەلدى. ئەھۋالىمىز مانا مۇشۇ. قېچىپ جان ساقلىغۇدەك يەر يوق. دۈشمەن بولسا تاڭنىڭ ئېتىشىنى كۈتۈپ ياتىدۇ. قالغىنىمىزنى قىرماق، چاپماق بولۇۋاتىدۇ. قاراپ يېتىپ تەقدىرگە تەن بېرەمىزمۇ؟ بىزنىمۇ ئاتىمىز ئوغۇل دەپ تاپقانغۇ، بىكاردىن - بىكارغا دۈشمەنگە يەم بولغۇچە، قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدەش كېرەك. ئۇنداق ئامال دۈشمەننىڭ سېپىنى يېرىپ ئۆتۈشتە. ئېرتىشتىن ئۆتكەل تېپىپ ئۇ قىرغاققا ئۆتۈپ كېتىش ئاتامنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا ماڭا ئېيتقان سۆزى ئىدى. قالغان نايمانلارنى ئامال قىلىپ ئېلىپ قال، دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگىمۇ بولسا ئۆتكۈزۈپ كەت، دېگەن. مېنىڭ قارارىم شۇ. سىلەر بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر؟ ياق بۇ خەتەرلىك يول، مۇشۇ يەردە ئەجەل كۈتىمىز ياكى تىمۇچىننىڭ قولىغا چۈشۈپ ئۆلتۈرمىسە شۇنىڭ قۇلى بولۇپ ئۆتىمىز دەيدىغانلار بولسا، ئۇلارغىمۇ رۇخسەت.

تىمۇچىننىڭ رەھىمسىزلىكىگە بۈگۈن كۆزى يەتكەن نايمان جەڭچىلىرىنىڭ ئارىسىدا «قالىمىز» دېگەن ھېچكىم بولمىدى. مەركىتلەرمۇ شۇنداق قارارغا كەلگەن.

نايمانلار بىلەن مەركىتلەر بۇ ۋاقىتتا قانلىرى خېلى سوۋۇغان، ھەتتا ئوت - لاشقا باشلىغان ئىگەر - توقۇمى بىلەن يۈرگەن ئاتلىرىنى يىغىشقا باشلىدى. جەڭچىلەرنىڭ بىردىنلا ئات يېتىلەپ كېلىۋاتقىنىنى بايقىغان كۆچلۈك ئۇلارغا: «پىتىراپ يۈرگەن ئاتلارنىڭ بارلىقىنى يىغىڭلار» دەپ بۇيرۇق قىلدى. مەركىتلەرمۇ شۇنداق قىلدى. نەتى-

2005.1

جىدە ئاتلار ئادەملەردىن ئىككى ھەسسە دېگۇ-
دەك ئارتۇق بولۇپ چىقتى.

تىمۇچىن كېچىسى نايمانلار تەرەپتە بو-
لۇۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىدى. ئەتىدىن
كەچكىچە بولغان جەڭدىن ھارغان جەڭچى-
لەرگە ھەرقانچە ھوشيار بولۇڭلار دەپ بۇيرۇق
بەرگەن بولسىمۇ، تۈن يېرىمىدىن ئېشىشىغا
كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، ھاردۇق ئۇلارنى يەرگە
تارتىۋەرگەنىدى. تاڭ ئېتىشىنىڭ ئالدىدا بول-
سا كۆزى ئۇيقۇغا كەتكەن، ناھايىتى سەگەك
دېگەنلىرىلا ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ قول-
لىرىغا ئوراپ تۇتقان ھالدا كۆكسىدە ئۇخلاپ
ياكى ئۇگدەپ ئولتۇرۇشاتتى. ئەنە شۇ چاغدا
يەر - زېمىن زىل - زىلىگە كېلىپ ئوپۇر -
توپۇر باشلىنىپ كەتتى. ئورۇنلىرىدىن چۆ-
چۈپ تۇرۇشقان جەڭچىلەر ئۈستىدە ئادەم يوق،
ئالدىغا ئۈتتۇر كەلگىنىنىڭ ھەممىسىنى
دەسسەپ - چەيلەپ، يانچىپ كەتكىدەك قى-
لىپ ئۇياقتىن - بۇياققا تېپىرلىشىپ يۈر-
گەن ئاتلارنى كۆرۈپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇشۇپ
قالدى. ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتە - ئۆتمەيلا،
يەنە بىر قېلىن توپ ھېچبىر قىقاس چىقار-
ماي توپۇرلۇشۇپ بېسىپ كەلدى - دە، تىمۇ-
چىننىڭ پاراكەندىچىلىكتە قالغان جەڭچى-
لىرىنىڭ بېشىنى تېنىدىن يەرگە جۇدا قى-
لىپ چۈشۈرۈشكە باشلىدى. قالغانلىرى ئې-
چى - جېپىنى تاپقۇچە، ئۆتۈپ ھەممىسىنى
دەسسەپ يانجىپ كۆزدىن غايىپ بولدى - دە،
دەريانى بويلاپ مېڭىپ ئاخىرى ئۇنىڭ يۇۋاش،
كەڭرى ئاقىدىغان بىر جايىغا ئاتلىرى بىلەن
ئۆزلىرىنى تاشلىدى. ئەمما بۇ كەمدە تىمۇ-
چىننىڭ باشقا قوشۇنلىرى ئۇلارنى قوغلاپ
يەتكەن ئىدى. دەرياغا ئۆزىنى دەسلەپ ئاتقان-
لارنىڭ بىرى كۈچلۈك ئىدى. ھەدېگەندە ئۇ
ئېتىدىن چۈشمىدى. نايمانلارنىڭ بارلىق
يىلقىسىدىن تاللاپ مىنگەن بەقۇۋەت ئېتى
ئۈستىدىكى ئېغىر يۈككە، دەريانىڭ كۈچلۈك
ئېقىمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي پەيدىن - پەي
ھالسىراشقا باشلىدى. ئۇنى سەزگەن كۈچلۈك
بىر يېنىغا سىيرىلىپ چۈشتى - دە، ئۆزەڭ-
گىدىن تۇتۇۋېلىپ ئۈزىمۇ ئۈزۈشكە باشلىدى.
ئەمدى يول خېلى ئاۋۇدى، دەريانىڭ يېرىمىمۇ
تۈگىدى. بىراق مۇزدەك سۇدىن كۆيۈشكەن
بەدىنى، خۇسۇسەن ئۆزەڭگە تۇتقان قولى
ھېچبىر ئەيۋەشكە كەلمەي قالدى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە دۈشمەن ئوقى يامغۇردەك يېغىپ
تۇرغان ئىدى. ئەمدى مانا كۈچلۈك ئۇلارنىڭ
پەقەت كەينىدە خېلىلا يىراقلىقتا سۇغا چۆ-
كۈلداپ چۈشۈۋاتقىنىنى ئاڭلاپ كېلىۋاتىدۇ،
ئۆپ - چۆرىسىدىكى جەڭچىلەر شالاڭشىپ
كەتكەن. ئۇ يەر - بۇ يەردە ئۈزۈپ كېلىۋاتقان
ئاتلارنىڭ پۇرقۇشلىرى ئاڭلىنىپ قالىدۇ.

كۈچلۈكنىڭ پەقەت ئىككى قولىقىلا
سۇدىن چىقىپ تۇرغان ئېتى بىر خىل ئۈزۈپ
كېلىۋاتىدۇ. ئۆزىدە بولسا ھېچبىر دەرمان
قالمىدى. قوللىرى كىرىشىپ كەتتى. ئەمدى
ئۇنىڭ ئېتىغا مىنىۋالغۇچىلىكىمۇ قالمىدى
. قولىدىن ئۆزەڭگە چىقىپ كەتسە ئۇنىڭ ئۇ-
زىمۇ دەرھال سۇغا غەرق بولىدۇ. مانا ئەمدى
ھېچبىر كۈچ ماغدۇرى قالمىدى. دەرت - ئە-
لەمگە چىدىمىغان كۈچلۈك چىشى بىلەن تو-
قۇم غانجۇغا ئەيتاۋۇر ئاغزىغا كىرىدىغان بىرەر
نەرسە ئىزدەيدۇ. ئاخىرى چىشىغا سۇدىن
زىلدەك بولۇپ قېتىپ كەتكەن توقۇمنىڭ
بۇلۇڭى ئىلىندى. . .

كۈن ئارغامچا بويى كۆتۈرۈلدى. ئاسمان
ئوچۇق، تۈنۈگۈن جەڭ ۋاقتىدا بەئەينى ئە-
جەلدىن خەۋەر ئېلىپ كەلگەندەك قاپلىغان

قارا بۇلۇت تارقاپ كەتكەن. بايىلا مىڭلىغان ئادەمنى ئۆز قوينىغا ئالغان ئېرتىش سۇرلۇك ئېقىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ تال - چىۋىق، دەل - دەرەخ باسقان قىرغاقلىرى كۈن نۇرىغا ئۆزىنى قاقلاپ راھەتكە چۆمۈلۈپ ياتقاندەك ئىدى. ئۇنىڭدىن چەترەك تەرىپىدىمۇ ئاجايىپ گۈزەل، تىك ئۇچۇپ چىقىپ، كېيىن بىر گورۇندا قانات قاققان ھالدا تۇرۇپ سايراشقان تورغاي ئاۋازى، دەريا ياقىسىدىكى ئورمان ئىچىدە چاكىلداپ چىرىقلاشقان باشقا قۇشلار ئاۋازى تەبىئەتكە جۆر بولۇشقاندەك. دەريا چېتىدىن باشلانغان چەكسىز دالىنى ھەر خىل گۈللەر ئارىلىشىپ ئۆسكەن مايسا قاپلىغان، كۆچلۈك ئەنە شۇ مايسا ئۈستىدە ياتىدۇ. نەچچە كۈندىن بېرى كىرپىك قاقماي، تۈنۈگۈن تاڭ سەھەردىن قاراڭغۇ كەچكىچە جەڭدىن چىقمىغاچقا ھازىر قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن. پەقەت بۇ ۋاقىتتا خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالغان كۈن تەپتىدىن كۆزىنى ئېچىپ، بۇ مېنىڭ قانداق ياتقىنىم دېگەندەك ئۆپ - چۆرىسىگە ھەيران بولۇپ قارىدى - دە، كېيىن بولغان ۋەقەنى ئېسىگە ئېلىپ چىرايى ئۆچكەن ھالدا يەنە كۆزىنى يۇمدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئېسىگە بىر مۇدھىش ھالغا قويغان پۈتكۈل دەھشەتلىك ۋەقەلەر بىر - بىرلەپ تىزىلىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئاتىسىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى جان ئازابى، كۈيئوغلى، سىڭلىسى ئاسىبىشنىڭ ئېرى، نايمانلارنىڭ ئەسكەر باشلىقى سۇباچۇكورنىڭ، تايانخاننىڭ سادىق خىزمەتچىسى ۋە مەسلىھەتچىسى دانا ئالچىننىڭ ئۆلۈمى، بىرىدىن كېيىن بىرى ئاتتىن غۇلاپ چۈشۈۋاتقان، لېكىن تىمۇچىن سالغان گېرەدىن (قورشاۋدىن) ھېچبىر چېكىنمىگەن نايمان جەڭچىلىرى كۆز ئالدىدىن كەتمىدى.

«سىڭلىم ئاسىبىش نېمە بولغاندۇ؟ — دەپ ئويلىدى جەڭدىن چىقماي، ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەرسىز بولغان كۆچلۈك، — تەقدىرىڭ نېمە بولغاندۇ؟ جېنىم قېرىندىشىم. تىمۇچىننىڭ جەللىكورلىرىگە، يە ئۇنىڭ ئۆزىگە خار بولۇپ قالغانسەنمۇ؟ سەنچۇ ئۇستازىم تاتاتۇڭا، ساڭا ئوخشاش ئېسىل زاتنىڭ قەدرىنى نەدىن بىلسۇن ئۇ قول، خەپ نېمە دېگەن دەرت - ئەلەم بۇ؟»

مۇشۇ ئويلار بىلەن كۆچلۈكنىڭ كۆزىگە ياش كېلىشكە باشلىدى. كېيىن ئۇ ياتقان يېرىدىلا دۈم بولۇپ، ھۆركىرەپ يىغلىغان پېتى قولىغا ئىلىنغان ئوت - چۆپنى يۇلۇپ تىرناقلىرى بىلەن يەرنى تاتلاپ تىللاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئېسىگە كېلىپ بىرىنچى قېتىم يىغلىشى ئىدى.

— قوي، قىز بالا بولۇپ كەتتىڭمۇ نېمە؟ - بىر ھازادىن كېيىن كۆچلۈكنى يەردىن ئېلىپ ئورنىغا ئولتۇرغۇزدى، ھۇش - كاللاڭنى يىغ، ئۆزۈڭنى قولۇڭغا ئال، جەڭچىلىرىڭ يىغلىشقا باشلىدى، ئۇيات!

كۆچلۈك ئۆپ - چۆرىسىگە قارىدى. نۆكەرلىرىدىن ئۈچ - تۆتى ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئالماي تۇرىدۇ. قېشىدا بولسا سادىق نۆكىرى ھەم دوستى، ئوڭ قانىتى دورجى تىزلىنىپ ئولتۇرىدۇ. كۆچلۈكنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزغان شۇ. ئۇنىڭ بوۋىسى ئىنانچى خانغا ئاتىسى ئالچىن تايانخانغا خىزمەت قىلىپ ئۆتتى. دورجى بولسا كۆچلۈكنىڭ بالا ۋاقتىدىن تارتىپ سەممىمىي دوستى. ئۆمرى ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ئۆتۈۋاتىدۇ.

كۆچلۈك قىرغاقتا يېتىپ كېلەي دېگەندە تامامەن ھالسىراپ ھوشىنى يوقاتقان ئىدى. دەريا ياقىسىنى، ئۇنىڭدا ئۆسكەن قويۇق دەل - دەرەخنى گىرىمسەن كۆرگەن، لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىنكىسىنى بىلمەيدۇ. ھازىر مانا قۇرۇق كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ. كىيىممۇ قۇرۇق، پۇتىدىمۇ ئىسسىق پايپاق،

2005.1

بېشىغا قويۇلغىنى قورۇق چاپان، ئۈستىگە يېپىپ ئوخلىغىنى قورۇق جۇۋا.

—سەن قاچان، قانداق ئۆتتۈۋالغان، دورجى؟

—سىلەر تىمۇچىن ئوغرىلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغاندا پەيتتىن پايدىلىنىپ ئېپىنى تېپىپ ئۆتۈۋالغان ئىدىم. جەللىكور قاراقچىلارغا تۇيدۇرمىدىم، قېشىمغا بىر-ئىككى يىگىتنى ئېلىپ بەزىبىر نەرسىلەرنى ئامان ئۆتكۈزۈۋالدىم. كېيىن كۆزىمىز سىلەرنىڭ يولۇڭلاردا بولدى.

—مانا سەن يەنە بىر قېتىم جېنىمنى ئامان ساقلاپ قالدىڭ. بۇ ياخشىلىقىڭنى قانداقمۇ قايتۇرارمەن، دوستۇم! — كۈچلۈك ئۆزى كىيگەن كىيىمگە، چاپان، جۇۋىلىرىغا قاراش بىلەن بولدى، —مانا شۇ دەريانىڭ ئۇزىدىلا ئۆلگەن ئىدىمغۇ!؟

—راست، ھالىڭ خاراپ ئىدى، دېگەن بىلەن يىگىتلەر بىرلىشىپ جېنىڭنى ساقلاپ قالدۇق. مەيلى گەپ ئۇنىڭدا ئەمەس. ئۆتكەن ئىش ئۆتتى. ئەمدى نېمە قىلىمىز؟

—نېمە قىلىمىز؟ نەگە بارىمىز؟ نەگىمۇ تىنەپ كېتەرمىز؟ — كۈچلۈك دورجىنىڭ سوئالىغا سوئال بىلەن جاۋاب بەردى، — ئۆز دىيارىمىزدىن قوغلاندۇق. سەنمۇ ئاتاڭدىن ئايرىلدىڭ، مەنمۇ ئاتامدىن ئايرىلدىم، تىمۇچىن دېگەن ناكەس خانۇ-ۋەيران قىلدى بىزنى، نېمىدېگەن ئەلەم! بۇ كۈنگە قالغۇچە ئۆلۈپ كەتكەن ياخشىراق ئىدىغۇ!؟

—سەن بىلەن مەن ئۆلۈمدىن قايتىمىدۇق، ئامال قانچە، ئۆلمىدۇق. ئەمدى تىرىك جاننىڭ غېمىنى قىلىش كېرەك. ئۆزۈڭنى قولۇڭغا ئال.

كۈچلۈك ئۇزاق ئولتۇردى. دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە تەلمۈرۈپ-تەلمۈرۈپ قارىدى. كېيىن يەنە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۇزاق ئولتۇردى. كېيىن يىگىتنىڭ بىرى ئۇنىڭ ئېتىنى يېتىلەپ كەلدى. توقۇقلۇق، قىلىچ-نەيزىسى، قالقان-ئوقدىنى ئىگەرنىڭ قېشىغا سەرەمجان ئېسىلغان. غانجۇغىغا باغلانغان. ئۇنى كۆرۈپ كۈچلۈك ئورنىدىن تۇردى. ئېتىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭ ماڭلىيىدىن سىلىدى. ئۇششاق قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ قېلىنى، ئۇزۇن يايلىسىنى تارىدى. ئىگىسىنى تونۇغان ئات بەئەينى يىغلىغاندەك ئاۋاز چىقاردى-دە، تۇمشۇقى بىلەن ئۇنى ئاستا نوقۇشقا باشلىدى. كۈچلۈك ئۇنىڭ كەڭ كۆكسىگە، چىرايلىق بويىنىغا، ئوتتۇرىسىغا تۇخۇم قويسا تەۋرىمەيدىغان ساغرىسىغا، يەرگە يېتەي دەپ قالغان، ئىپەكتەك چېچىلىپ تۇرغان قۇيرۇقىغا زوق بىلەن قاراۋەردى. كېيىن ئۇ ئارسلاننىڭ چەبدەسلىكىدە ئىگەرنىڭ ئالدىنقى تەرىپىدە ئېسىقلىق تۇرغان قىلىچىنى غىلابتىن سۇغۇرۇۋېلىپ دەريانىڭ ئۇ قېتىغا قارىتىپ تەڭلىدى.

—سەن تىمۇچىن ئوغرى، توختا تېخى! سەن قاراقچىغا تېتىيمەن. سېنى بوينۇڭغا تاقاق كەيگۈزۈپ قۇل قىلغان ئىدى. ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ قاراقچىلىق، بۇلاڭچىلىق يولىغا كىردىڭ. ئاتامنى ئۆلتۈردۈڭ، ئېلىمنى ۋەيران قىلدىڭ، بىراق مېنىڭدىن قۇتۇلالمايسەن. ئۆچ ئالىمەن! نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ ئۆچ ئالىمەن! يۈرىكىڭنى يۇلۇپ ئېلىپ ئىتقا تاشلاپ بېرىمەن. ئىنتىقام! نايمان، نايمان! ئىنتىقام! كۈچلۈكنىڭ ئاۋازى يەر-زېمىننى چاڭ كەلتۈردى. دورجى ۋە ئۇنىڭ قېشىدىكى يىگىتلەر «نايمان! نايمان!» دەپ ۋارقىرىشىپ قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىدى-دە، بىردەم تىمۇچىنلار تەرەپكە قاراپ دېۋەيلىسە، بىردەم قالقانلىرىغا ئۇرۇشقا باشلىدى.

—ئوتتۇن دۆۋلەڭلار! ئوت قويۇڭلار، — دېدى كۈچلۈك يىگىتلىرىگە — مىڭلىغان

نايمان قىرىلىپ بولغاندۇ، ئامان چىققانلىرى باردۇ. ئوتتۇننى مول يىغىڭلار. كۈچلۈك ئېيتقاندەك بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئۇياق-بۇياقتىن ئادەملەر كېلىشكە باشلىدى. يالغۇز-يالغۇزدىن كېلىۋاتقانلىرىمۇ، توپ-توپى بىلەن كېلىۋاتقانلىرىمۇ بار. ئارىسىدا نايمانلارمۇ بار، مەركىتلەرمۇ بار، شۇنداق قىلىپ چۈشكە يېقىن بىر نەچچە مىڭ ئادەم يىغىلدى. كۈن پېشىن بولاي دېگەندە بىر توپ نۆكىرى بىلەن كۇلتۇۋغان مەرگەن كەلدى. ئىككى شاھزادە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ سۆھبەت بىلەن ئۇزاق ئولتۇرۇشتى. بۇ ۋاقىتقىچە نايمان، مەركىتلەر توپ-توپقا بۆلۈنۈپ ھەر يەردە ئوت قالىشىپ ئولتۇردى. گۆش پىشىشقا باشلىغانىدى. ئىگىسىنى دەريا دولقۇنى يۇتۇپ كېتىپ ئۆزى ئامان قالغان ئاتلار ئەمدى كاۋابقا ئايلاندى. لېكىن ئۇ ئاتلار مىڭلىغان ئادەمگە قانچە ۋاقىت يەتسۇن؟ نايمان، مەركىتلەرگە ئەمدى يېگۈدەك مال ئىزدەشكە توغرا كەلدى. بۇ تەرەپتىكى مال بولسا باشقا دىيارنىڭ، باشقا ئەلنىڭ. قاراپ تۇرۇپ ئاچتىن ئۆلمەك يوق. قورساقنىڭ غېمىنى قىلىش كېرەك. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ نايمانلارنىڭ، مەركىتلەرنىڭ، ئۇلارغا تىمۇچىندىن قېچىپ قۇتۇلۇپ كەلگەن ۋە كۈچلۈككە قوشۇلغان تالايلار، كېرەي ۋە باشقىلارنىڭ يېگەن-ئىچكىنى ئۆزگىنىڭ بولدى. مىڭلىغان قاچاقلارنىڭ ھەرىكىتى ئەمدى «بەرسە يۇلۇڭدىن، بەرمىسە قولۇڭدىن» بولۇپ قالدى. بىر نەچچە مىڭ بولۇپ يىغىلغان قاچاقنىڭ دەريادىن كېچىپ ئۆتۈشىنىڭ ئۆزى بىمەنىلىك ئىكەنلىكىگە كۆزلىرى ئوبدان يېتەتتى. بۇ يەردە قېلىۋېرىشقىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنى كۆرۈپ تىمۇچىن ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆتۈپ كېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن قاچاقلار بۇ يەردىن ئالدىراپ غايىپ بولدى.

قارا ئېرتىش ۋادىسى، بۇ يېقى جۇڭغار ئەتراپىدىكى ئۇششاق-چۈششەك قەبىلە-ئۇلۇسلار ئۆزئارا ئاز-تولا ئاداۋەتچىلىك قىلىدۇ دېمىسە ئۇزاق يىللاردىن بېرى باسقۇنچىلىق زۇلۇمىنى كۆرمەي كېلىۋاتاتتى. شۇلار ئەمدى قاچاق نايمان، كىرەيلەرگىلا يەم بولدى. كۈچلۈك ئۇلارنىڭ ئۇنىمىغانلىرىنى كۈچ بىلەن، ئۇنىغانلىرىنى سۆز بىلەن بېقىندۇرۇپ، ئەسكىرىنىڭ سانىنى ئون مىڭدىن ئاشۇردى. بىراق بۇ تىمۇچىندىن ئىنتىقام ئالارلىق كۈچ ئەمەس. ھەرھالدا مۇشۇنچىلىك جەڭچى بىلەن ئۆپچۆرىسىدىكى خەلقلەردىن يەنە ئەسكەر يىغىشقا بولىدۇ. بىراق ئەمدى تىلغا ئالغۇدەكلىرىدىن قالغىنى ئۇيغۇرلار. كۈچلۈك ئۇلارنىڭ قارا كىدانلاردىن قۇتۇلۇپ چىقىپ ئۇچ خانلىق قورغىنىدىن خەۋەردار. شۇلار بىلەن كېلىشىپ تىمۇچىننى تارمار قىلغۇدەك، ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالغۇدەك ئەسكەر توپلاشقا نېمىشكە بولمىسۇن؟

ئەنە شۇ مەقسەت بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ يەتتەسۇ رايونىغا، ئىلى خانلىقلىرىغا، تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىغا ئەلچى ئەۋەتتى. ئەمما ئۇلاردىن كۆڭۈلگە ياققۇدەك خەۋەر كەلمىدى. ئەكسىچە بۇ ئۆلكىدىن يوقالسۇن، خەلقنى بۇلاپ-تالاپ ئارامىنى بۇزىدىغىنىنى قويسۇن دېگەن سۆزلەرنى يەتكۈزۈپ كېلىشتى ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى. ئەنە شۇ ئەلەمگە چىدىمىغان كۈچلۈك جۇڭغار ئالا تېغىدىن ئېشىپ چۈشۈپ ئۇيغۇر يېرىگە كىردى.

كولتۇۋغان مەرگەن ۋە باشقىلارنىڭ قوي دېگىنىگە ئۇنىماي، ئون مىڭ ئەسكىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي-جاي، باغ-ۋارانلىرىنى ۋەيران قىلىپ، مال-مۈلكىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئۇيغۇرلارنى كۈچى بىلەن بويسۇندۇرماقچى بولدى. بىراق

ئۆزگىگە دەپ كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشتى. كۈچلۈك ھېچ بىر كۈتمىگەن يەردىنلا پولات قالقان تۇتۇپ، پولات ساۋۇت كىيگەن يوچۇنلا بىر توپ جەڭچىلەر نايمان، مەركىتلەرگە بەئەينى بۆرە قويغا تەگكەندەك ھۇجۇم قىلدى. ئۇلارنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ كۈچلۈك بىلەن كۈلتۈۋغاننىڭ جەڭچىلىرى بارغانسېرى ئازىيىشقا باشلىدى. ئەتتىگەن باشلانغان جەڭ ناھايىتى دەھشەتلىك بولدى. كىشنەشكەن ئاتلار، ۋارقىراپ تۇۋلاشقان ئادەملەر ئۈنىدىن تاغ ئېتىكىدىكى كەڭ تۈزلەڭ زىل-زىلىگە كەلگەندەك بولدى. ئەتىگەندە قۇرۇق يەر ئەمدى پاتقاقتا ئايلىناي دېگەندى. توپا ئادەم قېنىغا ئارىلىشىپ پاتقاقتا ئايلانغانىدى. ئاتلارنىڭ تۇياقلىرى، ئېتىدىن ئايرىلىپ پىيادە قېلىپ جەڭ قىلىۋاتقانلارنىڭ پۇتلىرى قىپقىزىل قان ئارىلاشقان لاي بولۇپ كەتكەنىدى.

كۈن پېشىن بولاي دېگەندە ھەر ئىككى تەرەپ ھەددىدىن تاشقىرى ھالسىرىدى. تۈزلەڭگە ئادەم جەسەتلىرى تولغان، كۈچلۈكنىڭ ھېچ بىر دەرمانى قالمىغان، تۆمۈر ساۋۇتنىڭ نەق يۈرەك تۈۋى تېشىلىپ ئۇيەردىن قان ئېقىۋاتىدۇ. بېشىغا كىيگەن دۇبۇلغىسىمۇ يوق. ئۇيغۇر قىلىچى قېقىپ چۈشۈرگەن ئوخشايدۇ. بىراق جەڭنىڭ قىزىقىدا كۈچلۈك ھېچ نەرسىنى ئېرەن قىلمىدى. ئەتىگەندىن بېرى ئۇ تالاي ئۇيغۇرنى چېپىپ ئۆلتۈردى. كۈلتۈۋغان مەرگەنمۇ تالاي ئۇيغۇرنىڭ بېشىغا چىقتى.

بىر ۋاقىتتا قاپتالدىن قويۇندەك ئىتتىك كېلىۋاتقان 20 نەچچە ئاتلىق كۆرۈندى. دەسلەپ ئۇ ئۇيغۇرلارغا قوشۇمچە كۈچ كېلىۋاتىدۇ دەپ قورققان كۈچلۈك ئۇلارنىڭ ئەرزىمەس بىر توپ ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلى ئەمىن تاپقاندەك بولدى. ئۇ ئادەملەر بولسا قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ كەلگەن پېتى نايمان، مەركىتلەرنى بىر چەتتىن قىرىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرى كۈچلۈككە ئالاھىدە كۆرۈندى. ئۇنىڭ بېشىغا كىيگەن دۇبۇلغىسىغا، ساۋۇت قالقىنىغا قاراپ يا خانزادە ياكى خاننىڭ ئۆزى دەپ ئويلىمىدى. دېمىسىمۇ ئۇ قوچو ئىدىقۇتى بارچۇق ئىدى. سان جەھەتتىن خېلى بولسىمۇ نايمان، مەركىتلەر ئۈستۈن بولۇپ، ئۇلار باشتىنلا ئۇيغۇرلارنى ئوراپ ھېمىرىپ يوقىتىۋاتىمىز دەپ ئويلىغانىدى. بىراق، پەيدىن-پەي ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كۆپ چىقىمغا ئۇچراۋاتقانلىقى بايقىلىشقا باشلىدى. ئۇيغۇرلاردىن بىرى ئۆلسە، نايمان مەركىتلەرنىڭ ئىككى-ئۈچى ئاتتىن غۇلاپ چۈشەتتى. ئەمدى مانا مۇنۇ بىر توپى كېلىپ خېلى ۋەيرانچىلىقتا سېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنى كۆرگەن ئۇيغۇرلارمۇ روھلىنىپ يېڭىباشتىن كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولغاندەك. بۇ ئەھۋالنى سەزگەن كۈچلۈك ئالدى بىلەن ئاشۇ يېڭى كەلگەنلەرنى، خۇسۇسەن پولات دۇبۇلغا كىيگىنىنى يوقاتماقچى بولدى-دە، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى شۇلار تەرەپكە تارتتى. ئۇ ئالدىغا دۇچ كەلگەنلەرنىڭ چاپقىنىنى چېپىپ، قاققىنىنى قېقىپ، نىشانغا ئالغان ئادىمىنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەن پېتى ئۇنىڭغا قىلىچ ئۇردى. بىراق قىلىچ قىلىچقا تېگىپ قىلىچ كۈچلۈكنىڭ قولىدىن ئۇچۇپ كەتكىلى تاس قالدى. ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىم شىلتىغان قىلىچمۇ قاڭقىپ كېتىۋەردى. غەزەپكە كەلگەن كۈچلۈك بار ماھارىتىنى سىلىپ كۆردى. ئەمما ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن ھېچ بىر نەتىجە چىقمىدى. ئەكسىچە ئۇنىڭ ئۆزى بىر-ئىككى قېتىم قاتتىق زەربە يېدى. ئۇنىڭغا چىدىمىغان كۈچلۈك تېخىمۇ غەزەپلەندى، دۈشمىنى بولسا تامامەن خاتىرجەم. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈچلۈككە ئىچى ئاغرىغاندەك، بەئەينى ئۇنى بەز-

2005.1

لىگەندەك قاراپ قويىدۇ. دۇبۇلغىسىنىڭ بۆرىنى ھىمايە قىلىشقا بېكىتكەن تۆمۈرنىڭ ئىككى تەرىپىدىن كۆرۈنگەن قاپقارا كۆزلىرىمۇ كۈلۈمسىرىگەندەك، قويۇق قارا ساقال-بۇرۇتى كۈچلۈكنىڭ كۆز ئالدىغا ئىختىيارسىز توختاخۇننى ئېلىپ كەلدى.

—كىمسەن؟ - دېدى كۈچلۈك ئارىدىكى بىر دەقىقە بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ، — كىمگە قارشى قىلىچ كۆتۈرۈۋاتقىنىڭنى بىلەمسەن؟ مەن ئۇلۇغ تايانخاننىڭ ئوغلى كۈچلۈك.

—دېمەك ئۆز ئېلىڭنى تىمۇچىنغا تۇتۇپ بېرىپ، ئۆزۈڭ بىزنىڭ يۇرتقا تالاپ بولىغىلى كەپسەندە؟

—تىمۇچىننى ئەتىلا بۇ يەرگە يېتىپ كەلمەيدۇ دەپ ئويلامسەن؟ ئۇنداق ئويلىما، ئۇ ئاچكۆز بۆرە بىزنى يالماپ بولدى. ئەمدى قەستى سەنلەردە. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە قارشى قورال كۆتۈرىدىغىنىڭلارنى قويۇپ، تىمۇچىنغا قارشى تۇرايلى. بىرلىككە كېلەيلى.

—تېخى تۈنۈگۈنلا قارا كىدانلار چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ، ئەمدى تايانخاننىڭ بالىسىنىڭ تەختىنى ئېلىپ بېرىمىز دەپ قىرىلىدىكەنمىزدە. قوي ئۇنداق گېپىڭنى.

—تىمۇچىن سان-ساناقسىز ئەسكىرى بىلەن كەلسىچۇ؟ ئۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ شۇندا ئۇيغۇرلار يولۋاسقا يەم بولامدۇ؟

—ھامانەم يەم بولىدىكەنسەن، يولۋاسقا يەم بولدۇڭ نېمە؟ ساڭا ئوخشاش چىلبۆرىگە يەم بولدۇڭ نېمە؟ ھامانەم يا ئۆلۈم، ياكورۇم ئىكەن. ئەمدى مانا سېنىڭ ئۇيغۇرىيىگە ئەسكەر تارتىپ كەلگىنىڭنى قانداق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ؟ سەن بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ قىلدىڭ. ئىناق ياشاۋاتقان قوشنىلىرىمىزنى قىردىڭ. قالغىنىنى قولغا ئايلاندۇردۇڭ. ئۇنى ئاز دەپ ئۇيغۇرىيىگە بېسىپ كىرىپ ئەل-يۇرتنى خانى-ۋەيران قىلىشقا باشلىدىڭ. «كىمسەن؟» دېدىڭغۇ. مەن ئىدىقۇت-بارچۇق. كەينىمدىن ئەسكىرىم كېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جېنىڭنىڭ بارىدا قالغان-قاتقان ئادەمىڭنى ئېلىپ كۆزۈمدىن يوقال!

—خان ئوغلى كۈچلۈككە قانداق پاراڭ قىلىۋاتىسەن؟

—سەن كۈچلۈك ئەمەس، كۈچۈك! بىزنىڭ ئاتاقلىق ساياھەتچىمىز، ئالىمىمىز توختاخۇننى زومىگەرلىك بىلەن ئوردادا تۇتقانمۇ سەن، بىلىمەن سېنى.

—بۇ گېپىڭ خاتا بولدى. ئاتام ئۇنىڭغا تولۇق ئەركىنلىك بەرگەن. بىزدە ئۆز ئەركى بىلەن قالدى. بىزگە ئۇستازلىق قىلدى. ماڭا ئۇيغۇرچە خەت تونۇتتى. ئۇيغۇر تىلىنى ماڭا ئۆگەتكەنمۇ شۇ. ئۇمۇ تىمۇچىننىڭ قولىدا ئۆلدى. شۇنىڭ خاتىرىسىگە بولسىمۇ مېنىڭ سۆزۈمگە كىر.

—بولمايدىغان ئىشنى قىلما دېدىمغۇ ساڭا!

—ھە شۇنداق دە، - كۈچلۈك قىلىچىنى ۋالىلداتقان پېتى بارچۇققا ھۇجۇم قىلدى. بىراق بۇ قېتىم ئۇنىڭ قىلىچى بارچۇققا يېقىن كەلمەي قولىدىن چىقىپ كەتتى. ئەمدى بارچۇق قىلىچ كۆتۈرگىچە، دورجى ئىككى-ئۈچ نۆكىرى بىلەن كۈچلۈكنى ھىمايە قىلىپ بارچۇقتىن يىراق ئېلىپ ماڭدى.

شۇ ئارىدا جەڭمۇ كەسكىن ئۆزگىرىپ نايمان، مەركىتلەر ئالدى-كەينىگە قارىماي چېكىنىشكە باشلىدى.

—قاپتالدىن بارچۇقنىڭ ئەسكەرلىرى كۆرۈنگەنىدى.

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: **توختى بارات**
تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق**

# Contents

## The research on Turpanology


- *The formation Turpan basin ........................... Yolwas Rašidin ( 1 )*
- *The Custom of leaping over the fire in the wedding ceremony of Turpan Uighurs ... ........................................ Ahmat Imin Alnazar ( 10 )*
- *The Commercial activities of the Qocho Uighurs Kingdom .................... ........................................ ( Germany ) Peter Zieme ( 15 )*


## Researches on Ancient Scripts


- *legal documents of Uighur people .......... Mollawotov, R . Sulaymanov ( 25 )*
- *Classifications and contentual features of uighur legal docments ................ ........................................ Ashrap Abdulla ķ udzat ( 30 )*
- *Tthe study of the drama ( Maitriy simit ) which was written in Uighur scriptp ...... ........................................ Akpar hoja ahmat haji ( 40 )*
- *The role of uighur scripts in the history of Uighur civilization .................. ........................................ Habibulla hoja lamjini ( 47 )*


## Researches on Archaeology and Cultural Relics


- *Fruit industry of the ancient Turpan ..................... Ablim ķ eyum ( 58 )*
- *Rearrangement of the number two Cave in Tuyuq thousand budhist Caves .... ( 66 )*
- *Remarks on the painting of Adam and Eva which is excavated in Turpan ... ( 73 )*
- *The relation ship between Archaeology and history graphy ...................... ........................................ Hasanjan jumahun ( 77 )*


## Researches on Qoco culture


- *Cliff paintings in Tuqsun ............................ Šazada aršidin ( 82 )*
- *Cliff paintings in Hotan ........................ Mämät Tursun sidiķ ( 86 )*
- *Cloth currency — the cotton cloth currency used by Qocho Uighur .............. ........................................ Adil muhämmät turan ( 89 )*
- *Remarks on " Taypunäm" ........................ Qadir Ghupur ( 92 )*


## Historical persons


- *Famous Turcologist james Hamilton. ............. Arkin Iminniyaz Qutluq ( 95 )*
- *Tatatonga. ........................... M. Kebirov , M. Bakiyov ( 98 )*


***on the Cover*** I · VI

- *Silk Painting about Fuxi and Nuwa ( legendary figures )*

*Manichean letter in the Sogdian language*

- *As a remians of the period between 9th – 10th century, it is 268cm long and 26cm hing, which is found at line 134, in the Sogdian text writen in ink, with a coloured, illustrated picture in the middle as well as a line of golden caption, it is the letter written by Shafuluyar. zadagu, amissionary of manichaeisim to Marl. Arruyaman. pufuer, a bishop in the oriental diocese.*

Xinjiang Turpan Research Socicty and Cultural Eelic Bureuu Turpan xinjiang



تۇرپان ۋىلايەتلىك موزېيدا ساقلىنىۋاتقان كەركىدان تاشقاتمىسىنىڭ
ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن مودېلى



قېزىپ چىقىرىش



باش سۆڭەكىنىڭ تاشقاتمىسى



ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن كەركىدان ئەۋرىشكىسى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق



ئىچكى ماتېرىيال ، ھەقسىز ئالماشتۇرۇلىدۇ

# 吐鲁番学研究

# تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى


主办单位：新疆吐鲁番学学会　吐鲁番地区文物局

编辑：《吐鲁番学研究》编辑部

地址：乌鲁木齐市延安路119号（伊斯兰教经文学院）3号楼2单元502房

邮政编码：830000　电话：0991-2566833

印刷单位：新疆有色金属工业印刷厂

印刷日期：2005年8月

新疆内部资料（刊形）准印证：00153

باشقۇرغۇچى ئورۇن : شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ، ش ئۇ ئا ر تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى

نەشر قىلغۇچى : «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ئۇيغۇر تەھرىراتى

ئادرېسى : ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 119 - نومۇر «ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى قورۇسى» 3 - بىنا 2 - ئىشىك 502 - ئۆي

پوچتا نومۇرى : 830000　TEL : 0991-2566833

باسقۇچى ئورۇن : شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى باسما زاۋۇتى

بېسىلغان ۋاقتى : 2005 - يىلى 8 - ئاي

ش ئۇ ئا ر ئىچكى ماتېرىيال (مەجمۇئە) لارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى 00153 - نومۇر